TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

# 新疆社科论坛

2011 2

www.uyghurkitap.com

# تۆھپىكار ئاپتورلىرىمىز



تۇرسۇن قۇربان تۇركەش 1965 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كەلپىن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ، ئانا مەكتىپىدە قالغان. ئۇ ھازىر ئانا مەكتىپىنىڭ فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ 1997 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلىغىچە ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان. 2004 ـ يىلى دوتسېنت بولغان، 2005 ـ يىلدىن 2008 ـ يىلىغىچە مىرزا ئۇلۇغبەگ نامىدىكى ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەخسۇس ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى بويىچە تۈنجى قېتىم «كاتىبات يېزىقچىلىقى»، «ئەمەلىي يېزىقچىلىق»، «مۇناسىۋەت قائىدە ـ يوسۇنلىرى» ۋە «ئارخىپ باشقۇرۇش ئىلمى» قاتارلىق يېڭى دەرسلەرنى ئۆتۈپ، كېيىن بۇلارنىڭ شىنجاڭ بويىچە كەسپلىشىشىگە ۋە ئومۇملىشىشىغا ئاساس سالغان. ئاشۇ ئوقۇتۇش يىللىرىنىڭ مەنىۋى ھاسىلاتى بولغان «ئەمەلىي يېزىقچىلىق ماھارىتى» ناملىق كىتابى ئون يىلدىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلماقتا. ئۇ « يېزىقچىلىق»، «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» دەرسلىرىنىمۇ ئىزچىل ئۆتۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «يېزىقچىلىق» دەرسلىكى 2005 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان. ئۇ ھازىرغىچە ئىككى دۆلەت دەرىجىلىك، بىر ئۆلكە دەرىجىلىك تەتقىقات تۈرىنىڭ ئەزا تەتقىقاتچىسى بولغان. ئىلمىي ژۇرناللاردا (ئىلمىي قىممەتكە ئىگە 40 پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. بۇلاردىن «قۇربانلىق ئادەتلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالە «مىراس» دا ئېلان قىلىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. «شەرق مەدەنىيەت ئۇيغىنىشىنىڭ ئىككى بوشۇكى ـ باغداد بىلەن كوردوۋا» ماۋزۇلۇق ماقالىسى مەزكۇر مەجمۇئەنىڭ شۇ يىللىق ئەڭ ياخشى ئىلمىي ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇرلاردا فامىلە مەسىلىسى ۋە فامىلە قىلىشقا بولىدىغان سۆزلەرنىڭ دائىرىسى»، «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى بويىچە چەرچەن، كېرىيە كىشى ئىسىملىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» قاتارلىق ماقالىلىرى جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر قوزغىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ «ئۇيغۇر فامىلە تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلە قوللانمىسى» نى ئىشلەشكە قاتناشقان. ئۇيغۇرلاردا فامىلە ۋە نەسەبنامە ماۋزۇسىنى بىرىنچى قېتىم ئۆزى تۈزگەن كىتابلارغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا تەتقىقاتچىنىڭ ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياقلىغان «زەلىلىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي مىراسى ـ مەنبەلىرى، مەتنىي تەتقىقاتى» ناملىق دوكتورلۇق دىسېرتاتسىيەسى ئۇنىڭ ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك ئەدەبىياتشۇناسلىقىغا قوشقان مۇناسىپ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزبېكىستاننىڭ «جاھان ئەدەبىياتى»، «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى»، «تەپەككۇر»، «گۈلىستان»، «شەرقشۇناسلىق» ۋە «فىلولوگىيە مەسىلىلىرى» قاتارلىق دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرناللىرىدا ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئىلمىي جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. ئىزدەنگۈچىنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 3 ـ ۋە 9 ـ سانلىرىدىكى «نەۋايىنىڭ نەسەب دەرىخى»، «دۇنيادا نەۋايىشۇناسلىقنىڭ تارىخى تەسۋىرى» ناملىق ماقالىلىرى، بولۇپمۇ «تارىم» نىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «تاغ بار يەردە چوققا بار» ناملىق ئەدەبىي خاتىرىسى جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. نۇرغۇن تەرجىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ ژۇرنىلىمىزدا نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. ئۇ «شەرق رىۋايەتلىرىدە ئەلىشىر نەۋايى» ناملىق ئەسىرىنى كىتابخانلارغا سۇنماقچى بولىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ئۇتۇق ۋە بەرىكەت تىلەيمىز.

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2011 ـ يىل 2 ـ سان
ئومۇمىي 111 ـ سان

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

2011 ـ يىللىق 2 ـ سان (ئومۇمىي 111 ـ سان)

باش مۇھەررىر: بەختىيار سايىتوف مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

## بۇ ساندا

### سىياسىي نەزەرىيە

ھازىرقى زامان رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر........................................ تۇرغۇن نەمەت (5)
تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........................................ ئابدۇۋەلى مامۇت (8)

### مەدەنىيەت ـ مائارىپ

ئات مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ دولان چالغۇلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ... يۈسۈپجان مۇھەممەت تۇغيان، ئامانگۈل ياسىن (10)
كۇچا خەلق ناخشىلىرى ــ قىممەتلىك بايلىق ........................................ ئەخمەت مۇھەممەت (16)

### كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ كىلاسسىك مۇزىكا

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەققىدە» دىن خاسىيەتلىك ئۇچۇر .......... ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات(21)
ئالپ ئەرتۇڭانىڭ شەخسىيىتى ۋە «ئالپ ئەرتۇڭا» داستانى توغرىسىدا .................... تۇرسۇن قۇربان تۇركەش (24)

### پەلسەپىۋى تەپەككۇر

ئۈگلۈكچە بىلىشنىڭ سۈپەت دەرىجىلىرى ........................................ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى (29)

## تارىخ ـ ئارخېئولوگىيە

مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى ...................... لىۇ شياڭخۇي، چېن ۋۇگو (59)
ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق جۇغراپىيونى، ئېنسىكلوپېدىست ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى ..... ئارسلان مامۇت (86)

## تىل ـ يېزىق، ئاخبارات ـ نەشرىيات

ئۆزلۈكىمىزدىن سۆزلىگەن ئۆزگىچە ئەسەرلەر ........................................ ئابابەكرى ئاتىخان بۇتام (90)
قەرەللىك ژۇرنال توغرىسىدا ............................................................. ئوسمانجان مۇھەممەت (96)

## قامۇسچاق

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دىۋان ھادىسىسى ........................... ئابدۇغېنى مۇھەممەت (100)
قۇتپۇللا خوجام ۋە ئۇنىڭ مازىرى ........................................ مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق (105)
ئوخشىتىش سەنئىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك ........................................ پاتىگۇل نىزاق (107)
يۇرەكنى گۆرۈگە قويۇش ............................................................ شاگشەن روشۇي (112)

※ ※ ※

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ئوسمانجان مۇھەممەت

※ ※ ※

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇكېرىم رەھمان بۇچى، ئازاد رەھمتۇللاھ سۇلتان، ئابدۇقادىر جالالىدىن، ئابدۇغوپۇر ئىسمائىل،
ئابدۇراخمان ئەبەي، بەختىيار سايىتوف، رازاق تۆمۈر، مجىت ئابدۇرۇسۇل، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن،
ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى، يۇسۇپجان ئەخمىدى

بەت ياسىغۇچى: روشەنگۇل ھوشۇر

uyghurkitap.com

《新疆社科论坛》
(维吾尔文版)
新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊
2011年第2期
总第111期

编　委

A.R.布其　A.苏里坦
A.司马依　A.贾拉力丁
B.沙依托夫　A.艾拜
M.阿不都如苏力　R.铁木尔
O.祖浓　S.西里铺
Y.艾合买德

主　编
巴赫提亚·沙依托夫

副主编
斯拉木江·西里甫

本期责任编辑
吾斯曼江·木合麦提

## 政 治 理 论

现代领导者应具备的基本素质 …… 吐鲁洪·乃麦提(5)
浅析调研工作 …… 阿布杜外力·马木提(8)

## 文 化 教 育

多浪乐器中的马文化 …… 玉素甫江·木合麦提，阿曼古丽·亚森(10)
库车民歌是珍贵的精神宝库 …… 艾合麦提·木合麦提(16)

## 古典文学　古典音乐

浅谈法拉比“人生的情操”一书 …… 艾西热普·阿布杜拉(21)
论阿里普阿尔通阿的身份及其史诗《阿里普阿尔通阿》 …… 吐尔孙·库尔班(24)

## 哲理思考

自知论 …… 斯拉木江·射里甫(29)

## 历史考古

麦斯武德错误抉择误一生 …… 刘向晖，陈伍国(59)
我国中世纪伟大地理学家及探险旅行家麻赫穆德·喀什葛里 …… 阿尔斯朗·马木提(86)

## 语言文字　新闻出版

漫谈经典之作 …… 阿巴拜克里·阿提汗(90)
浅谈期刊技术问题 …… 吾斯曼江·木合麦提(96)

## 小白科

浅谈维吾尔古典文学中的迪旺诗现象 …… 阿不地海尼·买买提(100)
库提普拉和卓及其坟墓 …… 木合麦提依明·库尔班(105)
比喻艺术与民族特点 …… 帕提古丽·尼扎克(107)
当“心”的当铺 …… 上善若水(112)

# ھازىرقى زامان رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەتلەر

تۇرغۇن نەمەت

ھازىرقى زاماندىكى رەھبەرلىك قىلغۇچىلاردا ئىش ئورنى خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە ماس كېلىدىغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان ياخشى سۈپەت بولۇشى لازىم. شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى ۋە ھالقىما تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا رەھبەرلىك قىلغۇچىلارنىڭ رولى ئىنتايىن زور. شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئىدىيەدە داۋاملىق ئازاد بولۇپ، كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىشتە، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى باشتىن - ئاخىر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ياخشىلاشنى باشتىن - ئاخىر بارلىق خىزمەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى قىلغاندىلا ؛ مۇقىملىقنى ساقلاشنى باشتىن - ئاخىر تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئالدىنقى شەرتى قىلغاندىلا؛ مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسىنى كەمكۇتسىز ئىجرا قىلغاندىلا؛ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت، تەدبىرگە ئايلاندۇرغاندىلا؛ تەرەققىياتقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەمەلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ زور كۆلەم، يۇقىرى سەۋىيەدە تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار ئۆزلىرىدە مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك سۈپەتنى ھازىرلىشى شەرت .

### 1. سىياسىي - ئىدىيەۋى سۈپەت

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش - قىلالماسلىق جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بىلەن باشقا جەمئىيەت، باشقا سىنىپ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلىرىنىڭ بىرى. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشى لازىم. ئۆز ئالدىغا خىيالىغا كەلگەننى قىلىش، خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتىش قاتارلىقلارغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار ئامما بىلەن زىچ ئالاقىلىشىشى، ئامما ئويلىغاننى ئويلىشى، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىرىشى ، خەلق ئاممىسى بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇشى كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئاددىي ئەمگەكچى قىياپىتىدە ئاممىغا باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك. ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا، ئالاھىدە بولۇۋېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش كېرەك . ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بۇ ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ يادروسى، ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ ئاساسى. ئىدىيەدە ئازاد بولۇش ماركسىزمنىڭ جان تومۇرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ جەۋھىرى. ئىدىيەدە ئازاد بولۇش ئىلمىي ھالقىشنىڭ مۇقەررەر يولى. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئۇزاق ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىر قاتار مۇھىم سىياسەت ، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنى ئومۇمىيۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، كەڭ ئېچىۋېتىش، زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشنى تېپىلغۇسىز ياخشى تارىخىي پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ ، جەزمەن پەرقنى توغرا تېپىش كېرەك. پەرقنى كۆرمەسلىك — ئەڭ چوڭ مەسىلە، كەمىرىزنى ھېس قىلماسلىق ئەڭ چوڭ خەۋپ . تارىخىي، ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن باشقا يەنە تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە بىزگە يېتىشىۋالغان ھەم بىزدىن ئېشىپ كەتكەن، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىدىيەۋى قاراش جەھەتتىكى زور پەرق بىزنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب بولدى. تەدبىر بەلگىلىگەندە مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، نەتىجە ئالدىدا مەغرۇرلىنىش، ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىش، قىيىنچىلىق ئالدىدا باشقىلارغا قاراپ تۇرۇش، تايىنىۋېلىش، تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت تايىنىش ئىدىيەسى ياكى كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرىلىش خاھىشىنى يېڭىش، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە پايدىلىق شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ ، تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئەمەلىي نەتىجە ئارقىلىق مۆلچەرلەش، ئاززاق ئىلگىرىلەشنىڭ ئۆزى ئارقىدا قالغانلىق، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئاستا بولۇشىنىڭ ئۆزى خاتالىق دەيدىغان خەۋپ

ئېڭى ۋە تەرەققىيات ئېڭىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان كونا قائىدە - يوسۇنلار ۋە ئىدىيەۋى قاراشلارغا خاتىمە بېرىپ، ئازراق بېيىسىلا شۈكۈر - قانائەت قىلىش، «ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش» دېيىش، قۇرۇق سەپسەتە سېتىش ، چەتتە قاراپ تۇرۇشنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىش، ھۇرۇن بولماسلىق ، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، يېڭىلىق يارىتىش، ئويلىغاننى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش قارىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيەمىزدە ھەقىقىي يىلتىز تارتالايدۇ.

رەھبىرىي كادىرلار يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، دادىل ئىلگىرىلەيدىغان سۈپەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك . يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ ، قاراشنى ئۆزگەرتىشكە ماھىر بولۇشى كېرەك . ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي،ئىجتىمائىي تەرەققىياتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا، شىنجاڭنى غەربىي رايوندىكى كۈچلۈك ئاپتونوم رايون، مەملىكەت بويىچە ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ مۇھىم تايانچى قىلىپ قۇرۇش باسقۇچىغا ، شىنجاڭدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ تەرەققىياتقا ئىنتىلىش، بېيىشنى كۆزلەش، مۇقىملىقنى ئويلاش، ئىناقلىققا تەلپۈنۈش ئارزۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئىشقا ئاشۇرىدىغان يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە تەرەققىياتتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشنى تالىشىش ئېڭى بىلەن يېتىشىۋېلىش ۋە ئېشىپ كېتىش ئېڭى كۈچلۈك بولمىسا ، ھازىرقى ھالەتكە قانائەت قىلسا ، سۈرئەتنى ھېس قىلغىلى بولمىسا، رىقابەتنى ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. بىر ئىزدا توختاپ قالسا، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىشقا ماھىر بولمىسا، تەرەققىياتتا يىراققا نەزەر تاشلىمىسا، ئېچىۋېتىشتە تەشەببۇسكار بولمىسا ، ئېچىۋېتىش قىزغىنلىقى ۋە سەۋىيەسى يۇقىرى بولمايدۇ. ھەممە ئىشنى ئۆز خاھىشى بويىچە قىلسا، كونا ئادەت كۈچلۈك بولسا، كونا ئەنئەنە، كونا ئۇسۇلدىن مېھرىنى ئۈزەلمىسە، دادىل يېڭىلىق يارىتالمىسا، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بولمىسا ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۆزىنى كەمسىتسە، خېيىم - خەتەردىن قورقسا، ئىشەنچ بولمىسا، قورقۇنچاق بولسا ، تەدبىرلىك بولمىسا، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەل قارىسا ، خىزمەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە سىياسەت بەلگىلەشتە سەۋەنلىك كۆرۈلمەستىن ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە سەۋەنلىك كۆرۈلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىق خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇش كېرەك، كەڭ نەزەر ۋە ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، مەملىكەت ئىچى سىرتىدىكى يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش، يېڭى ئالاھىدىلىكنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپ، ئىلمىي تەرەققىياتنى ئاساسىي تېما، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ساقلاش داۋامىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەشۋىق قىلىپ ھەل قىلىش، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن قىيىن ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىپ، خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك .

رەھبىرىي كادىرلار قانۇن - ئىنتىزام، قائىدە - تۈزۈملەرگە ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بويسۇنۇشى ، ئۇنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك. چۈنكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەربىر جۈملە سۆزىنىڭ تەسىر كۈچى ھەر قانداق ئادەمنىڭكىدىن چوڭ بولىدۇ، رەھبىرىي كادىرلار ئادەتتىكى ئادەملەردىن بەكرەك باشقىلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. كىشىلەر رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پايدا - زىيان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر تەبىئىيلا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىنى كۆتۈپ تۇرىدۇ . چوڭراق ئىشلارنى ئەلۋەتتە بالدۇرراق كۆرۈۋالىدۇ، كىچىك ئىشلارمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىنمايدۇ ، بىر قىسىم كىشىلەر رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۇششاق - چۈشەك ئىشلىرىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئاممىنىڭ رەھبىرىي كادىرلارغا قويىدىغان تەلىپى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قويىدىغان تەلەپتىن يۇقىرى بولىدۇ ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە رەھبىرىي كادىرلار باشقىلارغا قارىغاندا دانا بولۇشى لازىم .

## 2. ئەخلاق سۈپىتى

ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ، ھەممە ئىشتا خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەش كېرەك . بۇ خىسلەت رەھبىرىي كادىرلاردىن چوقۇم پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى، جاپادا ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇرۇشنى، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىكنى، پاك، دىيانەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. رەھبىرىي كادىرلار ئەمەلىيەت جەريانىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش، ھەممە ئىشتا خەلق تۇرمۇشنى ئەلا بىلىپ،

خەلق ئاممىسىغا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزۈشتەك ئالىيجاناب
روھنى جارى قىلدۇرالىسىلا، ئاما ئارىسىدا ياخشى ئوبراز
تىكلىيەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىقتىسادنى مۇ-
قىم، تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىق ،
مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىدىگە يېتەلەيدۇ .

باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ها-
زىرقى زامان رەھبىرىي كادىرلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك
گۈزەل ئەخلاق ۋە گۈزەل قەلب. ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ
قاراشنى ئۆزگەرتىپ، كونا ئادەتلەرنى يېڭىپ، يۇقىرىغا
ئۆرلەيدىغان، مىننەتدار بولغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان
ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە
ھەمكارلىشىپ ، يۇرت ـ ماكاننى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ
قۇرىدىغان روھىي قىياپەتكە ئىگە بولغاندىلا، رەھبىرىي
كادىرلار كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدۇ، ئۆزى بىلەن
ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكىلەر بىلەن بىرلىكتە خىزمەت
قىلالايدۇ ، ئاما بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك مۇنا-
سىۋەتنى ساقلىيالايدۇ .

راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كېرەك. راستچىل ،
ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئەمەلىي ھەرىكەتتە نامايان قىلىنى-
دىغان بىر خىل ئىستىل شۇنداقلا بارلىق خىزمەتتە نامايان
قىلىنىدىغان، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ئىلمىي روھ، كوم-
پارتىيە ئەزالىرى باشتىن ـ ئاخىر قەتئىي چىڭ تۇرىدىغان
سىياسىي خىسلەت. ئىدىيەدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئە-
مەلىيەتتىن ئىزدەش ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشنىڭ
مۇقەررەر تەلىپى. راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولغاندىلا
مەركەزنىڭ تەدبىر ، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئە-
مەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگىلى،ئەمەلىي تەدبىر چى-
قارغىلى ، ئەمەلىي ئىش قىلغىلى، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئې-
رىشكىلى، ئەمەلىيەت داۋامىدا خىزمەت تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇ-
سۇلىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ .
راستچىل، ئەمەلىيەتچىل ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويى-
دىغان رەھبەرلىك ئىستىلى ۋە خىزمەت ئىستىلىنى زور
كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغاندىلا ، ئاممىغا تەسىر كۆر-
سەتكىلى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغىلى بولىدۇ . چۈن-
كى، ئادەت بىر خىل تۇپراق ۋە مۇھىتتۇر. ياخشى ئادەت
كىشىلەرنىڭ كۈرەش ئىرادىسى ۋە روھىغا نىسبەتەن زور
رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كا-
دىرلارنىڭ ياخشى خىزمەت ئىستىلى ئىجتىمائىي ئادەتكە
نىسبەتەن ئۈلگىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ ، بۇ
شىنجاڭدا ئۇزاق ئەمىنلىك ۋە ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا
ئاشۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدۇ .

**3. پەن ـ مەدەنىيەت سۈپىتى**

رەھبىرىي كادىرلار ئادەتتىكى كەسپىي تېخنىكا خادىم-
لىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت ۋە كەسپىي سۈپەت
جەھەتتە مەلۇم مەدەنىيەت، پەن بىلىملىرى ئاساسىغا ۋە
ئۆز ساھەسىنىڭ مەخسۇس كەسپىگە پىششىق بولۇپ قال-
ماستىن، بىرقەدەر كەڭ بىلىم دائىرىسىگە ئىگە بولۇپ ،
كەڭ بىلىم ۋە مەخسۇس بىلىمنى بىرلەشتۈرۈشى لازىم.
شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تۈرلۈك يېڭى ئۆچۈرلارنى قوبۇل
قىلىپ، ئۆزى مەسئۇل بولغان خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ياخ-
شىلىيالايدۇ ۋە ئۆستۈرەلەيدۇ .

رەھبىرىي كادىرلار بىرقەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋ-
يەسىگە ئىگە بولۇپ مەلۇم دەرىجىدىكى مەدەنىيەت ، پەن
بىلىملىرى ئاساسىنى ھازىرلىشى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا
ھازىرقى زامان يېڭى پەن ـ تېخنىكىسىنى ، باشقۇرۇش
بىلىملىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆگىنىشى لازىم .

ئۆز كەسپىگە پىشقان بولۇشى كېرەك . ھەر قانداق سا-
ھەدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق ساھەدە
ئالاھىدە كەسپىي خىزمىتى بولىدۇ ، رەھبىرىي كادىرلار
مۇشۇ مەخسۇس كەسپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا
ئېھتىياجلىق بولغان تۈرلۈك مەخسۇس بىلىملەرنى ۋە باش-
قۇرۇش بىلىملىرىنى پىششىق بىلىپ ، كەسپىي باشقۇر-
غۇچىلاردىن بولۇشى كېرەك .

**4. ساغلام بەدەن سۈپىتى**

ساغلام بەدەن ، تولۇپ ـ تاشقان زېھنىي كۈچ بولۇپ ،
ئۇ بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىش-
لىيەلىشىدىكى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەھبىرىي كا-
دىرلارنىڭ بەدەن سۈپىتى ئاساسلىقى ، بەدىنىنىڭ ساغلام
بولۇش-بولماسلىقى ، زېھنىي كۈچىنىڭ تولۇق ياكى تولۇق
ئەمەسلىكى ، تەپەككۇرىنىڭ ئۆتكۈر ياكى ئۆتكۈر ئەمەسلى-
كى ، ئەستە قالدۇرۇشىنىڭ ياخشى ياكى ياخشى ئەمەسلى-
كىنى كۆرسىتىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئومۇمىي گەۋ-
دىسىدىن ئېيتقاندا ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ياش قۇرۇلمىسىنى-
مۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، رەھبىرىي كادىرلار گەۋدىسىنىڭ
ياش قۇرۇلمىسى ياشانغانلار ، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلار-
دىن مۇۋاپىق نىسبەتكە ئىگە بولغان ئومۇمىي گەۋدىنى
تەشكىل قىلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ، راۋاجلىنىپ
تۇرىدىغان ھەرىكەتلىك ھالەت تەڭپۇڭلۇقىدا تۇرۇشى لازىم.
مۇشۇنداق ياش قۇرۇلمىسى بولغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ
پسىخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقلىي كۈچ سەۋىيەسى
بويىچە ئۇلارنىڭ رولىنى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك جا-
رى قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

---

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىدە

تەھرىرلىگۈچى: مەرۋەپجان مەمتىمىن

www.uyghurkitap.com

# تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئابدۇۋەلى مامۇت

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر جەريان، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە، ئالدى بىلەن چوڭقۇر، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يۇقىرىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى شۇ جاي ياكى ئورۇننىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش، كونكرېت، جانلىق ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسى. شۇڭا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كىتاب دېيىش مۇبالىغە بولمىسا كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈرلۈك ئىشلارنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنىڭ ھەر بىر قەدەم باسقۇچ ۋە ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرى، رايىنى ئىگىلەش، بىر جاي ياكى بىر ئورۇننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەش ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەۋىيەنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر جەريانى. تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەڭ ئەمەلىي، ئەڭ تېز، ئەڭ ياخشى چارە. نۇرغۇن كىشىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەۋى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدۇ، رەھبەرلىك ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، شۇ جاي ياكى ئورۇننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مەسىلىگە قاتنىچكى كۆپ يولۇققان كىشى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا شۇنچە ماھىر بولىدۇ ، مول تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ ، خىزمەت ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرەلەيدۇ .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ناھايىتى جاپالىق ئەمگەك . ئۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىدىن ئالاھىدە ماھارەت ، قابىلىيەت ، سەۋرچانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۆگىنىش جەريانى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىنىڭ سەۋىيەسى، قابىلىيىتى، ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش جەريانى. ئۆگىنىشكە سەل قارىغان، ئازراق بىلىمگىلا قانائەتلىنىپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ سۆز ئاساسى بولمايدۇ، سۆزى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ ، بىر ئورۇن ياكى رايوندا قانداق مەسىلىنىڭ بارلىقىنى بايقىيالمايدۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن سۆز ئاچالمايدۇ. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئايرىم كىشىلەرنى سەۋىيەسى يۇقىرى، خىزمەت تەجرىبىسى مول، ئىقتىدارى كۈچلۈك، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تەدبىرلىرى جانلىق دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇنداق تەرىپلىنىدىغان شۇ كىشىلەر تۇغۇلۇپلا ئىقتىدارلىق بولۇپ قالمايدۇ، ئۇلار بىر تەرەپتىن نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىدۇ، تەكرار تەتقىق قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتىن تەكرار ئۆتكۈزىدۇ، تەكرار ئانالىز قىلىدۇ. ئۆگىنىش، خىزمەت جەريانىدا شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، بەزى كىشىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ، بىر ئورۇن ياكى بىر رايوندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغۇچە مەلۇم بىر ئىشقا ئالدىراپ بىر نېمە دېمەيدۇ. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۆزى بايقىغان مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، شۇ مەسىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ، ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە بىر تەرەپتىن قاتتىق ئويلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەسىلىنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىگىچە ئەھۋال ئىگىلەشكە ماھىر بولىدۇ. بۇلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەش جەريانىدىكى پىكىرلىرىمۇ ئۇچۇق، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، قايىل قىلارلىق بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەر ۋاقىت تېخىمۇ كۆپ «ساپ ھاۋا يېيىش»، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش ۋە ئەمەلىيەتتە ئاممىدىن ئۆگىنىش جەريانى. ئەمەلىيەتكە چۆكمىگەن ۋە ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قالغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تەپەككۇرسىز، تەدبىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. پەقەت ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆككەندىلا ئاندىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. يەنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى كان - كارخانىلار، زاۋۇت، سېخلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاز - تولا «مايغا مىلەنگەن» دە، يېزا - سەھرالارغا بېرىپ ئاز - تولا «چاڭ توزان» يېگەندە ئاندىن بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولالايدۇ . ئامما ئەمەلىي تەجرىبىگە ئەڭ باي. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۆزى قىزىقىدىغان تېما ياكى مەسىلىنى چۆرىدەپ كۆرۈش، ئاڭلاش، سوراش، بىۋاسىتە ھېس قىلىش قاتارلىق جەر-

سىياسىي نەزەرىيە

يانلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئېيىنەن، ھەقىقىي پاكىتقا ئېرىشەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ جەريان ئاممىدىن ئۆگىنىش، ئاممىنىڭ ئەقىل پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش جەريانى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى چارە ـ تەدبىرلىرىنى تاپىدىغان بىر جەريان.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان جەريان. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانى ئاڭلاش، كۆرۈش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ، بەلكى بۇ يەنە ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تەلىپى بويىچە كۆرۈش، ئاڭلاش، ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئەھۋالنى ئىگىلىگىلى، چۈشىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. مۇستەقىل ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغىلى، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولغىلى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا يەنە ئۆزىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرگىلى، ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى دەلىللىگىلى، ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۆچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان جەريان. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىي قاتلامغا بىر قېتىملا چۈشۈپ قويۇش، دوكلات ئاڭلاپ قويۇش، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىدىغان ئىش ئەمەس. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىدا چوقۇم ئەستايىدىل پوزىتسىيە ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى، نىشان، پىلان بولۇشى كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىدا ھادىسە ئارقىلىق ماھىيەتنى چۈشىنىش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا، تەھلىل يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولۇپ، توغرا ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئالدىن كۆزىتىش، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى بولۇشى، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تەكلىپ ۋە تەۋسىيە بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك .

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىغان كىشىنىڭ پىكىر قىلىش ھوقۇقى بولمايدۇ . تەدبىر بەلگىلەش ئىقتىدارى تېخىمۇ بولمايدۇ . تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتىن ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنىڭ تەلىپى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەقىقىي ماھىر بولۇشقا تىرىشىش كېرەك .

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار بىرلەشمىسىدە

تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپجان مەتمىن

(بىشى 58 ـ بەتتە)

⑤ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 2004 ـ يىللىق ئالاھىدە تولۇقلىمى 103 ~ 104 ـ بەتلەر.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب 106 ـ بەت.

⑦ يۇسۇپ ھۈسەيىن: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىلى 5 ـ سان 43 ـ بەت.

⑧ ئەفلاكى: ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت: «جالالىدىن رۇمى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل 8 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى 40 ـ بەت.

⑨ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىل 4 ـ سان 7 ـ بەت.

⑩ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىل 4 ـ سان 5 ـ، 6 ـ بەت.

⑪ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىل 4 ـ سان 5 ~6 ـ بەت.

⑫ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2004 ـ يىل 4 ـ سان 9 ـ بەت.

⑬ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىل 4 ـ سان 13 ~14 ـ بەت.

⑭ مەجىد پەخرو: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2003 ـ يىل 4 ـ سان 15 ~16 ـ بەت.

⑮ ⑯ جالالىدىن رۇمى: «ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 88 ـ بەت.

⑰ جالالىدىن رۇمى: «ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 89 ~90 ـ بەت.

⑱ جالالىدىن رۇمى: «ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 95 ~96 ـ بەتلەر.

⑲ جالالىدىن رۇمى: «ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 95 ~96 ـ بەتلەر.

⑳ يۇقىرىقى كىتاب 97 ـ بەت.

㉑ جالالىدىن رۇمى: «ئىچىدىكى ئىچىدىدۇر»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 92 ـ بەتلەر.

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدە

تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات

www.uyghurkitap.com

# ئات مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ دۇلان چالغۇلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

يۈسۈپجان مۇھەممەت تۇغيان، ئامانگۈل ياسىن

قەدىمكى زامانلاردا غەربىي دىيار (قۇرىغار) نىڭ دائىرىسى ھازىرقىدىن كۆپ چوڭ ئىدى،پەقەت غەربىي شىمال چېگراسىنى ئېلىپ ئېيتساق، بالقاش كۆلىگىچە بېرىپ يېتەتتى. تۇران تۈزلەڭلىكى بىلەن تۇتاش بولغان غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيەلىك تۈزۈلۈشى چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ھازىرلىغانىدى. بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئاھالە بولغان تۇرانلار چارۋىچىلىقنى ئەڭ دەسلەپتە ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى كۆندۈرۈپ بېقىشتىن باشلىغانىدى، ئۇلارنىڭ ئاتنى كۆندۈرۈشى ياكى ئات مىنىشنى ئۆگىنىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى غايەت زور ئىختىرا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دەۋرىدىكى قەدىمىنى تېزلىككە، تۇرمۇشىنى مول مەزمۇنغا، ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.گەي شىنلىن ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي يايلاق رايونىدىكى قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر ۋە بەزى يازما ھەم ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشىنى 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە دەپ قارايدۇ.① ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى گېرتسىيەدە 4000 يىللىق، مىسىردا 3600 يىللىق، ياۋروپادا 2700 يىللىق تارىخقا ئىگە بولغانلىقىغا قارىغاندا ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ شىمالى (ئاساسەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى) دۇنيا ئاتچىلىقىنىڭ بۆشۈكى ھېسابلىنىپ، شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېلىمىز جۇڭگو 5000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمكى ئات باققۇچى مەملىكەت ھېسابلىنىدۇ.② ياپونىيە ئالىمى چىيەنداۋ شىنسى مۇنداق دەيدۇ: «...مىلادىدىن بۇرۇنقى 10 مىڭ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە باشلانغان ئات مىنىش تېخنىكىسى دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ بۆلۈنۈشىگە زور ئۆزگىرىش ۋە ئىلگىرىلەش كەلتۈرگەن».③ «ئاتنىڭ كۆندۈرۈلگەن دەۋرى ئەمەلىيەتتە ئات مەدەنىيىتىنىڭ رەسمىي باشلانغان دەۋرى بولۇپ، بۇ خىل مەدەنىيەت ماكان جەھەتتىن ئات كۆندۈرۈلگەن ۋە ئاتنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن. بۈيۈك بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسىدىمۇ ئات تۇنجى قېتىم مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا كۆندۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلغان» دېيىلگەن.④ «ئەگەر دۇنيا يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئېچىپ ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، شەرقتە چوڭ ـ كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە قارا دېڭىز ساھىللىرىغىچە، شىمالدا يىنسەي ۋە سىبىرىيە داللىرىدىن جەنۇبتا قۇرۇم تاغلىرىغىچە بولغان چەكسىز ئۇزاق بەلباغنى كۆرىمىز. مانا مۇشۇ بىپايان ۋادىدا ئوچۇق دېڭىزلارنىڭ نەم ئېقىمى يېتىپ كېلەلمەيدىغان ، دەريالىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان، ئادەملىرى پايانسىز چۆل، ئېگىز تاغ ۋە سېخىي يايلاقلار ئارىلىقىدا مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان يىراقتىكى ئۇپۇق سىزىقىنى بويلاپ ياشايدىغان سىرلىق زېمىندا ـــ ئىنسانىيەت ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق بىر قىسمى يارىتىلدى. مانا مۇشۇنداق ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى قۇرۇقلۇقتا رەھىمسىز تەبىئەتنىڭ رىيازەتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ جەسۇر ئادەملەر ئاتتىن ئىبارەت جەڭگىۋار ھايۋاننى كۆندۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مىنىش تېخنىكىسىنى ياراتتى. ئاتنىڭ كۆندۈرۈلۈشى ۋە جەڭدە ئىشلىتىلىشى ئىنسانىيەتنى يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئۆزىنىڭ ئۇچقۇر ئاتلىرى شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى. ئات يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات ـــ قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئىراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئات تۇياقلىرىنىڭ شىددەتلىك دۈپۈرلەشلىرى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى ۋە ئىجادىيەت سېزىمىنى قاناتلاندۇردى».⑤

ئات ناھايىتى سەزگۈر، ئەقىللىق، ۋاپادار ھايۋانلارنىڭ بىرى. ئات ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆندۈرۈلگەندىن كېيىن تۇرمۇشتا قاتناش قورالى بولۇشتىن باشقا يەنە چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. مىلادىيەدىن تەخمىنەن 3500 ـ 3000 يىللار بۇرۇن ئاۋۋال چاق، ئاندىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ھارۋا (قاڭقا) پەيدا بولغاندىن كېيىن بۇ ھارۋىلارغا ئاتنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئاتنىڭ تۇرمۇشتىكى رولى تېخىمۇ زورايدى. ياپونىيە ئالىمى جياڭشاڭ بوفۇ: «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخمىنەن 3000 يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.» ⑥ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، تەتقىقاتچىلار مۇئەييەنلەشتۈرگەندەك ئات مەدەنىيىتى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىدى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇ-

رىدا ئات قەھرىمانلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. ئات شامانىست ئۇيغۇرلارنىڭ نەزەرىدە تەڭرىگە تىلەكنى ئەڭ تېز يەتكۈزگۈچى ئەلچى دەپ قارىلىپ چوقۇنۇش دەرىجىسىگىچە يېتىنىلاشتى. ئەينى دەۋر رېئاللىقىدا ئاتسىز جەڭلەردە غەلىبە قىلغىلى بولمايتتى، ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. «ئەل ئاتنىڭ يەنە بىر ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن ،ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن. ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.»⑦ قەدىمكى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىلا ئاتنى ئۇلۇغلاش تۇيپەيلى تەڭرىقۇت ياكى سەركەردىلەر ئۆلسە ئۇلارنىڭ مىنىدىغان ئېتىنىمۇ ھەمدەپنە قىلىش ئادىتى بولغانىدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر قەبرىستانلىقلىرىدا ئاتنىڭ باش سۆڭىكىنى مەڭگۈتاش ئورنىدا بېكىتىپ قويۇش ئادىتى يېقىنغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى. قەدىمكى دەۋرلەردە يەنە ئاتنى مۇقىم پۇل بىرلىكى ئورنىدا ئىشلەتكەنىدى. ئاتنى ئۇرۇش، خارلاشنى ئېغىر گۇناھ دەپ قارىغانىدى ھەمدە ئاتنىڭ يۈگۈرۈكلىكى، چەبدەسلىكى،كۈچتۈڭگۈرلىكى ۋە باتۇرلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ئالاھىدە چوقۇنغانىدى. ئاتنى ئۇلۇغلاپ مۇنچاق ئېسىپ، يامان روھلاردىن قوغدىغانىدى.

«يېڭى گۆش بىلەن سۈتنى ئىستېمال قىلغاچقا، بالىلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان ئارديانلارنىڭ ...» ⑧ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولمىش تۈركلەرنىڭ مېڭىسىنىڭ نىسبەتەن بالدۇرراق يېتىلىشى بىلەن ئېستېتىك زوقلىنىش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ھەۋىسىمۇ بالدۇرراق ئويغانغاچقا، بۇ قەدەر ئۇلۇغلانغان ئاتتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ھايۋاننىڭ ئۇلارنىڭ سەنئەت ۋە گۈزەللىك كۆز قاراشلىرىدا، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا چۈشۈرۈلگەن گۈل ـ كەشتە نۇسقىلىرىدا ئەكس ئەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: قەدىمكى خوتەن خانلىقىغا دائىر پۇللارنىڭ تولىسىغا دېگۈدەك ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەنىدى. قىيا تاش سىزمىلىرىدىمۇ ئاتنىڭ ئوبرازى كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. 1930 ـ يىلى ئا. ستەيىن قەدىمكى كىروران قەبرىگاھىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان بىر پارچە توقۇلمىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇ چاپچىپ تۇرغان ئات كەشتىلەنگەن يۇڭ توقۇلما ئىدى. نىيىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىيە 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت نەقىشلەنگەن رەڭلىك ئۇستەل پۇتلىرىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ئات تۇيىقى شەكلىدە...ياسالغانىدى. ⑨ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىمۇ دىڭلىڭلارغا مەنسۇپ تاشتىق قورغىنىنى قازغاندا ئات، بۇغا، قوي ۋە كېيىك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى تاپقان، تاشتىق مەدەنىيەت دەۋرى ئادەتتە مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ 3 ـ ئەسىرلەر دەپ قارىلىدۇ. ⑩ جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەرىپىدىن 1955 ـ ،1957 ـ يىللىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ ھازىرقى شىئەن شەھىرى ئەتراپىدىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت شاڭلىڭفەن دېگەن جايدىن 140 ـ نومۇرلۇق ئالاھىدە بىر قەبرە تېپىلغان بولۇپ، بۇ قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ئۆلۈك بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر ئىچىدىن ئىككى پارچە تۆت چاسا مىس تاختاي چىققان. مىس تاختايغا ئىككى ئادەم، ئىككى ئاتنىڭ سۈرەتلىرى نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن.

ئات يۇڭ توقۇلمىلار، كىگىز ـ گىلەم، كەشتە نۇسقىلىرى، ئورۇندۇق ـ ئۈستەللەر، بۇت ـ ھەيكەللەر، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە نامايان بولۇپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق ئالاھىدە ئوبرازى بىلەن شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر دولانلىرىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىغىمۇ بارا ـ بارا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق خۇسۇسىيىتىنى توختاۋسىز رەۋىشتە نامايان قىلىپ تۇرغانىدى. مەسىلەن: دولان مەشرەپلىرىدە ئىپتىدائىي ئۇسۇللارنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە ئويلىنىپ كېلىۋاتقان «ئاغماق (ئارغىماق) ئۇسۇلى» نىڭ تارىخىنىمۇ خېلى ئۇزاقلاردىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ياخشى كۆرگەن، چوقۇنغان ئوبرازلارنىڭ قانچە كۆپ نامايان بولۇپ، كۆزگە چېلىقىپ تۇرۇشى ياخشىلىقتىن، بەخت ـ قۇتتىن بېشارەت بېرىدۇ دەپ قارىلىدىغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋىسىگە ماس ھالدا ، ئات ئوبرازى ئاساسلىق دولان چالغۇلىرى بولغان غىجەك ۋە دولان راۋابىدىمۇ (دولان مۇقاملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان چالغۇلار قالۇن، دولان قىل غىرجىكى، دولان راۋابى، دولان نەغمە دېپى ۋە تاش، قوشۇقلارغا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەزى تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا داپنى قۇياش ئېتىقادىچىلىقى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. قالۇننىڭ پەيدا بولغان ۋاقتىمۇ مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا دۆلەتلەرگە تارقالغانلىقى ئىسپاتلانغان⑪. بۇ ماقالىدىكى مۇھاكىمىمىز ئاساسلىقى، دولان راۋابى بىلەن دولان قىل غىرجىكى ھەققىدە بولغاچقا، باشقىلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز) ئۆزىنى نامايان قىلدى.

مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئۇزاق سوزۇلغان غار ـ جىلغا مەدەنىيەت دەۋرىدىن كېيىن يايلاق مەدەنىيىتى ۋە بوستان مەدەنىيىتى دەۋرلىرىگە قەدەم قويىدى. ئات مەدەنىيىتى

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ بايقال كۆلىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە، يەنسەي ۋادىلىرىدىن ئامۇ ساھىلىغىچە ئەركىن پەرۋاز قىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بەردى. ئۇلار ئۆزلىرىنى شاھ ـ ئىمپېراتورلار پۇقرالىرى دەپ ئەمەس، تەبىئەت تەڭرىنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئىي مۇھىتى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرىكەتچان تۈزۈلمىسى ئىپتىدائىي، مۇقىمسىز ۋە بەدىۋى ھالەتتە بولسىمۇ، ئۇلارغا قۇلچىلىق، بېكىنمىلىك، رايىشلىق روھىغا زىت بولغان ئەركىن ـ ئازادىلىك ئىنتىلىشلەر ۋە ئادەتلىرىنى بەخش ئەتتى، ئىنسان سۇبيېكتىغا، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەشكە بىرقەدەر بالدۇر قەدەم باستى.» «جۇ قائىدە ـ يوسۇنلىرى»، «چى قەبرىگاھىنىڭ يىلنامە خاتىرىسى»، دېگەن كىتابلاردا (مىلادىدىن 21 ئەسىر ئىلگىرى) تى لۇ ئىسىملىك كىشىنىڭ (بەزى مەنبەلەردە مەنسەپىنىڭ) تۆت تەرەپ خەلقىنىڭ مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلغانلىقى، 24 ـ جىلدىدىكى تىلغا ئائىت قىسمىدا غەربىي دىياردا «جۇلى» ناملىق مۇزىكا ـ ئۇسسۇلنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان». «جىن نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، قاتارلىق مەنبەلەردە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 119 ـ يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم غەربىي دىيارغا ساياھەت قىلغاندا «ماخا دولى» (ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە ماھادۇر دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ) نەغمىسىنى چاڭئەنگە ئېلىپ قايتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان»[12] كونا تاڭنامە.مۇزىكا تەزكىرىسى» دە شىمالىي دىغار. تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئات ئۈستى چالغۇلىرىنىڭ —— كاناي ۋە دۇمباق خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئوركېستىرىغا قوبۇل قىلىنغان، دەپ قەيت قىلىندى.

يۇقىرىقىلاردىن دەسلەپكى قەدەمدە شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئات ئۈستىدە ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئېتىپ نىشانغا دەل تەگكۈزۈپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى ھەيران قالدۇرغان مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ يۈكسەكلىككە، تەڭرى دەرگاھى دەپ قارىلىدىغان كۆپكۆك ساماغا ئوخچۇپ تۇرىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاۋازلارغا ، جۈملىدىن ئاتنىڭ رىتىملىق قەدەم تىۋشلىرى ۋە پۇشقۇرۇشلىرىغا تەقلىدىي ھالدا ئىجاد قىلغان ئىپتىدائىي كۈي ـ قوشاقلىرىنى بىپايان دەشت ـ چۆللەردە دەستىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ئاتنىڭ بېشى كىرىشتۈرۈلگەن قوشۇقسىمان دولان راۋابى، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تارا ۋە كامالچە قىلىش ئارقىلىق ياسىغان «غىجەك (ئەسلىي غىرداپ چېلىنىدىغان ساز مەنىسىدىكى غىرجەك)» قاتارلىق چالغۇلىرىنى تەڭكەش قىلىپ بەزمە ـ مەشرەپلەردە چېلىپ، تېخى مۇزىكا ئۇقۇمى تۈزۈك شەكىللەنمىگەن شەرق تېرىمچىلىرى ۋە باشقا مىللەتلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى، بۇ مۇزىكىلارنىڭ جاڭ چيەن ۋە باشقىلار ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئاپىرىلىپ خەن ئوردىلىرىدا چېلىنغان، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك سېزىمى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى نىسبەتەن بالدۇر شەكىللەنگەنىدى، بۇ تەبىئەتتىكى ھەر شەيئى ۋە جانلىقلارغا ئۆز بەدىنىنىڭ بىر پارچىسىدەك سەمىمىي، دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان تۇرانلارنىڭ مۇقەررەر سەنئەت پاتېنتى ھەمدە ئات ئوبرازىنىڭ قەدىمكى چالغۇلاردا تەقلىدىي ۋە ئىجادىي يوسۇندا نامايان بولۇشى ئىدى.

دولان راۋابىدا ئات ئوبرازى. دولان راۋابى دولان چالغۇلىرى ئىچىدىكى تارىخى نىسبەتەن ئۇزۇن ھەم ئاساسلىق چالغۇلارنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرگە كۆرە ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ھالىتى رېزونانسلىق ئاۋاز ساندۇقى شەكلىدە بولۇپ، ئاددىي، پەدىسىز ھالەتتە ئۈجمە ۋە باشقا ياغاچلاردىن ياسالغان، ئىككى تال تارىسى بولغان، يۈزىگە ئات ياكى قوي، ئېشەك تېرىلىرى كېرىلگەن.[13] بارا ـ بارا ئۈچ بۇرجەكلىك شەكىللىك، قوي ئۈچەيدىن قىلىنغان ئىككى تال، پولات سىمدىن بىر تال جەمئىي ئۈچ تال تارلىق ھالەتتىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۈستۈنكى ئۈچ قىسمى ئۆزىراپ، ئېللىپس شەكىلگە، دەستىسىگە يەنى ئاتنىڭ بوينىغا (تارىلىرى ئاتنىڭ يايلىغا ئوخشىتىلغان)، سىمدىن قىلىنغان (مېنىڭچە، سىمدىن قىلىنغان تارىغا قاراپلا دولان راۋابىنى يېقىنقى دەۋرنىڭ مەھسۇلى دەۋېلىش تازا توغرا بولمىسا كېرەك. چۈنكى ئاپتونوم رايونىمىزدا تېپىلغان بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىن مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈردىن تۈرلۈك قورال ـ سايمانلارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىگە 4885 يىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم تارىخىي پاكىت [14] چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ سىم تارلىرىنىڭ قاچان بارلىققا كەلگەنلىكى توغرىلىق بىزنى تېخىمۇ سالماق ۋە چوڭقۇر پىكىر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.) تارىلىرى بېكىتىلگەن، قۇلاق ئورنىتىلغان ئەڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئاتنىڭ كاللىسىغا تەقلىد قىلىنغان دولان راۋابى بارلىققا كەلگەن. «دولان راۋابىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى تارىم دەرياسى، يەكەن دەرياسى بويلىرىدىكى بوستانلىقلاردا ياشىغان دولان قەبىلىلىرىنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ مىلادىيە IV ئەسىردىن خېلى بۇرۇنلا كەڭرى قوللىنىلغانلىقى تارىختا خاتىرىلەنگەن[15]. خوتەندە تېپىلغان ناھايىتى ئىپتىدائىي، چوڭ ياغاچ قوشۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۈستىدە يۈزلىكى بولمىغان (بەلكىم چىرىپ تۈگىگەن بولۇشى مۇمكىن) قويچى راۋابى تېپىلغان بولۇپ، بۇ بەرباپنىڭ دەسلەپكى يەرلىك شەكىللىرىدىن بولۇشى مۇمكىن-

دى. دولان رايونلىرىدىن ئاۋات، مارالبېشى ۋە مەكىتتە ئىشلىتىلىۋاتقان دولان راۋابلىرىنىڭ ھازىرقى شەكلىنى سېلىشتۇرۇپ باقساقمۇ دەستىسىنىڭ باش قىسمىدا ئاتنىڭ باش شەكلىنى قارايلا بىلەلەيمىز. ئاۋات ۋە مارالبېشىدىكى دولان راۋابىنىڭ شەكلى ئوخشاش بولۇپ، ئات بېشى شەكلىدىكى ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تارسىنى يۆگەپ قويۇشقا ئىشلىتىدىغان ئۈچ تال قولاقنىڭ ئولڭ تەرەپتىكىسى ئات كاللىسى شەكلىدىكى دەستىنىڭ كۆز ئورنىدىكى ئۈستۈنكى تۆشۈكنىڭ (سول تەرەپكە ئىككى تال قولاق ئورنىتىلغان بولۇپ، يان تەرەپتىن قارىغاندا، ئاتنىڭ كۆزى ۋە جاۋغىيى ئورنىدىكى تۆشۈككە ئوخشاپ كېتىدۇ) سەل ئۈستىگىرەك ئورنىتىلغان، قارىماققىمۇ ئاتنىڭ قۇلىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئاتنىڭ بۇرۇن قىسمى تىكرەك قىلىپ چىقىرىلغان. مەكىتتىكى دولان راۋابىنىڭ دەستىسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئاتنىڭ باش شەكلىگە تېخىمۇ يېقىنراق ئوخشىتىپ ياسالغان.كۆز،قولاق ۋە ئېغىزى ئېنىق دېگۈدەك ئويۇپ چىقىرىلغان. تارسىنى يۆگەپ قويۇشقا ئىشلىتىدىغان قولاقلىرى (14 تال) ئاۋات ۋە مارالبېشىدا ئىشلىتىلىدىغان دولان راۋابىنىڭ قولاقلىرىدەك سەل قوپاللراق ياسالماستىن،ئاتقوچىنىڭ توقمىقى شەكلىدە ئىنچىكە قىرىپ ياسالغان.

دولان قىل غىرجىكىدىكى ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلى. دولان قىل غىرجىكى جىگدە دەرىخى ۋە يۇلغۇن ھورىكىدىن، بۇرۇنلاردا بولسا باراڭغا چۈشكەن كېچىكرەك ۋە شەكلى چىرايلىق (ئۆلچەملىك) قاپاقتىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئىچىنى تەكشى ئويۇپ، قاپاق قېلىنلىقىدا قالدۇرۇلغاندىن كېيىن 70 ـ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قۇببە شەكىللىك كۆپ خەرەكلىك تومراق دەستە بېكىتىلىدۇ. ئاستى تەرەپتە غىرجەكنىڭ بېشىدىن يوتىسىغا دەسسىتىپ چېلىش ئۈچۈن چىقىرىپ قويۇلغان 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چىمچىلاق بارماق چوڭلۇقتىكى تىرىگوچى تۆمۈرى بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرە كېرىلىدىغان داپ يۈزى غىرجەك بېشىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 10 ـ 14 سانتىمېتىرغىچە قىلىنىدۇ، غىرجەك بېشى بىلەن قىل تۆشۈكى (قولاق) ئارىلىقى 40 ـ 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. كامالچىسى 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. غىرجەككە تارا ئورنىدا تارتىلىدىغان قىل بىلەن كامالچە قىلىنىڭ تولىقى پەرقلىنىدۇ. غىرجەككە ئات قۇيرۇقىدىن 40 ـ 45 تالنى بىرلەشتۈرۈپ بىر تال قىلىپ سالىدۇ. كامانچىگە ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن 55 ـ 60 تالغىچە قىل ئىشلىتىلىدۇ. كامانچە قىلىنىڭ غىرجەككە سېلىنىدىغان قىلىدىن توم بولۇشى تېخنىكىلىق جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، غىرجەك ئاۋازىنىڭ توۋلىنىۋاتقان مۇقام ئاۋازىغا تەڭكەش ھالەتتە ئوبدان چىقىشىغا ناھايىتى ماسلاشقان بولىدۇ.

بەزى تەتقىقاتچىلار غىرجەك ئاۋۋال ئىراندا پەيدا بولۇپ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئاندىن سەمەرقەنت، بۇخارا ئارقىلىق قەشقەرگە كىرگەن دەپ قارايدۇ⑯. ئەمما دولان مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بىر ئۆمۈر بېغىشلاپ، يېرىم ئەسىرگە يېقىن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان نوپۇزلۇق تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى غىرجەكنىڭ پەيدا بولۇش ۋاقتىنى چارۋىچىلىق دەۋرى، بولۇپمۇ ئات ئۈستى مەدەنىيىتى دەۋرىگە باغلاپ، مەركىزىي ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەتنى مىسالغا ئالىدۇ: تۇنجى ئىنسان ئادەم ئاتا لايدىن يارىتىلغاندىن كېيىن جانىنى ھەر قانچە قىلسىمۇ، جان تېنىنىڭ ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى كۆرۈپ ئىچىگە كىرگىلى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر تېنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ غىرجەك چېلىپتۇ. غىرجەكنىڭ مۇڭىدىن جان بىھوش بولۇپ، تېنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا جان ئېسىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا تازا بىر قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە تۇرغان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇياقتا يۈگۈرۈپ، بۇياقتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر كىچىككىنە يورۇقلۇقنى كۆرۈپتۇ ۋە شۇ يەرگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇ ئەسلىدە ئادەمنىڭ بۇرۇن تۆشۈكى ئىكەن، جان بۇ تۆشۈكتە ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنىۋاتقىنىدا، بۇرۇننىڭ شېرىن بىر قىچىشىشى، ئادەم ئاتا قاتتىق بىر چۈشكۈرۈشى بىلەن تەڭ تەندىن «ئەلھەمدۇلىللاھ شۈكرى» دېگەن ئاۋاز كېلىپ، ئادەم ئاتا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ⑰. بۇ بىر رىۋايەت بولسىمۇ، غىرجەكنىڭ بەزىلەر ئېيتقاندەك، مىلادى 14 ـ ئەسىردە كاشغەرگە كىرگەن دېگەن قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئاساس بولالايدۇ. تارىخنامىلەرنى ئاقتۇرساقمۇ «سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غىرجەكنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى بولغان قاپاق غىرجىكىنىڭ بارلىقى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن» ⑱ بولسا، «سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن ياسالغان كامالچىلىق غىرجەك توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلىپ، «بۇ ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان تۈرك خەلقىنىڭ چالغۇسى» دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇ پاكىتلار ئۇيغۇر قەدىمكى غىرجىكىنىڭ مىلادىيەنىڭ VI ئەسىردىلا كەڭرى ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ⑲. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىشلىتىلىۋاتقان خىلمۇخىل، چوڭ ـ كىچىك غىرجەكلەرنىڭ ھەممىسى بۇ غىرجەكتىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

دولان قىل غىرجىكىدە ئاساسلىق ئىككى تال تارىسى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇن نەچچە تال ئەكس سادا تارىلىرى بولۇپ، كامالچە بىلەن سىيرىپ چېلىنىدۇ، سول قولدا پەدە بېسىلىپ، ئوڭ قولدا كامالچە سىيرىش ئۇسۇلى بىلەن چېلىنىدۇ، ئاۋازى گۈزەل ۋە مۇڭلۇق چىقىدۇ. ئات قىلىدىن تارا قىلىنىپ يەنە ئات قىلىدىن قىلىنغان كامالچە ئارقىلىق سۈركەپ (غىرداپ) چېلىنىدىغان بۇ سازنى ئىنچىكە كۆزەتكىنىمىزدە كامالچىنىڭ ئوقيانىڭ ياسىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. يادىن ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن يانىڭ ھايۋانلارنىڭ تېرە ـ پەيلىرىدىن قىلىنغان كىرىچى (يىپى) قاتتىق تەۋرىنىپ، بىر خىل تىترىگەن بوغۇق، ئەجەش ئاۋاز چىقىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن كەشپىياتلارنىڭ تەقلىد قىلىش، ئۆلگە ئېلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىنى چەتكە قاقمىغىنىمىزدا ئات ئۇستىدە كېتىۋېتىپ، ياۋغا ياكى ئوۋغا قارىتا ئېتىلغان ئوقيا ئوقىدا تىترەپ ئاۋاز چىقارغان يانىڭ غىرجەكنىڭ كامالچىسىنىڭ ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا غىرجەكنىڭ پەيدا بولۇشىنى مول تەسەۋۋۇر بىلەن تەمىن ئەتكەنلىكىنى جەزىم قىلالايمىز. يانىڭ تىترىگەن بوغۇق ئاۋازى بەخش ئەتكەن شاھانە ئىلھام ۋە مول بەدىئىي تەسەۋۋۇر شۇ چاغدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە تۇتېم دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن يۈكسەك ھايۋان ئاتنىڭ قىلىدىن ياغا ئوخشاش ئېگىلگەن تاياققا بېكىتىلگەن يەنە بىر كامالچە (بۇ يەردە غىرجەكنىڭ دەسلەپكى شەكلى مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقاچقا بۇ ئىپتىدائىي سازنىڭ ياغا سۈركىلىدىغان يەنە بىر قىسمىنى كامالچە دەپ پەرەز قىلىپ تۇرىمىز) نى ياغا سۈركەپ باققان ئەقىللىق ۋە ئىجادكار ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاۋازنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، بۇ ئىپتىدائىي سازنىڭ قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرسە ئاتنىڭ تاراقلىغان تۇياق ئاۋازىغا قارىغاندا تېخىمۇ رىتىملىق ۋە مۇڭلۇق چىقىدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغان ۋە شۇ بويىچە ئۆرۈنۈپ كۆرۈش، تالايلاپ سىناق قىلىش ئارقىلىق غىرجەكنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقساق ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كەتكەن بولمايمىز. شۇنداق دەپ قارىغىنىمىز توغرا بولسا، غىرجەكنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنى ئوقيانىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنىڭ كەينىگىلا تىزىشقا ھەقلىقمىز.

قالۇندىكى ئات ئوبرازى. قالۇن دولان مۇقاملىرىغا خاس چالغۇ بولۇپ، ئۇ چەكمە چالغۇلار تۈرىگە كىرىدۇ. قالۇن ئۈژمە ياغىچىدىن ئالدى تار، كەينى كەڭ، سول تەرىپى ئەگرى، ئوڭ تەرىپى تۈز قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن جاھازىغا ياكى تۈز يەرگە ياتقۇزۇلۇپ، ئوڭ قولنىڭ باش، كۆرسەتكۈچ ۋە ئوتتۇرا بارماقلىرى بىلەن تارىسىنى ئېلىپ، سول قولدا گوشتاب (تارا باسقۇچ) ئارقىلىق تارىسىنى بېسىش ۋە سىيرىش ئارقىلىق چېلىنىدۇ. قالۇننىڭ ئاۋازى يېقىملىق ۋە تېپىلما ئاھاڭلارغا باي. قالۇننى كۆرۈپ باققانلارغا مەلۇمكى، قالۇننىڭ كەڭ بولغان كەينى تەرىپىنى يەر يۈزىگە تىكلەپ ئۆرە قويغاندا قالۇننىڭ توغرا كەسمە يۈزىنىڭ ئات كاللىسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مەكىت، مارالبېشىدا چېلىنىدىغان قالۇنغا قارىغاندا، ئاۋات ناھىيەسىدە چېلىنىدىغان قالۇننىڭ ئاستى تەرىپى ئۇزۇنراق بولۇپ، قالۇن يۈزىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۆت تال مونەكچىنىڭ جايلىشىش ئورنىدىن قارىغاندىمۇ ئاتنىڭ كۆز، بۇرۇن تۆشۈكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. قالۇننىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى، شۇ چاغدا تارىسىنىڭ نېمىدە ياسالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ماتېرىياللارغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئەقىللىق، ئىجادكار ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇزىكا سېزىمى ۋە ئېستېتىك تەلىپىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەڭ ئاددىي بولغان دەسلەپكى شەكلىنىڭ قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىلىشى ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل، يۈكسەك شەيئى ــ ئات ئوبرازىنىڭ قالۇننىڭ مەلۇم تەرەققىيات باسقۇچىغا كەلگەندە، قالۇن شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، قالۇننىڭ بۈگۈنكىدەك يايلى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان (قالۇننىڭ تارىلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان ئات يايلىغا ئوخشاپ قالىدۇ) ئات بېشى ھالىتىگە كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇر ئېپوسلىرىدا «كۆك يالىلىق بۆرە» گە ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن ۋە ئىلاھلاشتۇرۇلغان ئات ئوبرازى ئومۇمەن ياخشىلىق ۋە بەختنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئەنە شۇ قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە ئاتنى بۆرىگە ئوخشاش تۇتېم سۈپىتىدە چوقۇنۇش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ چېۋەر قولى بىلەن شەكىل يارىتىش سەنئىتى (رەسساملىق، كەشتىچىلىك، گىلەم، كىگىز، رەختلەرگە گۈل بېسىش) دىكى مۇھىم سىمۋول قاتارىدا تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا ئات ئوبرازىنى ھەر خىل شەكىلدە نامايان قىلىپ تۇرغان. يەنە بىر جەھەتتىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 ـ 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە قەبرىلەردىن ئات، بۇغا، قوي ۋە كېيىك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنىڭ تېپىلىشىمۇ، بۇ ھايۋانلارنىڭ بولۇپمۇ شۇ دەۋرلەردە ئات ھەيكىلىنىڭ ياسىلىشىنىڭ ئالىقاچان ئاتقا تەقلىد قىلىنغان بۇيۇملارنىڭ (مەسىلەن: ئاتنىڭ بېشىنى ئۆلگە قىلغان ھالدا دولان راۋابىنىڭ، ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىنى ئىشلىتىپ دولان قىل غىرجىكىنىڭ) ياسىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. دولان چالغۇلىرىدىن دولان راۋابى ۋە دولان

قىل غىرجەكى مىلادى VI ئەسىردىن بۇرۇن (ياكى ئۇنىڭدىنمۇ خېلى بۇرۇن) لا دولان دىيارىدىكى قەيسەر ۋە ئىجادكار دولان قەۋمىنىڭ چىۋەر قوللىرىدا بارلىققا كېلىپ، پايانسىز قۇملۇق ئوراپ تۇرغان قۇرغاق بوستانلىقلاردا تىنىماي ياڭراپ ئۇلارنىڭ قايغۇ - شاتلىقلىرىغا شاھىد بولۇپ بىر قىسىم خاتا قاراشلارنىڭ ئەكسىچە (دولانلار موڭغۇللارنىڭ ئەۋلادى دېگەندەك.بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش لازىمكى،ئۇلۇق دەرياغا بىر پەس سىم - سىم يامغۇر يېغىپ قويغىنىغا دەريا سۈيى يامغۇر سۈيىگە ئايلىنىپ كەتمەي،ئەكسىچە بۇ ئېقىن يەنىلا دەريا سۈيى سۈپىتىدە، دەريا سۈيى تەمىدە چاڭقاق دىللارنى قاندۇرۇپ ئۆز يولىدا شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋېرىدۇ)، مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ «ئات ئۈستى مەدەنىيىتى» گە تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز پىسخىكىسى، ئارزۇ - ئارمانلىرى، ياشاش مۇھىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىگە ماس ھالدا ئات ئوبرازىغا تولۇق ياكى قىسمەن ۋارىسلىق قىلىش ئارقىسىدا ئىجاد قىلىنغان ئاساسلىق چالغۇلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىننىڭ قارىشى بويىچە ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ قەدىمكى گەۋدىلىرىدىن بىرى بولغان قۇمۇل مۇقامى بىلەن يىلتىزداش دەپ قارىلىۋاتقان دولان مۇقاملىرىنىمۇ ئوخشاشلا ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دېگەن قىياسنى يۈرەكلىك چىقىرالىساق⑳، دولان قىل غىرجەكى ۋە دولان راۋابىنىڭ يازما تارىخىي مەنبەلەرگە پۈتۈلمىشتىنمۇ سەل بۇرۇنراق بارلىققا كېلىپ، دولان مۇقاملىرىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىنىش داۋامىدا بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تولۇقلاپ، بارغانچە مۇكەممەللىشىپ، ئات ئوبرازىدىن ئىلھاملىنىپ، يەنە شۇ ئات ئۈستىدە ئەسىرلەردىن بېرى دولان دىيارىدا تاۋلىنىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى شۈبھىلەنمەي دەللىيەلەيمىز . يۈكسەك ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئۇيغۇر قەۋمىنىڭ ئەۋلادلىرى سۈپىتىدە ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي جۆيلۈيدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ «دولانلىقلار موڭغۇللار ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەۋلادى، شالغۇتلاشقان قەۋم » دېگەن سەپسەتىلىرىنىڭ خاتالىقىنى تولۇق ئىسپاتلىغان ھالدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى مەدەنىيەتلىرىنىمۇ تولۇق ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن دولان قەۋمى ئۆز ئەقىل- پاراستى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپ كەلگەن.

---

## ئىزاھلار:

① گېي شەنلىن: «چوغاي (يىڭشەن) تاغلىرى قىيا تاش رەسىملىرى، بېيجىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1988 - يىلى نەشرى 357 - بەت

② مەخسۇت ھېيت: «ئىنسان ۋە ئات »، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1990 - يىلى 10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

③ چىيەنداۋ شىنىي (ياپونىيە) «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 26 - بەت

④ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، خەنزۇچە نەشرى، 736 - بەت

⑤ ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىمانغا دۈملەنگەن روھ»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 2000 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى

⑥ ئەسەت سۇلايمان: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىيالېكتىكىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1999 - يىلى، 2 -، 3 - سان

⑦ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى

⑧ ف ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» ، «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1952 - يىلى نەشرى، 38 -، 274 - بەتلەر

⑨ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى5 - ئاي نەشرى نەشرى، 441 - بەت

⑩ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى5 - ئاي نەشرى 438 - بەت

⑪ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى

⑫ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 22 - بەت

⑬ ۋەن تۇڭشۇ: «ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخى»، 26 - ،54 - بەتلەر

⑭ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 - يىلى5 - ئاي نەشرى177 - بەت

⑮ تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 - يىلى5 - ئاي نەشرى، 80 - بەت

⑯ مەملىكەتلىك سەنئەت پەنلىرى بويىچە «9-بەش يىللىق» پىلاندىكى تەتقىقات تېمىسىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى: «دولان مۇقامى ئۈستىدە ئېكولوگىيەلىك ۋە فورماتسىيەلىك تەتقىقات»، مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتوتى، 2004 - يىلى 11 - ئاي نەشرى 123 - بەت

⑰ «ئاۋات تارىخىي ماتېرىياللىرى» (جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئاۋات ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ تۈزۈپ باستۇرۇشىدىكى ئىچكى ماتېرىيال، 2004 - يىل 4 - ئاي)، «ئاۋات دولان تارىخىدىكى نامايەندىلەر» مۇھەممەد ئوسمان ئەمرى، 143 - بەت

⑱ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1992 - يىل -ئاي نەشرى، 90 - بەت

⑲ تۇرسۇنجان لېتىپ: «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى5 - ئاي نەشرى، 143 - بەت

⑳ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،1997 - يىلى 4 - ئاي نەشرى، 276 -،307 - بەتلەر

---

ئاپتورلار: يۈسۈپجان مۇھەممەت تۇغيان — ئاۋات ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە؛ ئامانگۈل ياسىن — شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2008 - يىللىق ئاسپىرانتى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

# كۇچا خەلق ناخشىلىرى — قىممەتلىك بايلىق

ئەخمەت مۇھەممەت

رادىيو، تېلېۋىزور ۋە ئۈن - سىن لېنتىلىرى، VCD، DVD پىلاستىنكىلىرى ئارقىلىق رىسالەت ھاپىز، رابىيە مۇھەممەت، ئايتىللا ئەلا، تۇرنىسا مۇھەممەت، رىسالەت تۆمۈر، تۇرسۇنگۈل قۇربان، ئابدۇقادىر يارئېلى، تۇرسۇنگۈل سامساق قاتارلىق ماھارەتلىك ناخشىچىلار ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان ناخشىلارنى، ھەر خىل مەشرەپ، نەغمە سورۇنلىرىدا ئېيتىلغان كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان كۇچا خەلق ناخشىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇغىنىمدا، چەكسىز ھاياجان قاينىمىغا چۆكۈپ، ئانا يۇرتۇم ئەزىز كۇچاغا بولغان ئوتلۇق سۆيگۈ - مۇھەببىتىم، ئىپتىخارىم تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمەن. چۈنكى كۇچا خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىدا قەدىمكى شەرق - غەرب تۆت چوڭ مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نۇرى بار؛ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس شانلىق ئىزى بار؛ غايە، ئۈمىد، ئىرادە، شادلىق ئاتا قىلىدىغان يالقۇنلۇق ئوت ھارارەت بار، مۇقەددەس بۇرچ ۋە چىن دوستلۇق، مۇھەببەت، سەمىمىيلىك، ۋاپادارلىق، ئادىمىيلىككە ئۈندەيدىغان ئالىيجاناپ روھ بار. ئۇ مەڭگۈلۈك، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقدۇر. كۇچا خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخى، ئىلمىي، بەدىئىي، ئېستېتىك قىممىتى، تەربىيىۋى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىكى ھەرقايسى ساھەدىكى تەتقىقاتچىلار، ئەدىبلەر ۋە سەنئەت پېشۋالىرىمىز، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ھاجى ئىمىن تۇرسۇن، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن ئەخمىدى، ئەمەتجان ئەھمىدى، ئەھەت داۋۇت، ئەخمەت كېبىر، ئابدۇللا مۇھەممىدى.....قاتارلىقلار مەخسۇس تەتقىقات - مۇلاھىزە ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى.

مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ناخشا - بەلگىلىك كۈي شەكلىدە ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان شېئىرىي ئەسەردۇر. مۇزىكا بولسا تۇرمۇش ۋەقەلىكى ھەم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى تاۋۇشلۇق، بەدىئىي ئوبراز، كۈي ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى، شۇنداقلا چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجراسى ۋە ئاۋازىدىن ئىبارەتتۇر. ناخشا - مۇزىكا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بىلەن تەڭ تۆرەلگەن، جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى بىلەن تەڭ تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن، ئەۋلادلارغا مىراس قالغان. ئۇ مەنىۋى بايلىق، مىراسلار بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، مەنىۋىيىتىمىزنى بېيىتىپ كەلمەكتە.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، كۇسەنشۇناس جى شيەنلىن ئەپەندى مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «دۇنيادا تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، رايون دائىرىسى ئەڭ كەڭ، ئۆز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت سىستېمىسىدىن تۆتىلا بولۇپ، ئۇلار: «جۇڭگو، ھىندىستان، يۇنان ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى سىستېمىسىدۇر. مۇشۇ تۆت خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى قوشۇلما ئېقىن بولغان جاي پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ دۇنخۇاڭ (دەشتى ئاتا) ۋە شىنجاڭ رايونىدىن ئىبارەت.» تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، دۇنخۇاڭنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى كۇچادىن يۈز يىل كېيىن بارلىققا كەلگەن. كۇچا قەدىمكى غەربىي يۇرتتىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى. كۆپ مەنبەلىك، خىلمۇخىل مەدەنىيەت تەركىبلىرى مۇجەسسەملەنگەن ئىنتايىن مول، ئىلغار مەدەنىيەت بايلىقلىرى بىلەن غەربىي يۇرتتا ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان ئىسمى - جىسمىغا لايىق «ناخشا - ئۇسسۇل، كۈي يۇرتى»، «مۇزىكا بايلىقىنىڭ خەزىنىسى»، «كۆپ خىل مەدەنىيەت بۆلىقى» بولغان مۇقەددەس، مەشھۇر گۈزەل جاي. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۈەن يىللىرىدا غەربكە سەپەر قىلىپ، 19 يىل جاھان كېزىپ، 50 مىڭ چاقىرىم يول بېسىپ، 128 ئەلنى ئايلىنىپ، ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ خىلمۇخىل مۇزىكا، ئۇسسۇللىرىنى كۆرگەن مەشھۇر بۇددا ساياھەتچىسى تاڭ شۈەنزاڭ ئۇچ قەۋەت سېپىلى، مول بايلىقى، بۇددا بىناكارلىقى بار ۋە ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل سەنئىتى بويىچە ھەممىدىن بەك ماختىغان ئەل قەدىمكى كۇسەن بولغان. «كۇسەن ھازىرقى كۇچانى مەركەز قىلغان ئاقسۇ بىلەن كورلا ئارىلىقىدىكى قەدىمكى تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى مەشھۇر شەھەر - قەلئە ۋە بوستانلىق يۇرتنىڭ نامى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، كۇسەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىلا شەھەر بوستان دۆلىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. كۇسەن يىپەك يولى مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ كىندىكى ئىدى.» كۇچا - نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» دىكى جۇلاسى ئۆزگىچە چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق مەرۋايىت ۋە شانلىق مەدەنىيەت مەركىزى بولغان. كۇچانىڭ ئالاھىدە تەبىئىي شارائىتى، جۇغراپىيەلىك ئورنى تۈپەيلى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچراشقان، ئالماشتۇرۇلغان، قوشۇلۇپ بىرىككەن، شۇنىڭ بىلەن دۇنياغا مەشھۇر كۇسەن مەدەنىيىتى

مەدەنىيەت - مائارىپ

يارىتىلغان ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللەنگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 2 ـ 3 ـ ئەسىرلەردە جىن سۇلالىسى ھەم جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە كۇچادا قەدىمكى ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك) ۋە مەدەنىيەت ـ سەنئەت ناھايىتى زور تەرەققىي قىلغان. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كۇچا غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد مەركىزى بولغان. بۇ دەۋردە كۇچا مەدەنىيىتى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىپ، گۈللىنىپ مۇزىكا، ئۇسسۇل، تىياتىر، گۈزەل ـ سەنئەت، سىرك، ھەيكەلتىراشلىق ۋە بىناكارلىق قاتارلىق سەنئەتنىڭ ھەرقايسى تۈر، ساھەلىرىدە يۇقىرى تەرەققىيات پەللىسى يارىتىلغان. پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىغا ئوخشاتساق، كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى «تاغنىڭ يۈكسەك چوققىسى» دېيىشكە ھەقىقەتەن ئەرزىيدۇ. كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرىنى: تارىخى ئۇزۇن، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل ۋە مۇرەككەپ، كۆي شەكلى ئۆزگىرىشچان، مېلودىيەسى رەڭدار، جۇشقۇن، مىللىي تۈسى قويۇق، يەرلىك پۇراق كۈچلۈك، ئاھاڭى رىتىملىق، تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، تېمىسى كۆپ خىل، تىلى ئوبرازلىق، سىمۋوللۇق، ئاممىباپ، ئېيتىشقا ئەپلىك دەپ يىغىنچاقلاپ تەرىپلەشكە بولىدۇ. كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ھەر قانداق چاغدا، ھەر قانداق جايدا ، ھەر قانداق چالغۇ ئەسۋابلىرىدا (چالغۇسىز ھالدىمۇ) يەككە ياكى ئوپچە ئورۇنلاشقا بولىدۇ. كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى خۇددى ھەممە قۇلۇپقا چۈشۈۋېرىدىغان خىسلەتلىك ئالتۇن ئاچقۇچقا ئوخشايدۇ. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» ناملىق شاھانە، تەۋەرۈك كىتابىنىڭ كۆپ قىسىم بابلىرىدا كۇسەن (كۇچا) مۇزىكىسى، ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئەلنەغمىلىرىنىڭ تارىخى، تەسىرى، ئەھمىيىتى، قىممىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق توختالغان، مەزكۇر كىتابىنىڭ 9 ـ باب «ئۇيغۇر مۇقاملىرى ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇقاملىرى» دېگەن قىسمىدا: «كۇچا مۇقاملىرى 12 يۈرۈش بولۇپ، ئىسمى ئون ئىككى مۇقامغا ئوخشىسىمۇ نەغمە تىزمىسى ئوخشاشمىغان مېلودىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ يۈزدىن ئارتۇق نەغمىسىنى تولۇق ئورۇنداپ چىقىش ئۈچۈن ئالتە سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭ شېئىر تېكىستلىرى تۈركىي تىلىنىڭ ئارۇز ۋەزنى ۋە خەلق قوشاقلىرىدىن تۈزۈلگەن» دەپ كۆرسەتكەن. كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئىككى، ئۈچ كۇپلېتتىن، كۆپ دېگەندىمۇ تۆت، بەش كۇپلېتتىن ۋە تۆت مىسرادىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ھەربىر كۇپلېت مىسراسى بەش، يەتتە، سەككىز بوغۇمدىن ياكى ئارىلاشما بوغۇمدىن تەركىب تاپقان. مەسىلەن: «يارىم نەگە كەتتى»، «سەن ـ سەن مېنى سەن»، «بىر جان ئەمەسمۇ»، «ئۇي ئويلايسەن»، «ئۇينات قېشىڭنى»، «بىللە بارايلى» قاتارلىق خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى 8 ۋە 5 بوغۇملۇق مىسرالاردىن تەركىب تاپقان. ھەممىلا مىسرالىرى 7 بوغۇملۇق ناخشا ـ قوشاقلار كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ. يەنە مەسىلەن: «كۆلدە ئۆردەك ئايلىنىپ»، «نەگە بارسەن قاغا»، «بالىخان دادەي»، «سۇلتان بۇغراخان»، «كارىز ناخشىسى» قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ. ھەممىلا مىسرالىرى 8 بوغۇمدىن تەركىب تاپقان خەلق ناخشىلىرىدىن: «ئاسمىنىڭدا ئاي بارمۇ »، «ئۇينالڭ بەختى بار باللا»، «يۈرەكىم چاك ـ چاك بولدى»، «ئارغۇ بۇلاقنىڭ تاغلىرى»، ... قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار ئاز سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر مىسراسى 7 بوغۇملۇق، يەنە بىر مىسراسى 8 بوغۇملۇق ناخشا (قوشاق) لاردىن «ئالتۇن تەقىم باشىمدا»، «بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن»، «تېرەك بوستان»، «مىراجىخان»، «قىمىرلايدىكەن يارلار»، «مەقسەتكە يەتكۈزگىن مېنى» قاتارلىقلار مىسال بولالايدۇ.

كۇچا خەلق ناخشىلىرىدا ئاھاڭ بىلەن تېكىست «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقان» دەك يۈكسەك دەرىجىدە تەبىئىي بىرىكىپ، چىڭ يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، خەلق قوشاقلىرىمۇ شېئىرىيەت ژانىرىغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق شېئىر ـ قوشاقلارنىڭ جەزمەن ئاپتورى بولىدۇ. ھەر قانداق مۇزىكا (كۆي، ئاھاڭ) لارنىڭ كومپوزىتورى، ئىجادچىسى بولىدۇ. لېكىن خەلق ناخشىلىرىغا كەلسەك زامانلارنىڭ توختاۋسىز ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تېكىست ئاپتورى، ئاھاڭ ئىجادچىلىرى (كومپوزىتورلىرى) نىڭ نامى كىشىلەر تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، تېكىست، كۆي ـ ئاھاڭلىرى تارىخىي مىراس سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلىنىپ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ھەر قانداق بىر ناخشا ـ مۇزىكا گەرچە ئاپتورغا، كومپوزىتورغا ۋە ناخشىچىغا تەۋەدەك بىلىنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ پۈتۈنلەي خەلققە تەۋە مەنىۋى مەھسۇلات ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، خەلق ناخشىلىرى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجادىي، زامانىۋى ناخشىلىرىنىڭ ئوق يىلتىزى ۋە ئانىسى. كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلىپ يىلتىز تارتىپ، بىخلىنىپ، شاخلاپ، غۇنچىلاپ، مول مېۋە بەرگەن، ۋايىغا يەتكەن.

تېكىست بىلەن ئاھاڭ زىچ، تەبىئىي بىرىكىپ كەتكەن. ھەربىر ناخشىدا مىللىي پۇراق، يەرلىك خاسلىق ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈچلۈك، ئىنىق گەۋدىلەنگەن. بۇنىڭ بىلەن ھەربىر ناخشىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقى، خەلقچىللىقى، تارقىلىشچانلىقى، ھاياتىي كۈچى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ناخشا ـ مۇزىكىلاردا مىللىي تۈس، يەرلىك پۇراقنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىنى ۋە كەڭ ـ تارلىقىنى ياكى مەڭگۈ ئۆلمەس ناخشا ـ مۇزىكىلارغا ئايلىنىش ـ ئايلانالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. مىللىي تۈس، يەرلىك پۇراق، دەۋر روھى، ئىنسان تەبىئىيتى گەۋدىلەنمىگەن ھەر قانداق بىر سەنئەت ئەسىرى (ناخشا ـ مۇزىكا) جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي، ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ئۆز رولىنى، قىممىتىنى، يوقىتىپ كىشىلەر تەرىپىدىن تېزلا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تارىخنىڭ شىددەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىغا ۋە ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە مەزمۇت پۇت تىرەپ، مەڭگۈلۈك مەۋجۇتلىقىنى، ساپلىقىنى ساقلاپ، غەربىي يۇرت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتى تارىخىدا «ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش رېكورت» ىنى يارىتىشتىكى مۇھىم، تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىسپاتلانماقتا.

كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، كۆي شەكلى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان. مەسىلەن: «كۇچا سەنىمى» GFDC دىن ئىبارەت تۆت خىل ئۆزگىرىشى ئاساسىدا ئالتە خىل ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن تەركىب تاپقان، يۈرۈشلەشكەن بىر قەدەر مۇرەككەپ قۇرۇلمىدىن تۈزۈلگەن. «بۇلبۇلىجان»، «ھەي دادەي»، «كارىز ناخشىسى»، «ئالتۇن تەقىم باشىمدا»، «گۈليارىخان» قاتارلىق ناخشىلار ئىككى ئۆزگىرىشلىك ئاھاڭدىن تۈزۈلگەن ھەم بەزىلىرى كۆي ئۆزگىرىشى ياسايدىغان ئاھاڭلاردىن تۈزۈلگەن. كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، مەزمۇنى چوڭقۇر تارىخىي قاتلامغا، يەرلىك خاسلىققا، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، ئۆرپ ـ ئادىتى، قائىدە ـ يوسۇنلىرى، تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرەشلىرى، ئېتىقادى، دۇنيا قارىشى، ھېسسىياتى، ئۈمىد غايىلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر نۇقتىسىدىن يورۇتۇلۇپ، يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت، ئوبرازلىق، ئاممىباپ ـ ساپ، پاساھەتلىك گۈزەل تىل بىلەن پىنھان ئىپادىلەنگەن. كۇچا خەلق ناخشىلىرى ئاڭلىغانلىكى ئادەمگە گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ پادىشاھى گاۋۋېي (565 ـ 577) كۇچا ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا مەپتۇنلۇقتا پادىشاھلىقنى تاشلاپ قويۇش دەرىجىسىگە يەتكەن ئىكەن. (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 110 ـ بەت). تارىخىي خاتىرىلەردە يۈزگە يېقىن كۇچا ناخشىلىرى خاتىرىلەنگەن، ھەتتا بەزى ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىمۇ كۇچا تىلىدىن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان. «سۈينامە، مۇزىكا تەزكىرىسى» دە: كۇچانىڭ ناخشىلىق مۇزىكىلىرىدىن «سەن ـ سەن مېنى سەن» تېكىست نامى ئۆز پېتى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە خاتىرىلەنگەن. كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىش ۋاقتى 15 ئەسىرگە يېتىدۇ. كۇچا تارىخ ـ مەدەنىيتى بىلەن نۇقتىلىق شۇغۇللانغان داڭلىق ئالىم سۈيىخەي ئەپەندى: «كۇچا مۇزىكىلىرى كۆي شەكلى، مېلودىيەسىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خىللىرىنىڭ كۆپلىكى، مۇزىكا (ئاھاڭ) سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ناخشىلىرىنىڭ يېقىملىق، گۈزەللىكى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇزىكا مەدەنىيتىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىغا مۆلچەرلىگۈسىز تۆھپە قوشقان» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. ئۇ يەنە كۇچا ـ ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ۋە چوڭقۇر تەسىرى ھەققىدە توختىلىپ: «تەرەققىياتقا، ئىلغارلىققا ۋەكىللىك قىلىدىغان، كۇچا مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىلا ئەمەس، چاۋشىيەن، ياپونىيە، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىدىمۇ دەۋر سۈرگەن، ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيادا دەۋر سۈرگەن» دەپ كۆرسەتكەن. (سۈيىخەي: «يىپەك يولى ۋە كۇچا تارىخ مەدەنىيتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 1 ـ نەشرى، 573 ـ، 608 ـ بەت)

كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شىمالىي جۇ دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى (561 ـ 578) كۆكتۈرك قاغانى مۇقانخاننىڭ قىزى — ئاسىنا سۆيۈمگە ئۆيلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن غەربىي دىيار مەدەنىيتى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتكەن. 568 ـ يىلى مەلىكە ئاسىنا كۇچالىق مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيەچىسى سۇجۇپ ئاقارى ۋە بەيجىتۇڭ ئاقارى، بەيماندا ئاقارى، بەيفۇجيەن ئاقارى قاتارلىق مەشھۇر مۇزىكىشۇناسلار بىلەن نۇرغۇنلىغان ناخشا، ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئەتچىلىرىنى بىللە ئېلىپ ، ئەينى چاغدىكى جۇ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە زور داغدۇغا بىلەن كەلگەن. سۇجۇپنىڭ ئۇن ئىككى رىتىملىق كۆي قانۇنى سۇي سۇلالىسىدىن باشلاپ، جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا كۆچ-

لىۇك تەسىر پەيدا قىلغان. 618 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى قۇ ـ
رۇلۇپ ئۈچ ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈردى. سۇجۇپىنىڭ
مۇزىكا نەزەرىيەسى يۈز يىلغا يېقىن تارقىلىپ، تاڭ سۇلا ـ
لىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئاجايىپ زور كارامىتىنى كۆرسى ـ
تىپ، ئالتە ئەسىرلىك مەشھۇر نامايەندە سۈپىتىدە شەرققە
كەڭ تارقالغان. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر مۇ ـ
قام خەزىنىسى» ناملىق نادىر كىتابىدا تىلغا ئالغاندەك:
«تارىخ ھېچبىر كۇي قانۇنىنىڭ سۇجۇپىنىڭ كۇيشۇناسلىق
نەزەرىيەسىگە پاراللېل چىققانلىقىنى كۆرسەتكەن ئەمەس».
نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتتى. سانسىز سۇلالە، خانىدانلىق،
قەسىرلەر يوٗتتى. لېكىن كۇچا خەلق ناخشا مۇزىكىلىرىدىن
ئىبارەت مەڭگۈلۈك مەنىۋى بايلىق ئۆزىنىڭ بىباھا قىم ـ
مىتىنى ئىزچىل نامايان قىلىپ، ئۆزگىچە رەڭدارلىقى،
بىلەن ئالەمشۇمۇل نۇرىنى چاچماقتا. يېڭى جۇڭگو قۇرۇل ـ
غاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قو ـ
يۇلغاندىن كېيىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى كۇچا
خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ مىسلىسىز تەرەققىياتى ۋە
گۈللەپ ياشنىشىغا تېخىمۇ كەڭ زېمىن بەردى. ناھىيەلىك
«كۇسەن» ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى يېقىنقى يىللاردىن بۇ ـ
يان كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى قېزىش، توپلاش،
رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ دەسلەپكى قەدەمدە بىر
قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1982 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كۇ ـ
چا خەلق ناخشا تېكىستلىرى رەتلىنىپ توپلام ئىشلەندى.
بۇ توپلامغا جەمئىي 112 ناخشا تېكىستلىرى كىرگۈزۈلدى.
2004 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، كۇچا
ناھىيەلىك پارتكوم ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى»، بېي ـ
جىڭ جۇڭكۇن مەبلەغ سېلىش گۇرۇھى بىرلىكتە «شىنجاڭ
كۇسەنشۇناسلىق جەمئىيىتى» نى قۇردى ۋە خەنزۇچە، ئۇي ـ
غۇرچە يېزىقتا «كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى
نەشر قىلدى. 2004 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق
نەشرىياتى ئەھەت داۋۇت تۈزگەن، 63 پارچە خەلق ناخشى ـ
لىرى كىرگۈزۈلگەن «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» ناملىق
توپلام (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) نى نەشر قىلدى. 2005 ـ يى ـ
لى 8 ـ ئايدا «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى بى ـ
لەن بىرلىشىپ، كۇچادا ئاپتونوم رايون بويىچە «كۇچا خەلق
ناخشىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلدى.
2006 ـ يىلى «جۇڭگو شىنجاڭ كۇچا خەلق ناخشىلىرى»
DVD (ئىككى قىسىم)، VCD پىلاستىنكىسى ئىشلىنىپ
تارقىتىلدى. 1995 ـ يىلى كۇچا مۇقام ـ ئەلنەغمە سەنئەت
ئۆمىكى قۇرۇلدى. 500 دىن ئارتۇق خەلق سەنئەتكارلىرى،
ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى، كومىراجىۋا ۋە
ئىساخان ئانىنىڭ ھەيكەل ـ ئابىدىسى تىكلەندى. ياقا، چە ـ
مەن بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن
بولۇپ، مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە «يېزا مەدەنى ـ
يەت ـ سەنئەت سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن» ۋە «مۇقام يۇر ـ
تى» شەرىپىگە ئېرىشتى.

كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى قېزىش، توپلاش،
رەتلەش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش،
مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا تونۇتۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇ ـ
نۇملۇك خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زور نەتىجە ـ ئۇتۇقلار،
شان ـ شەرەپلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، يەنە بەزى
بوشلۇقلار، ئاجىز ھالقىلار مەۋجۇت دەپ قارايمەن.

1. كۇچا مەركەز قىلىنغان غەربىي يۇرت ناخشا ـ مۇزى ـ
كىلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكىرىلىگەن ھالدا قېزىش، توپلاش،
رەتلەش ۋە ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر تەتقىق قى ـ
لىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلى ـ
رىنى باشلىنىش مەنبەسى ۋە توپ نىشان قىلىپ ئىزدى ـ
نىش، مۆجىزە خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.
بۇنىڭ ئۈچۈن مەدەنىيەت ـ سەنئەت ساھەلىرىدىكى ئىج ـ
تىماس ئىگىلىرى ۋە يەرلىك پېشقەدەم مەدەنىيەت ـ سەن ـ
ئەت خادىملىرىغا تايىنىش، ئۇلارغا سىياسىي، ئىقتىساد،
تۇرمۇش ۋە يېزىقچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە غەمخورلۇق
قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ـ ئەمگەكلىرىنى ھەقىقىي
ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش،
تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرىنى كاتتا مۇكاپاتلاش كې ـ
رەك. بۇ يەردە مۇنداق بىر قەدىمكى تارىخىي ۋەقەنى قىس ـ
تۇرۇپ ئۆتكۈم كەلدى: «16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالدىنقى
جىن خانلىقىنىڭ مەشھۇر سەركەردىسى، كېيىنكى لياڭ
خانلىقىنىڭ قورغۇچىسى لۈي گۇاڭ (337 ـ 399) نىڭ ۋە
ئالدىنقى چىن خانى فۇجيەننىڭ بۇيرۇقى بويىچە 382 ـ
يىلى مەشھۇر بۇددا ئالىمى، تەرجىمىشۇناس، تىلشۇناس
كومىراجىۋا (344 ـ 413) نى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن
شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، 75 مىڭ كىشىلىك قوشۇن
بىلەن كۇچاغا كەلگەن. لۈي گۇاڭ كۇچادىن 38 ياشلىق
كومىراجىۋا بىلەن بىللە 20 مىڭ ئات ـ ئۇلاغدا كۇسەن
خانلىق خەزىنىسىنى، بۇددا نومىلىرىنى، مۇزىكانتلارنى،
ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلارنى ۋە ھەر خىل ھايۋانات نەمۇنىلى ـ
رىنى ئېلىپ لياڭجوغا قايتىپ كەلگەن. كېيىنكى چىن پا ـ
دىشاھى ياۋ شىڭ تەختكە چىقىپ 3 ـ يىلى (401 ـ يىلى)
كومىراجىۋانى زور ئىنئام، كاتتا ھۆرمەت بىلەن چاڭئەنگە
ئېلىپ كەتكەن. كومىراجىۋا ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە
(344 ـ يىلى كۇچادا تۇغۇلۇپ، 413 ـ يىلى چاڭئەندە
ۋاپات بولغان) نەق 31 يىل 800 كىشىگە يېتەكچىلىك قى ـ
لىپ، 384 جىلدلىق بۇددا نومىلىرىنى قالتىس ماھارەت
بىلەن تولۇق تەرجىمە قىلىپ، ئاجايىپ بۈيۈك تۆھپىلەرنى
قوشقان. فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خان پادىشاھلار ئىق ـ
تىدارلىق ئىلىم ئەھلىلىرىنى، ھەر قانداق چوڭ بەدەل تۆ ـ
لەشتىن ئايانماي ئاشۇنداق تالىشىپ ئەتىۋارلاپ ئىشلى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىپ، رولىدىن پايدىلانغان يەردە ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشنى قەدىمكىلەردىن تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

2. كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى تەتقىقات قوشۇنىنى زورايتىش كېرەك. كۇچا مەركەز قىلىنغان غەربىي يۇرت ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىنىۋاتقىنىغا يۈز يىلدىن ئاشتى. تارىخ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت تەتقىقات قوشۇنى ئىچىدە چەت ئەللىك ۋە خەنزۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ سانى ۋە ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىلىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلارنىڭ سانى بەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. يازغان ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ سانى ئاز بولۇپلا قالماي، پايدىلىنىش قىممىتى ۋە بەدىئىي سەۋىيەسىمۇ بىرقەدەر تۆۋەن بولۇشتەك ئەھۋال خېلىلا گەۋدىلىك. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پىشقەدەم تارىخ ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ مول بىلىمى، يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ۋە رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ياش، ئوتتۇرا ياش تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ ئىزچىللىقنى ساقلاش كېرەك. پىلانلىق، قەرەللىك ھالدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىش، تەتقىقات تېمىسى بەلگىلەپ بېرىش، كىتاب ـ ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش، يېتەكلەش، يېڭى تەتقىقاتچىلارنىڭ يېزىقچىلىق بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەر جەھەتتىن ياردەم، ئىلھام ـ مەدەت بېرىش، چەت ئەللىك ۋە خەنزۇ كۇسەنشۇناسلار يېزىپ ئېلان قىلغان ماقالىلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ «كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى»، «كۇسەن مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ، تەتقىقات، پايدىلىنىش جەھەتتىكى ماتېرىيال مەنبەسىنى كۆپەيتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق كۇچا ناخشا ـ مۇزىكا مەدەنىيەت بايلىقىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتە يۇقىرى پەللە، يېڭى ھالقىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.

كۇچا خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى، يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەسلىي كۈي ، ئاھاڭلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئەينەن ئىپادىلەشكە كۈچەش كېرەك. كۇچا خەلق ناخشىلىرى تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقى ۋە بەلگىلىك تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرگە چېتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەربىر ناخشا مەلۇم بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن زىچ باغلانغان ھەم شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ شادلىقى، قايغۇسى، ھېس تۇيغۇسى سىڭگەن. شۇڭا ناخشا تېكىستلىرىدىكى ھەربىر سۆز مىسرانى شۇ تارىخىي دەۋر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەنە ـ مەزمۇنىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئەينەن قوللىنىش كېرەك. كۇچا خەلق ناخشىلىرى كۈچلۈك مىللىي پۇراقتا، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش خاسلىقى بىلەن ئىجادىي ۋە «زامانىۋى» ناخشىلاردىن ئالاھىدە، روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا ئۆز تېكىستى ، ئۆز ئاھاڭى بويىچە ئورۇنداش كېرەك. كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ مېلودىيەسى رەڭدار، مۇكەممەل، كۈي شەكلى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، ئاھاڭى ئەۋرىشىم، رىتىمى ئەركىن، مىللىي تۈسى قويۇق بولغاچقا، ئۆز تېكىستى، ئۆز ئاھاڭى بويىچە ئورۇنلاش كېرەك. «يېڭىلىق» يارىتىمەن دەپ بۇزۇپ ئېيتىپ، ئەسلىي تېكىستتىكى چوڭقۇر مەنىسى بىلەن ئۆزگىچە ئاھاڭ تۈسى، پۇرىقىنى يوقىتىپ قويماسلىق، خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنى پۇچەك، چۈشىنىكسىز ناخشىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. ئەنئەنىۋى ئاھاڭ ئۇسلۇبىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ زىچ باغلىنىشىنى نەزەرگە ئېلىپ ئاۋاز مىقدارى، ئاۋاز تۈسىنى مۇۋاپىق تاللاپ، تەڭشەپ ، تېكىست ۋە ئاھاڭدىكى نەپىس، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان تەرەپلىرىنى تولۇق ئىپادىلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇقىرى بەدىئىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا، تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى ۋە ساپلىقىنى ساقلاشقا ۋىجدانىي مەسئۇلىيەت بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. ھازىر بەزى «ناخشىچى» لار، بولۇپمۇ بىر قىسىم ياش «ناخشىچى» لار كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىكى بەزى سۆزلەرنى ھەتتا كۇپلېت، مىسرالارنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىپ، خەلق ناخشىلىرىنى «ئىجادىي»، «زامانىۋى» ناخشىلارغا ئايلاندۇرۇش كويىدا بولۇپ «ئەبجەش، غىلجىڭ، تېتىقسىز» ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماقتا. شۇڭا كۇچا خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىست، ئاھاڭىنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىنى، ساپلىقىنى ساقلاشقا ھەممىمىز ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك.

---


پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

2. مۇھەممەت شاۋۇدۇن: «كۇچا مۇزىكىلىرى شەرقتە ۋە غەربتە» («شىنجاڭ گېزىتى» 2008 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، 8ـ بەت).

3. ئەھەت داۋۇت: «كۇچا خەلق ناخشىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

4. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 ـ توم، 114 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.


---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆز قاراشلىرى ھەققىدە» دىن خاسىيەتلىك ئۈجۈر



ئەشرەپ ئابدۇللا قۇترات

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەق-
قىدە» (كىتاب ئەرەئى ئەھلى مەدىنەتىل فەزىلە) فارابىنىڭ
تەبىئەت پەلسەپىسى، فاتىزم تەلىماتى، ئالەم نەزەرىيەسى،
بىلىش نەزىرىيەسى، سىرغىپ چىقىش پەلسەپەسىدىن كې-
يىن يېزىلغان ئىجتىمائىي جەمئىيەت پەلسەپەسى، ئۇتوپە-
يەسى (غايىسى) ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ۋەكىللىك نادىر ئە-
سىرى. بۇ ئەسەر 1095 ـ يىلى مىسىر پايتەختى قاھىرەدە
نەشر قىلىنغان، ھەجىم جەھەتتىن چوڭ ئەسەر بولۇپ،
جەمئىي 37 بابتىن تەركىب تاپقان. ئەسەر تۈزۈلۈش جە-
ھەتتە، 1 ـ بابتىن 7 ـ بابقىچە دەسلەپكى مەرىپەت، يەنى
دەسلەپكى مەۋجۇتلۇق تەڭرى توغرىسىدىكى بايانلار بېرىل-
گەن. 7 ـ بابتىن 19 ـ بابقىچە ماددا ۋە شەكىل ھەققىدى-
كى، ماددىنىڭ پەيدا بولۇشى، ماددىنىڭ ھەرىكىتى، قانۇنى-
يەتلىرى ھەققىدىكى بايانلار بېرىلگەن. 20 ـ بابتىن27 ـ
بابقىچە ئىنسان، مەنىۋى قۇۋۋەت، روھ، ئىرادە، پسىخولو-
گىيەلىك ھادىسىلەر، چۈش ھەققىدىكى قاراشلار، ئىنسان-
نىڭ ئەقىل پاراسىتى، تىل، نۇتۇق، ئادەمنىڭ پەرق ئېتىش
ئىقتىدارى، ئادەمنىڭ ھاكىم ئەزالىرىنىڭ رولى توغرىسى-
دىكى بايانلار بېرىلگەن. 27 ـ بابتىن 31 ـ بابقىچە پەزى-
لەتلىك شەھەرنىڭ رەئىسى ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەزا-
لىرى، قۇدرەتلىك شەھەر رەئىسىنىڭ سۈپەتلىرى، رەئىس
بولۇشنىڭ ئۆلچەم ـ شەرتلىرى ھەققىدىكى بايانلار بېرىل-
گەن. 32 ـ بابتىن 37 ـ بابقىچە پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ
تىپلىرى (تۈرلىرى)، پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ پىرىنسىپلى-
رى، پەزىلەتلىك جەمئىيەت (شەھەر) ئاھالىسىنىڭ سۈپەت-
لىرى، ساپاسى ھەققىدىكى بايانلار بېرىلگەن.

«پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار
ھەققىدە» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئەبۇ نەسىر فارابى شەرقنىڭ
ئادالەت قارىشى، ئوتتۇرا ـ مەركىزى ئاسىيادىكى خەلقلەر-
نىڭ تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە دەپ قارايدىغان ئەقىل-
پاراسەت قارىشى، قەھرىمانلىق بىلەن ئادالەتنى بىرلەشتۈ-
رۈپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان قارىشى، يەنى مانى دىنىدىكى يو-
رۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت كەسكىن كۈرەشتە
گەۋدىلەنگەن ئادالەت قارىشى ۋە شۇنداقلا قەدىمكى يۇنان
پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتون، ئارىستوتىللارنىڭ غايىۋى جەم-
ئىيەت توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە يېزىپ چىق-
قان. ئەسەردە فارابى تەڭرى، تەبىئەت، قانۇنىيەت، مەۋجۇ-
دىيەت، ئادەم، ئەقىل، بىلىم، جەمئىيەت، ئەخلاق، ھايات،
ھاكىمىيەت ۋە شۇنداقلا ئەخلاقلىق، ئادىل، بىلىملىك پا-
دىشاھ توغرىسىدىكى بىرقاتار قاراشلىرىنى ئەقىل، پەلسەپە
ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلغان. ئەسەردە فارابى مۇسۇلمان
شەرقىدىكى ئالىملارنىڭ ئەسەر يېزىش ئەنئەنىسى بويىچە
1 ـ بابتىن 7 ـ بابقىچە بولغان بۆلىكىدە دەسلەپكى مەۋ-
جۇتلۇق ھەققىدە توختىلىپ، بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئۇنىڭ
بىلەن باغلايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ سىرغىپ چىقىش پەل-
سەپىسىگە ئاساسەن، ئاسمان (ساما) جىسىملىرى بىلەن يەر
(زېمىن) جىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ناملىرى، دەرىجىلىرى،
بىرلىك ۋە كۆپلۈك بۆلەكلىرى، شەكىللىرى، ھەجىمى،
شەكلىنىڭ پەيدا بولۇشى، سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەت-
لىرى، ئومۇمەن بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تە-
بىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ.
تەبىئەتنىڭ بۇنداق ئوڭ تاناسىپلىق قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت-
لىرىنى ئادەمنىڭ ھەرىكىتى، ئەقىل ـ پاراسىتى، بىلىمى،
جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمى، ئۆلچەملىرى بىلەن باغلاپ تەھلىل
قىلىدۇ.

فارابى بۇ ئەسەردە تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولغان ئىن-
ساننىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ھەققىدە توختىلىدۇ. يەنى ئىن-
ساندىكى روھ، مەنىۋى قۇۋۋەت، كۈچ، ئۇنىڭ تىلى، ھېس-
سىيات، ئەقىل ـ پاراسىتى ئارقىلىق ھايۋاندىن پەرقلىنى-
دىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ھېسسىي بىلىش بىلەن ئەقلىي بى-
لىش چۈشەنچىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە
ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى تەبىئەت، مەۋجۇدىيەت قانۇنىيەتلىرى
بىلەن باغلاپ ئىنساندىكى ئىرادە، ھۆرلۈك مەسىلىلىرىنى
پسىخولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك بىلەن فىزىيولوگىيەلىك
ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىق نۇقتىسىدىن تەھ-
لىل قىلىدۇ. ھەم ئىنساننىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى، گۈزەل غا-
يىسى، مەنىۋى كامالىتى، ساغلاملىقى بىلەن ئۇنىڭ
بەخت ـ سائادىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ. ئەڭ مۇ-
ھىمى فارابى بۇ ئەسەردە ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى
بولغان جەمئىيەت ھەققىدە چوڭقۇر توختىلىپ، جەمئىيەت-
نى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۇنى بىر قانچە تۈرگە ئايرىپ
سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىدۇ. ئۇ شەھەرنى (جەمئىيەتنى)
مەدەنىيەتلىك فازىل شەھەر، نادان، جاھىل شەھەر ياكى
پەزىلەتلىك شەھەر، پەزىلەتسىز شەھەر دەپ چوڭ جەھەتتە
ئىككىگە ئايرىپ، ئاندىن ئۇلارنى يەنە بىر قانچىگە ئايرىپ
مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ شەھەرلەرنىڭ سۈپەتلىرىنى مىساللار
بىلەن كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەزىلەتلىك، مەدەنىيەتلىك شەھەر

كلاسسك ئەدەبىيات ـ كلاسسك مۇزىكا

(جەمئىيەت) نى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەمەل قىلىنىشقا تېگىشلىك پىرىنسىپلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. يەنى پەزىلەتلىك شەھەردە ئەقىل ـ پاراسەت يېتەكچىلىك قىلغان، ھەقىقەت، ئەخلاق، ساغلام مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇش؛ پەزىلەتلىك شەھەردە ھۆرلۈك، ئادالەت، تىنچ ـ خاتىرجەملىك ئورنىتىلغان بولۇش؛ پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە، ئومۇمىي خەلق باراۋەر بولۇش، زۇلۇم، ھاكىممۇتلەقلىق بولمىغان بولۇش كېرەك. ئەسەردە فارابى پەزىلەتسىز شەھەرنىڭ يەنە كونكرېت بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بۇنداق جەمئىيەتنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان غايەت زور زىيىنىنى مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرى بىلەن پەزىلەتسىز جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقىنى يەنى ئادەمىيلىك، ئەخلاق، ئەمگەكنى سۆيۈش، بىلىم جەھەتتىكى پەرقىنى كۆرسۈتۈپ ئۆتىدۇ. ئەسەردە پەزىلەتلىك شەھەر (جەمئىيەت) نىڭ ئەزالىرى ھەققىدىلا توختىلىپلا قالماي، مۇھىمى بۇ جەمئىيەتنىڭ يېتەكچىسى، باشلىقى بولغان پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ رەئىسى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئالتە خىل ئالاھىدىلىكنىڭ ھازىرلىنىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. يەنى پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ دانىشمەن ـ پەيلاسوپلىرى بولۇشى؛ بۇرۇنقىلارنىڭ شەھەردە ئورناتقان قانۇن نىزاملىرىنى تولۇق بىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى، بۇ قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىشى؛ بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى قىياسلارنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى؛ رەئىس قۇۋۋەتلىك زېھىنغا ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە بولغان بولۇشى، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى جەمئىيەت ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى؛ ئۆزلىرى ئورناتقان ياخشى ئۇسۇللار بىلەن كىشىلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشى؛ ھەربىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى؛ ھەربىي ماھارەتنىڭ نېگىزلىك تەرەپلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك.

فارابى جەمئىيەتنى تەھلىل قىلغاندا ئۇنى چوڭ جەمئىيەت، ئوتتۇرا جەمئىيەت، كىچىك جەمئىيەت دەپ بۆلۈش بىلەن بۇ جەمئىيەتتە ياشايدىغان ئىنسان ھەققىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ. فارابى: «ئەگەر ئىنسان يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى بولغان بەركاماللىق ئىنسانغا پەقەت تەبىئەتتىن خاس بولغىنىدا ۋە پەقەت ياخشى نىيەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغىنىدا، ئۇ چاغدا بەركاماللىققا يېتىشتۈرگۈچى پائالىيەت ۋە ھايات يوسۇنى، پەقەت چىن ئىنسانىي پائالىيەت، ياخشى ئىشلار ۋە پائالىيەتلەر گۈزەل ھايات سۈرئىتى بولار ئىدى. ئەمما ئىنساننى بۇ بەركامالىلىقتىن مەھرۇم قىلىدىغان ھالەتمۇ بار. ئۇلار ئىنسانىي بولمىغان پائالىيەتلەر ۋە ھايات يوسۇنى بولۇپ، ئۇلار مەرەز، خۇنۇك، يامان ئىشلار ھەمدە يامان پائالىيەتلەردۇر. بىز ئۇلاردىن قايسى بىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە قايسى بىرىدىن ئۆزىمىزنى ئېلىپ قېچىشىمىز كېرەكلىكىنى بىلىشىمىز لازىم» دېگەن مۇلاھىزىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ياخشى، چىن ئادەمىيلىككە يۈكسەلگەن ئىنسان تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ ئۇمۇمەن فارابى بۇ ئەسەردە غايىۋى جەمئىيەت ئوتۇپىيەسى، پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئادىل، بىلىملىك پادىشاھ قارىشى، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق جەھەتتىكى پەرقلىرى ھەققىدىكى قىممەتلىك قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. پەزىلەتلىك جەمئىيەت بىلەن پەزىلەتسىز، جاھىل، نادان جەمئىيەتنى سېلىشتۇرما قىلىپ، پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ ئىنسانلارغا بەخت كەلتۈرىدىغانلىقىنى جىددىي كۆرسۈتۈپ ئۆتكەن. فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن ئادىل قانۇن تۇرغۇزۇش ئىدىيەسى، بىلىملىك، ئەخلاقلىق پادىشاھ كۆزقارىشى، گۇمانىزىم ئىدىيەلىرى ۋە غايىۋى جەمئىيەت ئوتۇپىيەسى ئۆز دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇرلىرىغا تەسىر كۆرسۈتۈپلا قالماستىن، ئۆزىدىن كېيىنكى غەرب ۋە شەرقتە ئۆتكەن ئالىم، مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەرگە، بولۇپمۇ ياۋروپادا مىيۇنتسېر (1490 ـ 1525)، توماس . مور (1479 ـ 1535)، توماس كامپانېلا (1568 ـ 1639)، لېيوناردو داۋىنچى (1452 ـ 1519)، نىكولاي كوپېرنىك (1473 ـ 5439)، برونو (1548 ـ 1600)، فىرانس بېكون (1561 ـ 1626)، سپىنوزا (1632 ـ 1677)، مېلىيې (1664 ـ 1729)، روسسو (1712 ـ 1778)، مورېللى (1709 ـ 1785) سىمون (1760 ـ 1825)، شارىل فورىي (1772 ـ 1837)، روبېرت ئوۋېن (1771 ـ 1883)، دىكارت، مىلتون، رىشېر قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسەتتى. شەرقتە، يەنى مۇسۇلمان شەرقىدە ئەبۇرەيھان بىرۇنى (972 ـ 1048)، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980 ـ 1048)، ناسىر خىسرەۋ (1003 ـ 1088)، ئىبنى تۇفايىل (1110 ـ 1185)، ئىبنى رۇشىد (1126 ـ 1198)، ئىبنى مايمۇندى (1135 ـ 1204)، ئىبنى خەلدۇن (1332 ـ 1406)، نىزامى گەنجىۋى (1141 ـ 1203)، پەخرىددىن رازى (1149 ـ 1209)، ئابدۇقادىر بېدىل (1644 ـ 1721)، خەيرۇللايوف، ھۈسەيىن ئەلى مەھبۇز، ئەخمەت ئاتەش قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ فارابىنىڭ ئادىل، بىلىملىك شاھ، ئىلىم، ئادالەت، ھۆرلۈك ھۆكۈم سۈرگەن پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراش-

لىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك ناما ـ
يەندىلەر بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى،
ئەلىشىر نەۋائىي، مىرزا ھەيدەر، مۇھەممەد ئابدۇللا ھىرقە ـ
تى، ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى، مولىلا
بىلال نازىمى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئەدىبلەرگە كۈچلۈك
تەسىر كۆرسەتتى. يۇقىرىقى ئالىم، مۇتەپەككۇرلار ۋە مەدە ـ
نىيەت، ئەدەبىيات نامايەندىلىرى فارابى پەلسەپۋى تەلىمات ـ
لىرىنىڭ تەسىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ناتۇرال فانتىزىملىق دۇنيا
قارىشى بىلەن كۈچلۈك گۇمانىزملىق ئىجتىمائىي ـ سى ـ
ياسىي قاراشلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

فارابىنىڭ بۇ خىل ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە يۈسۈپ خاس
ھاجىپ مەشھۇر داستان «قۇتادغۇبىلىك» نى، ئەھمەد يۈك ـ
نەكى «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانىنى، ئەلىشىر نەۋائىي
«سەددى ئىسكەندەر»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «سەبئەئى ـ سەي ـ
يارە»، «ھەيراتۇل ئەبرار» نى، مىرزا ھەيدەر «جاھانناما»
داستانىنى، ھىرقەتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» داستا ـ
نىنى، غەربى «بەھرام گور» داستانىنى، ئابدۇرېھىم نىزارى
«زادۇل نەجاد»، «فەرھاد ـ شىرىن» ۋە «مەھزۇن ـ گۇلنى ـ
سا» ناملىق داستاننى يېزىپ، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيا ـ
تىنىڭ گۈللىنىپ داۋام قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دې ـ
مەك، يۇقىرىقى نامايەندىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر
كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى
بىلەن ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزى بو ـ
لۇپ قالدى. تۆۋەندىكىسى فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر
ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدىن
بېرىلگەن ئۆرنەك: «پەزىلەتلىك ـ مەدەنىيەتلىك شەھەر بى ـ
لەن جاھالەتلىك ـ نادان شەھەر، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تە ـ
بىئىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە. ئەمما
ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مەقسەتلىرى، ئىجتىمائىي
ھايات خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، بىلىم ۋە
ھەقىقەتكە، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي بەختكە بولغان مۇناسى ـ
ۋەتلىرى جەھەتتىن بىر ـ بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ».
«ئۆزئارا ياردەملىشىپ، بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ
بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر
ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى
مەقسەت قىلغان كىشىلەر جەمئىيىتى پەزىلەتلىك جەمئىيەت
ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى
مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق
ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش
مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زې ـ
مىندا ئوخشاشلا پەزىلەتلىك تىكلىنىدۇ». «پەزىلەتلىك شە ـ
ھەرنىڭ ئەكسى بولغان شەھەر جاھالەتلىك شەھەر بولۇپ،
بۇ ئەخلاقسىز شەھەر، ئالدامچى شەھەر، يولدىن ئاداشقان
شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئوخشاشلا ئۇ شەھەرگە ۋەكىللىك
قىلغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭدىن (پەزىلەتلىك شەھەردىن) ئاي ـ
رىمچە ۋە ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. جاھالەتلىك شەھەر ئا ـ
ھالىسى ھېچقاچان بەختنى بىلمەيدىغان ۋە ئۇنىڭ باشلىق ـ
لىرى ھېچقاچان ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش نىيىتىدە بولمىغان
بولىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان ئۇنىڭغا ئېرىشىپ كۆرمىگەن ۋە
ھېچقاچان ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ئەمەس. ئۇلار تولىمۇ يۈزەكى
نەرسىلەرنى بەخت دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ياشاشتىن
مەقسەتلىرى پەقەت جىسمانىي قاۋۇللۇق، بېيىش، كە ـ
يىپ ـ ساپا، ئۆز ئىشتىياقلىرىدىن خالىغانچە يۈز ئۆرۈش،
شۆھرەت ۋە مەرتىۋىدىن ئىبارەت. بارلىق جاھالەتلىك شە ـ
ھەر ئاھالىسىنىڭ نەزەرىدە مانا بۇلارنىڭ ھەر قاندىقى
بەخت ـ سائادەت ھېسابلىنىدۇ». «ئۇ پەزىلەتلىك شەھەرنىڭ
رەھبىرى ۋە رەئىسىدۇر. ئۇ ھەم پەزىلەتلىك مىللەتنىڭ
رەئىسى ھەم ماكان بولغان يەر يۈزىنىڭ رەئىسىدۇر. بۇ ھال
پەقەت تۇغۇلۇشىدىن ئون ئىككى خىل سۈپەتنى ئۆزىدە
مۇجەسسەم قىلغان كىشىگە نېسىپ بولىدۇ: ئالدى بىلەن
بەدىنى ساغلام، ھەم ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئورۇنلى ـ
يالايدىغان بولۇشى لازىم. ئاندىن ئۆزىگە سۆزلەنگەن ھەر ـ
بىر نەرسىنى تەبىئىيتى بىلەن ياخشى ئاڭقىرىپ چۈشەن ـ
مىكى ھەم سۆزلىگۈچىنىڭ مەقسىتىنى، ھەم سۆز تېمىسى
نېمە ھەققىدە بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىكى؛ ئاندىن خاتى ـ
رىسى قۇۋۋەتلىك بولىشى، چۈشەنگەن، كۆرگەن، ئاڭلىغان
ۋە ھېس قىلغان ھەربىر نەرسىسىنى ئېنىق ئېسىدە ساق ـ
لىشى ۋە ئۇنۇتماسلىقى؛ سەگەك ۋە ھوشيار بولۇشى،
ئۇچراتقان ھەربىر ئۇششاق دەلىللەرنىمۇ ئوبدان پەرقلەن ـ
دۈرۈپ ئۆز ئورنىدا قوللىنىشى، بىلىشى ؛ چىرايلىق
سۆھبەتلىشىشنى بىلىشى، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىدى ـ
كى ھەربىر نەرسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىزاھلىيالايدىغان
بولۇشى؛ ئۆگىنىش ۋە ئۆگىنىشنى سۆيۈش، بۇنىڭغا ئۆزى ـ
نى بېغىشلىغان بولۇشى ۋە ھەربىر نەرسىنى تېز ئۆگىنە ـ
شى، ئۆگىنىشى ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرىدىن نە ئىزتىراپ
چېكىدىغان، نە ھېرىپ ـ چارچاپ قالىدىغان بولماسلىقى؛
يېمەك ـ ئىچمەككە ۋە ئاياللارغا بېرىلگەن بولماسلىقى ۋە
تەبىئىتى بىلەن ئويۇن ـ تاماشىدىن ئۆزىنى تارتقان بولۇ ـ
شى؛ راستچىللىقنى ۋە سەمىمىي، راستچىل ئادەملەرنى
سۆيۈشى، يالغانچىلىقتىن ۋە يالغانچىلاردىن نەپرەتلىنىدى ـ
غان بولۇشى؛ ئۇلۇغ بولۇشى ۋە ئۇلۇغلۇقنى سۆيۈشى، خى ـ
جالەتتە قالىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالماسلىقى، تەبىئىيتى
بىلەن يۈكسەك نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىغان بولۇشى، ئالتۇن
ـ كۈمۈش قاتارلىقلار ۋە باشقا دەپئىي ـ دۇنيالارغا ئۆزىنى
ئۇرماسلىقى؛ ئادالەتنى ۋە ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى سۆيۈ ـ
شى، ئىستىبداتتىن، زۇلۇمدىن، زالىملاردىن نەپرەتلىنى ـ
شى ، ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ ھە ـ
قىقەت ئىزدىشى ۋە ئۇلارنى ھەققانىيەتكە دەۋەت قىلىشى،
ئىستىبدات قۇربانلىرىنىڭ دەردى ـ ھالىغا يېتىشى، گۇ ـ

(ئاخىرى 28 ـ بەتتە)

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ شەخسىيىتى ۋە «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانى توغرىسىدا

تۇرسۇن قۇربان تۈركەش

قەدىمكى يۇنان ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرق خەلقلىرى توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە كەيخىسراۋ بىلەن سىكىف هۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كەيخىسراۋ تۈركىي خەلقلەر ئەجدادى بولغان سىكىفلارنى ئۇرۇش ئارقىلىق مىدىيە (ئىران) دىن هەيدەپ چىقىرىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاخىرىدا هىيلە ئىشلىتىش ۋاسىتىسىنى تاللىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سىكىفلار يولباشچىسى مەدىنى سۈلهى ـ يارىشىش زىياپىتىگە چاقىرىپ زەهەرلەپ ئۆلتۈرگەن. نەتىجىدە سىكىفلار پارچىلىنىپ، بىر قىسمى هالاك قىلىنغان بولسا، يەنە بىر قىسمىنى مىدىيىلىكلەر ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىپ، ئۇلاردىن خاس قوشۇن تەشكىللىگەن. ئەسىرگە چۈشكەن سىكىف جەڭچىلىرى مىدىيىلىك ياشلارغا ئوقيا ئېتىش ۋە ئوۋ ئوۋلاش قاتارلىق ئۇرۇش ماھارەتلىرىنى ئۆگەتكەن. رۇس تۈركولوگلىرىدىن س. يې. نېكلىيۇدوۋنىڭ ئاساسلىشىچە، تۈركىي خەلقلەر تىل بايلىقىدىكى ئېر (ئەر)، ئېرلىك، خان، بەگەتۇر، مەئەدىر، باتۇر، پەخەتۇر، كۈچۈ، بەگۈ، بۆكە، مەرگەن قاتارلىق سۆزلەرنىڭ هەممىسى كۈچلۈكلۈك، باهادىرلىق ۋە قەهرىمانلىق مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەپسانىۋى قەهرىمان تىمسالىغا ئايلانغان ئالىپ ئەرتۇڭا تارىخىي شەخس سۈپىتىدە مەدىنىڭ ئومۇمىيلاشقان بەدىئىي ئوبرازى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئالىپ ئەر بىلەن مەدى بىر كىشى ئىسمىنىڭ ۋارىيانتلىرىدۇر. مەدى ـ مەئەدىرنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، ئۇ باهادىر (ئالىپ ئەر) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ۋە هازىرقى تۇۋا تىلىدا ئەينەن «مەئەدىر» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. تۈركىيەلەردە «م» بىلەن «ب» ئالمىشىدۇ. مەسىلەن: بايرام ـ مەيرەم، بويۇنچاق ـ مويۇنچاق ... دېمەك، مەئەدىر ـ باهادىر ئالىپ ئەر مىلادىدىن ئالدىنقى 7 ـ ئەسىردە ياشىغان تۈرك خاقانىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ جاسارەتلىك پادىشاھ مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن يۈسۈپ خاس هاجىپ ئەسەرلىرىدە ئالىپ ئەرتۇڭا ساپ تۈركچە ئىسمى «دۇكۇخان» دەپ، پارس ئەدەبىياتىدا ئەپراسىياپ نامى بىلەن تەسۋىرلەنگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئالىپ ئەرتۇڭا ئوبرازى يارىتىلغان داستانىنىڭ پارچىلىرى ساقلانغان. ئۇ ئەقىللىق، تەدبىرلىك ۋە بىلىملىك خاقان بولۇپ، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ هېكمەتلىك سۆزلىرى ئەينى زاماندا ئۆز قەۋمى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىگ» تە ئۇنىڭ ئاتىلار سۆزلىرىگە ئايلانغان ماقالىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان. داستاندىكى «ئۇلۇغ خان» (85 ـ بېيىت)، «تاغ يۈرەك جەسۇر ئەر» (2337 ـ بېيىت)، «توڭا» (1409 ـ، 2482 ـ بېيىت)، «ئەلبېگى» (2496 ـ بېيىت)، «ئىلى ئەركىنى» (4752 ـ بېيىت)، «بۆكە» (5523 ـ، 5043 ـ بېيىت)، «ئۈچ ئوردا خېنى» (5569 ـ بېيىت)، «ئېلچى ئۇلۇغ» (5884 ـ بېيىت) قاتارلىق سۈپەتلەر بىلەن كەلتۈرۈلگەن هېكمەتلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى خاقانلىرىغا جۈملىدىن دۇكۇخان (ئالىپ ئەرتۇڭا) غا ئىشارە قىلىنىلغان بولۇپ، پەيلاسوپ شائىر ئەسەردە «ئەللەر بېشى» (3172) بولغان بۇ قەهرىمان خاقانغا مۇنداق مەدھىيە ئوقۇغان:

276. بۇ تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاهان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئىلىمدە بۈيۈك، كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرخىل ، زېرەك ئەر ئوغلان ،
دۇنياغا زېرەكلەر بولۇر هۆكۈمران.

280. تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئەپراسىياپ،
بۇ ئەپراسىياپ تۇتتى ئەللەر تالاپ.

283. ئەجەب ياخشى ئېيتقان جەسۇر باتۇر ئەر،
جاسارەتلىك ئەر چىڭ تۇگۈننى يېشەر.

پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدا كەيخىسراۋ ۋە ئەپراسىياپقا ئائىت ئونلاپ ئەپسانىلەر تۈركۈمى يارىتىلغان. هەتتا پىردەۋسى «شاهنامە» دە قەدىمكى مىدىيە بىلەن سىكىفلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقلىرىنى كەڭ سەهىپە ئاجرىتىپ تەسۋىرلىگەن. مىدىيە هۆكۈمدارىنىڭ سىكىفلار خاقانى مەدىنى زەهەرلەپ ئۆلتۈرۈشكە ئائىت تارىخىي ۋەقەلەر كېيىنچە تۈركىي خەلقلەر فولكلورىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «ماناس» ۋە «ئالپامىش» داستانلىرىدىمۇ ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى هېكايىلەرنى ئەسلىتىدىغان ۋەقەلىك ماتىفلىرى بار. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭرى تارقالغان ئالىپ ئەرتۇڭا نامىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ساقلانغان مەرسىيىلەردە مەزكۇر پاجىئە قايغۇلۇق بىر كەيپىياتتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

تۈرك قەدىمشۇناسى رەفىق ئازدېك يوقىرىقىدەك تۈرلۈك مەنبەلەر ئاساسىدا ئالىپ ئەرتۇڭا داستانىنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل نۇسخىسىنى تىكلىگەن بولۇپ، بۇ تەتقىقات ئالىم-

كلاسسىك ئەدەبىيات ـ كلاسسىك مۇزىكا

نىڭ «تۈركلەرنىڭ ئالتۇن كىتابى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن. تۆۋەندە داستاننىڭ تولۇق تېكىستىنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## «ئالىپ ئەرتوڭا» داستانى

ئالىپ ئەرتوڭا دېگەن خاقان بار ئىدى،
ئۇڭا زامان ۋە كۆك يۈزى تار ئىدى.
تۇغ ئەيلىگەندى ئۇ قۇياشنى كۆككە،
دانالىقتا تەڭسىز ،جاھاندا يەككە.
كۆك تۈركلەر ،ئۇيغۇر ،قارلۇق،قارىخانلىق،
يەنە دېسەك تۈركلەر ئىنساپ-ئىمانلىق.
ئۇنى ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىشقان،
زەپەر شۆھرىتىنى ھەر يان يېيىشقان.
بەندىلىكنى بېجا كەلتۈرگەچ خاقان،
ئەل - يۇرت كۆك لىباسقا پۈركەندى شۇئان.
قەۋم سېغىنىش بىلەن نامىنى يادلاپ،
قالدى ياقا يىرتىپ ۋە چەكتى ئەپغان.

تۇران بىلەن ئىراندىن ئىبارەت ئىككى ئەل بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىدى. ئىران مەملىكىتىنىڭ تەختىدە مانۇچېھىر، تۇران ئۆلكىسىنىڭ تەختىدە بولسا ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئاتىسى پېشاڭ ئولتۇراتتى. ئىران ھۆكۈمدارى مانۇچېھىر ئۆلگەندە خاقان پېشاڭ ئوغلى ئالىپ ئەرتوڭاغا: «پارسلار بىزگە كۆپ ۋەيرانچىلىقلار كەلتۈرگەن، ئەمدى تۈركنىڭ ئۆچ ئالىدىغان پۇرسىتى كەلدى» دېدى. ئالىپ ئەرتوڭامۇ ئۇزۇندىن بېرى شۇنداق ئويلاپ يۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن: «ئارسلان بىلەنمۇ ئېلىشىشقا تەييارمەن ، ئىراندىن ئەلۋەتتە قىساس ئالىمەن» دېدى. شۇڭا ئالىپ ئەرتوڭا جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى . لېكىن پېشاڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئالىپ ئارىز پارسلار بىلەن ئۇرۇشنى خالىمايتتى.

ئالىپ ئەرتوڭا ئارسلاندەك يالىلىق ، گويا سەرۋى دەرەخدەك قامەتلىك ئىدى. ئۆز دۈشمىنىگە تىمساھتەك تاشلىناتتى، شىكاردا بۆرىدەك چاققان، جەڭ ۋاقتىدا پىلدەك قۇدرەتلىك ئىدى، يول يۈرگەندە يەرلەر گۈرۈسلايتتى، ئوق ئاتقاندا زېمىن لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ غەزەپلىنىپ جەڭگە كىرگۈدەك بولسا قەدەم قويغان جايىدىن چوڭقۇرلۇق، تۆككەن قېنىدىن ئېقىن پەيدا بولاتتى. دوستلىرىغا ئۈمىد ۋە سائادەت بەخش ئەتكۈچى تىلى دۈشمەنلىرى ئۈچۈن زەھەرلىك قىلىچنىڭ ئۆزى، دانالىقتا ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كىشى يوق ئىدى ،كۆڭلى دەريادەك كەڭ، قولى يامغۇر تۆككۈچى باھار بۇلۇتلىرىدەك ئۇچۇقتى. ئاتىسىنىڭ ئىسمى پېشاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ قەۋمىمۇ ئاتىسىنىڭ قەۋمىدەك تۈرك ئىدى. ئالىپ ئەرتوڭانىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى بولغان. قىزلىرىنىڭ بىرى غازدەك چىرايلىق بولغىنى ئۈچۈن قاز (غاز) دەپ ئىسىم قويۇلغان ئىكەن. ئاتىسى ئۇنىڭغا ئاتاپ ، ئىلى دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان چوڭ بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا قەلئە - ساراي سالدۇرغان ئىدى. قاز (غاز) بۇ يەردە بەختىيار ئۈزۈپ يۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن تۈركلەر بۇ دەريانى «قاز سۇيى» دەپ ئاتاشقان. كېيىن قاز ياشىغان ۋە ئەركىن ئۆسكەن بۇ ماكان شەھەرگە ئايلاندى. شەھەرگە «قاز ئۈيىنى» نامى بېرىلدى ، بۇ ھازىرقى قازۋىن شەھىرىدۇر...

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆز قوشۇنى بىلەن ئىران تەرەپكە راۋان بولدى. ئىككى ئەل لەشكىرى دېھىستان دېگەن جايدا توقۇنۇشتى، شۇ يەردە تۈرك جەڭچىلىرىدىن بارمان ئىسىملىك يىگىت ئېتىنى مەيدانغا چاپتۇرۇپ كىرىپ، پارسلار بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇنىڭ بىلەن جانبازلىق قىلىشقا پارس قوماندانىنىڭ ئىنىسى قۇباد سۈرەن - چۇقان بىلەن كىرىپ كەلدى. ئىككى باھادىر تاڭ ئەتىگەندىن شامغىچە قىلىچۋازلىق قىلىشتى. ئاخىرىدا بارمان قۇبادنى يەر چىشلىتىپ ، ئالىپ ئەرتوڭا ھۇزۇرىغا غەلىبە بىلەن قايتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئەل قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى. شۇنداق شىددەتلىك ئۇرۇش بولدىكى، ئۇنى تەرىپلەشكە قەلەم ئاجىزدۇر... بۇ جەڭدە ئالىپ ئەرتوڭا زەپەر قۇچتى. جەڭ مەيدانىدا پارسلارنىڭ ئۆلۈكى تاغدەك دۆۋىلەندى. ئىران پادىشاھى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، دېھىستان قەلئەسى تامان يول ئالدى . ئالىپ ئەرتوڭا قەلئەنى قورشاپ ، رەقىب پادىشاھنى ئەسىرگە ئالدى. ئارقىدىن ئىران بىلەن بىر مەۋقەدىكى قابۇل دۆلىتىنىڭ قەھرىمانلىقتا نامى يىراق- يېقىنغا پۇر كەتكەن پادىشاھى زال پارسلارغا ياردەمگە كەلدى. ئۇ تۈرك قوشۇنلىرىنى بىر ھۇجۇم بىلەن تارمار كەلتۈردى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئالىپ ئەرتوڭا قولىدىكى پارسلار شاھىنى قەتل قىلدى . ئەمما ئۇكىسى ئالىپ ئارىز بىر قىسىم ئەسىرلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىگە قاراپ تۇردى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە قارشى چىقىپ سارى شەھىرى تامان تىرىك قويىۋەتتى، نەتىجىدە ئالىپ ئەرتوڭا ئۇنىڭمۇ بېشىنى ئالدى، يەنە ئۇزاق ئۇرۇشلار ئارقىلىق ئالىپ ئەرتوڭا نۇسرەت قۇچۇپ، ئىران شاھىنىڭ شاھلىق تاجىنى كىيگەن ھالدا رەي شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. پارسلار بولسا ئۆلتۈرۈلگەن پادىشاھنىڭ ئورنىغا زېۋ ئاتلىق كىشىنى شاھ قىلىشقان ئىدى . ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدا قايتىدىن ئۇرۇش باشلاندى. ئۇزاققا سوزۇلغان قان تۆكۈشلەر جەريانىدا ئاچارچىلىق يۈز بەردى. دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ پادىشاھى «قىرغىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىق ئادەملەرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتمىسۇن» دېگەن مەقسەتتە سۈلھى تۈزۈشكە رازى بولۇشتى. نەتىجىدە ئىراننىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلەر تۇرانغا ئايرىپ بېرىلدى. ئىران پادىشاھى زېۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى شەرتنامە بۇزۇلۇپ، ئالىپ ئەرتوڭا قايتا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى . پارسلار ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زالدىن ياردەم سورىدى . ئۇ قېرىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن مەردۇ مەردانىلىقتا ئۆزىدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئوغلى رۇستەمنى جەڭگە ئەۋەتتى. ئاقىۋەتتە زال ئوغلى رۇستەم تۈركلەرنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى. بۇ ئىران تەختىگە كەيقاباد ئولتۇرغان دەۋرلەر ئىدى. رۇستەم بىر ھۇجۇمدىلا 1160 نەپەر باھادىر تۈركنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ غەلبىگە كۆزى يەتمەي، ئۇرۇش توختىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىتلار ئۆتتىكىن تاڭ ئىران تەختىگە كەيكاۋۇس ئولتۇردى، بۇ ۋاقىتلاردا ئىران بېسىۋالغان ئەرەبلەر ئىسيان كۆتۈردى. ئالىپ ئەرتۇڭا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىراننىڭ ئىچكىرىسىگىچە ھۇجۇم قىلىپ كىردى ۋە مىڭلىغان كىشىلەرنى ئەسىر ئالدى. ئەمما قابۇل پادىشاھىنىڭ ئىرانغا ياردەم بېرىشى بىلەن تۈركلەر مەغلۇپ بولدى. ئۇرۇشتىن كېيىن رۇستەمنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن مەخپىي كېلىشىپ ، جەڭگە تەييارلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. دۈشمەننىڭ مەقسىتىنى بىلگەن ئالىپ ئەرتۇڭامۇ ئۆز قوشۇنلىرىنى مەشىقلەندۈرۈشكە باشلىدى . لېكىن ئۇ شۇ پەيتتە يامان چۈش كۆرگەچكە، بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، ئىران بىلەن سۈلھى تۈزدى . شەرت بويىچە سەمەرقەند ، بۇخارا ۋە چاچ شەھەرلىرى پارسلارغا تەۋە بولدى . ئۇشبۇ كېلىشىمگە رازى بولمىغان كەيكاۋۇس ئوغلى سىياۋۇش ۋە رۇستەمگە غەزەپلەندى . نەتىجىدە رۇستەم قېيداپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى، سىياۋۇش بولسا تۈركلەرنىڭ پايتەختى گەڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئالىپ ئەرتۇڭادىن پاناھلىق تىلىدى. سىياۋۇش دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ھەقىقىي تۈركىي كىشىدەك ، ئۆزىنى ئۇلارغا يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى ۋە بۇ يەردە تۈرك باھادىرلىرىدىن پىراننىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ، پەرزەنت كۆردى ۋە ئۇنىڭغا كەيخىسراۋ دەپ ئىسىم قويدى . يەنە بىر مۇددەتتىن كېيىن سىياۋۇش ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ گۈزەل مەلىكىسى فەرەنگىز بىلەن توي قىلدى . ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ بىر تەرەپتىن تۈرك ئۆدۈملىرىنى مەنسىتمىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەرگە پايدىسىز سىياسىي تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا ئالىپ ئەرتۇڭا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىم سىياۋۇش ئۈچۈن قىساس ئېلىش مەقسىتىگە كەلگەن رۇستەم قايتىدىن قوشۇن تەشكىللەپ، ھۇجۇمغا ئاتلاندى ۋە تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى . ئۇرۇشتا ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئوغلى سەركە ئۆلۈپ، تۇراننىڭ بىرقانچە شەھەرلىرى بۇلاپ تالاندى ۋە كۆيدۈرۈلدى. ئالىپ ئەرتۇڭا قانلىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، تۇران ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى. ئۇ ئىرانغا قىلغان قەھىرلىك ھۇجۇملاردا ئېكىنزارلىقلارغا ئوت قويۇپ، قىرغىنچىلىق قىلدى ۋە سان ـ ساناقسىز ئادەملەرنى ئەسىرگە ئالدى. يەتتە يىل داۋاملاشقان ئاچارچىلىقتىن پارسلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ تۈگىدى .

كېيىنكى زامانلاردا ئالىپ ئەرتۇڭا بىلەن رۇستەم ئوتتۇرىسىدا پات ـ پات ئۇرۇشلار بولۇپ تۇردى، بۇ ئۇرۇشلاردا بەزىدە تۈركلەر يەڭسە، بەزىدە پارسلار غالىپ كېلەتتى. شۇنداق جەڭلەرنىڭ بىرسىدە ئالىپ ئەرتۇڭاغا ياردەمگە كەلگەن چىن خاقانىمۇ ئەسىرگە چۈشتى. شۇ پەيتلەردە ئىران تەختىنى تۇراندا تۇغۇلغان سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ ئىگىلىگەن ئىدى. تۈركلەرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىران شاھى ئۆزىنى دۇنياۋى جاھانگىردەك ھېس قىلدى . يەنە ئىراننىڭ مەشھۇر باھادىرلىرىدىن بولغان بىجاننى يوشۇرۇنچە تۇرانغا ئەۋەتتى. بىجان تۇران چېگرىسىغا كىرىپ ئورمانلىقتا راھەت- پاراغەتكە بېرىلىپ كەيپ ـ ساپا قىلىۋاتقان بىر توپ قىزلارنى كۆرۈپ قالدى. قىزلار خۇددى گۈلنى ئايلىنىپ يۈرگەن كېپىنەكلەردەك ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ گۈزەل مەلىكىسى مانىجاننىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناپ ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشەتتى. بىجان مانىجاننى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدى ۋە ئۇنى ئۆز قەسرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئالىپ ئەرتۇڭا غەزەپلەندى، بىجاننى زىندانغا تاشلاپ ، مانىجاننى سۈرگۈن قىلدى.

ئىران پادىشاھى قەرەلىدە قايتىپ كەلمىگەن سەركەردىنى تېپىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى رۇستەمگە تاپشۇردى. بۇ قېتىم رۇستەم سودىگەر قىياپىتىدە ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ سارىيىغا كەلدى. ئۇ سۇيىقەست ئىشلىتىپ، پارس باھادىرىنى زىنداندىن قۇتۇلدۇرۇپ، بىجان ۋە مانىجاننى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىرانغا قاچۇرىۋەتتى. رۇستەم بۇ ھىيلىۋى غەلىبىسى بىلەن بىر زامان جاھانغا پاتماي كەتتى. بۇنداق نومۇسلۇق ئەھۋالدىن غەمگە پېتىپ، ۋاقىتنىچە ئۆزلەتتە ياشىغان ئالىپ ئەرتۇڭا كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەگلىرىنى يىغىپ: «مەن سىلەرنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى خاقانىڭلار، شۇ پەيتكىچە تۇران ئىران ئالدىدا غورۇرلىنىپ كەلگەن. لېكىن بۈگۈنگە كەلگەندە پارسلار سارىيىمىزغىچە كېلىپ بىزگە ھاقارەت قىلدى. ئەمدى لەك مىڭ ، لەك مىڭ لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالماقچىمەن!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن تۇران قوشۇنى جەڭگە ئاتلاندى. ئالىپ ئەرتۇڭا بولسا ئامۇ دەريا بويىدىكى قارارگاھىدا ئالتۇن كۇرۇستا ئولتۇرۇپ غەلىبە خەۋىرىنى كۈتتى. ئويلىمىغاندا، تالاپەت خەۋىرى كەلدى، قېرىغان تۈركلەر پادىشاھى غەم دەرياسىغا چۆمدى. بولۇپمۇ ياش ئوغلىنىڭ پارسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ يۈرىكىنى داغلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاقانلىق ئىختىيارىدىكى بارلىق قوشۇنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يەنە يۈرۈش باشلىدى ، ئۇ قوزغىغان ياۋايى پىلدەك جەڭگە ئاتلاندى. قېرىپ قالغىنىغا قارىماي، يەكمۇيەككە

ئېلىشىپ، پارسلارنىڭ تاغ يۈرەك باھادىرلىرىدىن نەچچىنى يەر چىشلەتتى . ئاقىۋەتتە كەيخىسراۋنى بىرمۇبىر ئېلىشىشقا چىللاپ ئات سالدى، ئەمما تۇران پالۋانلىرى ئۇنىڭ ئىران شاھى بىلەن ئۈرۈشۈشىنى توسۇپ ، مەيداندىن قايتۇردى. كەيخىسراۋ كۆچكە تولغان نەۋقىران چاغلىرى بولىشىغا قارىماي، يارىلانغان ياۋايى شىردەك ھۆكۈرەۋاتقان قېرى تۇران شاھى بىلەن ئېلىشىشقا پېتىنالمىدى. جەڭدىن كېيىن ئالىپ ئەرتۇڭا قوشۇنى بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى ساھىلىغا ئۆتتى ۋە بۇ يەردە قاراخانىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ بۇخاراغا ، كېيىنرەك باشكەنت - چەڭ شەھىرىگە قايتتى. پايتەخت چەڭ جەننەتتەك گۈزەل شەھەر ئىدى . تۆپىرىقىدىن مۇشكى - ئەنبەر تارقىلىپ، خىشلىرى ئالتۇندەك پارلايتتى، ئاسمان پەلەك قەلئەلىرىدىن بۇركۇتمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتى، ھەممە يەردە قايناپ تۇرغان بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىلەن تولغان كۆللەر كۆك ئاسمان بىلەن رەڭ تالىشاتتى. ئالىپ ئەرتۇڭا مۇشۇنداق راھەتبەخش جايدا تۇرۇپ، چىن خاقانىدىن ياردەم سوراپ مەكتۇپ جۆنەتتى. بۇ قېتىملىق جەڭدە كەيخىسراۋ بىلەن رۇستەم ئاۋۋال ئۆزلىرىنى چېكىنگەندەك كۆرسىتىپ، كېيىن تۇران زېمىنىغا يەنە باستۇرۇپ كىردى ۋە باشكەنت - چەڭنى قورشىۋالدى. ئالىپ ئەرتۇڭا بولسا بىرقانچە بېگىنىڭ ھەمراھلىقىدا، يوشۇرۇنچە شەھەردىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ ماڭغىنىچە ياردەم سوراش ئۈچۈن چىن خاقانى تامان يۈردى. كېيىن خاقانى چىن نۇرغۇن قوشۇن تەييارلاپ قويغانلىقىنى بىلدۈردى . بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان تۈرك قەبىلىلىرى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ بايرىقى ئاستىغا قايتىدىن يىغىلىدىغان بولۇپ تەييارلىقنى باشلىدى. ئەمما جەڭ ھارپىسىدا چىن خاقانى ۋەدىسىدە تۇرمىدى، ئۇنىڭ كەيخىسراۋ بىلەن يوشۇرۇن كېلىشىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇ چاغدا ئالىپ بەگ ئىران شاھىغا خىلۋەت جايدا ئۇنىڭ بىلەن تەنھا جاڭبازلىق قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خەت يازغان بولسىمۇ ، ئۇنىڭ تەكلىپى رەت قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇنى تارقاپ كەتكەن ئالىپ ئەرتۇڭا روھى چۈشكەن ھالدا زەرە دېڭىزى بويىغا كەلدى. ئۇ چوڭقۇر دېڭىزدىن ئات بىلەن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، گەڭدىزى شەھىرىگە يەتتى . كەيخىسراۋ بولسا بىھېساپ قوشۇنى بىلەن ئۇنى قورشاپ كېلىۋاتاتتى . ئالىپ ئەرتۇڭا تىكەندەك يالغۇز ، ئىچىشكە نە سۈيى، يېيىشكە نە ئوزۇقى قالمىغان ھالەتتە بىچارە ئىدى. ئۇ بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ شۇم تەقدىرىدىن نالىدى. تەڭرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت سوراپ ، ئىلتىجا قىلدى. شۇ پەيتتە غايىپتىن پەيدا بولغاندەك خۇم ئاتلىق بىرسى خۇداغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقان بۇ ئىنسانىنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. چۈنكى تۈركچە بۇنداق چىرايلىق سۆزلەش ۋە ئىلتىجا قىلىش پەقەت ئالىپ ئەرتۇڭاغىلا خاس ئىدى. خۇم تۇيدۇرماستىن ئالىپ ئەرتۇڭانى تۇتىۋالدى . ھېمايىسىز باتۇر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلىدى. سۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەر ئۆزلىرىنى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئادەملىرىدەك، گويا ئۇنى قۇتقۇزىۋالمىغاندىكىدەك قىلىپ كۆرسەتتىيۇ، ئەمەلىيەتتە تۇران شاھى قىرغاقتا يېقىنلاشقاندا تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرىۋېتىشتى. ئەمما تارىختا كەيخىسراۋنىڭ ئالىپ ئەرتۇڭانى يارىشىش زىياپىتىگە تەكلىپ قىلىپ، زەھەرلەپ ھالاك قىلغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. كۆپ ئۆتمەي بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن تۇران ئېلىگە تارقىلىپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر قايغۇغا سالغان. بارچە تۈركلەر ھۆكۈرەپ ۋە ياقا يىرتىپ يىغلاشقان، يۈزلىرىنى تىلغاپ قانلىق ياش تۆكۈپ قەھرىمان شاھى ئالىپ ئەرتۇڭاغا ماتەم تۇتقان، دېپنە مۇراسىمىدا ئادەملەرنىڭ قوشاق قوشۇپ يىغلىغان يىغىسىغا مۇغەننىيلەرمۇ قوبۇز چېلىشىپ جور بولغان.

### ئالىپ ئەرتۇڭا مەرسىيەسى

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
يامان دۇنيا قالدىمۇ،
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
ياقا يىرتىپ ۋارقىرىشىپ،
ئۈنىنىڭ بېرىچە چىقىرىشىپ ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۇر.

زامان پۇرسەت كۆزەتتى،
ئوغرى توزاق ئۈزاتتى،
بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر.
ئادەتتىن زور نەرسە يوق،
باشقا بانىلارمۇ ھەم كۆپ،
ئاتسا زامان چەنلەپ ئوق،
تاغلار بېشى يەنچىلۇر.

بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپىرەڭدەك سارغىيۇر.

يېغى ئاتىن ئۆچۈرگەن،

ئۇردىسىدىن كۆچۈرگەن،
ئىشنى كېسىپ بېجىرگەن،
ئەجەل ئوقى تەگدى ، ئۇنى ئۆلتۈرۈر.

زامان گەزدىن ئوق ئاتسا،
كىم تۇرانى قوغدىسۇن،
تاغقا تەگسە تاغ تۈگەل،
ۋادىلارمۇ يىرتىلۇر.
زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى،
ئۇسول كىشىلەر تەۋرىدى،
پەزىلەت تامامەن سىرەكلەشتى،
دۇنيا بېگى يوقىلىپ.

كۆڭلۈم ئىچى ئۆرتەندى،
پۈتكەن جاراھىتىم تىلىندى،
كەچمىش خاتىرەمگە كەلدى،
كۈن - تۈن ئۇنى ئىستەرمەن.
كېچە - كۈندۈز يىغلايمەن،
كۆز ياشلىرىم سورىلۇر.

---

## پايدىلانمىلار:


1. مەھمۇد كاشغەريي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - 1984 - يىللار نەشرى، ئۈچ توم.
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىلى نەشرى.
3. «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (خەنزۇچە)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى نەشرى.
4. رەفىق ئازدېك: «تۈركلەرنىڭ ئالتۇن كىتابى»، ئىستانبول، 1990 - نەشرى.


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى

تەھرىرلىگۈچى : مەرۋىجان مەمتىمىن

---

(بېشى 23 - بەتتە)

زەل ۋە ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلەرنى چىڭ تۇتۇشى؛ ئوتتۇرا ھال (مۆتىدىل) مىجەزدە بولۇشى، ئۆزىدىن ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان ۋاقىتتا قەھرى - غەزەپ كۆرسەتمەسلىكى، ئىتتىكلىك ۋە تەتۈرلۈك قىلماسلىقى، لېكىن ئىستىبداتقا ۋە يامانلىققا دەۋەت قىلىنغان ھامان قەھرى - غەزەپ، تەتۈرلۈك كۆرسىتىشى؛ ئاجايىپ مۇستەھكەم ۋە ئۇلۇغ بىر ئىرادە ئىگىسى بولۇشى، زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىشى، ھەرگىزمۇ قورقۇنچاق ياكى يۇمشاق قول بولماسلىقى لازىم.» «پەزىلەتلىك جەمئىيەتنىڭ رەئىسىدە تۇغۇلۇشىدىن ۋە بالىلىقىدىن باشلاپلا يۇقىرىقى ئون ئىككى سۈپەت (شەرتلەر) توپلانغاندىن سىرت، ئۇ چوڭ بولغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدا ئالتە خىل ئالاھىدىلىك ھازىرلانمىقى شەرت. بىرىنچى: ھەكىم (دانىشمەن) بولۇشى؛ ئىككىنچى: ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەھەردە ئورناتقان قانۇن - نىزاملىرىنى تولۇق بىلىشى ۋە ھەممە ئىشلىرىدا شۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى، بۇ قانۇنلار بويىچە ھەرىكەت قىلىشى؛ ئۈچىنچى: بۇرۇنقىلارنىڭ قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئايرىم مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى قىياسلارنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشى ۋە بۇ قىياسلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىزىدىن مېڭىشى؛ تۆتىنچى: ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەبىئىتى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر ھەققىدە ياخشى ھۆكۈم چىقىرالايدىغان بولۇشى ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك زېھىنغا ۋە سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشى، چىقارغان ھۆكۈملىرى شەھەر مەنپەئەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان بولۇشى؛ بەشىنچى: ئىلگىرىكىلەرنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆز لىرى ئورناتقان ياخشى ئۇسۇللار بىلەن ئۆگىتىشنى بىلىشى؛ ئالتىنچى: ھەربىي ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشى ۋە ھەربىي ماھارەتنىڭ ئاساسلىق ۋە نېگىزلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىشى لازىم.»

---

## پايدىلانمىلار:


1. فارابى: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ كۆزقاراشلىرى ھەققىدە»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 - يىلى نەشرى.
2. ئەبۇنەسىر فارابى: «فازىل ئادەملەر شەھرى»، ئابدۇللا قادىرى نامىدىكى خەلق مىراسى نەشرىياتى، تاشكەنت 1993 - يىلى نەشرى.
3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋارىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1981 - يىل نەشرى.
4. ئابدۇقادىر تۇردى: «فارابى (غايىۋى دۆلەت) تەلىماتلىرىنىڭ ياۋروپا خىيالى سوتسىيالىزمىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا قاراشلىرىم»، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 1986 - يىل 1 - سانى.


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# ئۆگلۈكچە بىلىشنىڭ سۈپەت دەرىجىلىرى

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

## 1. چىنلىق بويىچە ئىلگىرىلەش

ئۆگلۈك ئۆزىنى بىلىشتە ئالاھىدە سۈپەت قوغلىشىدۇ. شۇڭا، كىتابىي بىلگەنلىرىدىن يۈرەك قېتىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىزدەپ تېپىشنى تېخىمۇ قەدىرلەيدۇ. دەيدۇكى، ئۆزىنى بىلىش سەپىرى قەلب سەپىرى — ئۆزىنى بايقاش سەپىرى بولۇپ، بۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئىش كۆڭۈلنى ئەسىر قىلغان چەكلىمىلەردىن بۆسۈپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سەپەرگە ئاتلانغان ئادەم ھەقىقەت ئىزدەپ ئاللاقاياقلارغا چاپمايدۇ، ئۆزىگە — تالانت شاخلىرىنىڭ ئۇرۇقى، ئىجادىيەت تورلىرىنىڭ بۇلىقى بولغان يۈرىكىگە تەلپۈنۈپ ئىلگىرىلەيدۇ. دېمەك، ئۇ ئىزدەيدىغان چىنلىق شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىدە بولىدۇكى، ئۆزىدە بولغان چىنلىق نۇقتىسىدىكى ئىزدىنىش بۇ سەپەرنىڭ گۈزەللىكى، ئاجايىپلىقى، قىزىقارلىقىدۇر. شۇڭا، ئۆگلۈكنىڭ بۇنداق چىنلىقنى ئىزدەش تەشەببۇسىنى بىز يازغۇچىلىقتا ھەرقاچان تەكىتلەيدىغان «چىنلىقنى ئىپادىلەش» دېگەن ئۆلچەمگە سېلىش مۇمكىن. لېكىن، ئۆگلۈكتىكى چىنلىق رېتىمى ھازىرقى زامان يازغۇچىلىقىدىكى «چىنلىق» دەپ تونۇلۇپ «چىنلىق» نى مەلۇم كۆزقاراشلار رامكىسىغا سولايدىغان سۇبيېكتىپ رەۋىشتە بولماي، ھەر ئادەمدىكى ئىجادىي تالانت ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن بىلىش بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ چىنلىق تەلىپى بىزنىڭ ماددىي شەكىللەرنى كۆز بىلەن كۆرۈپ ياكى مەلۇم دىن، پەن ۋە تۇرمۇش ۋەزخورلىرىنىڭ شەرھلىرىدىن ئۇقۇملار بويىچە ئاڭلىۋېلىپ «بىلدىم» دېيىشىمىزگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆز يۈرىكىدىكى سەزگۈلەرنى بىلمەكچى بولغاندا، ئالدى بىلەن مەلۇم پەن، دىن ۋە تۇرمۇش ئارقىلىق شەكىللەندۈرگەن رامكىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ: «بۇنىڭدىكى چىنلىق نېمە؟ شۇنى تاپايلى» دەيدۇ. ئۆگلۈكنىڭ بۇنداق بىلىش ئۆلچىمى ئاجىز ۋە بىلىمسىز ئىنساننىڭ شەرھلىشىدىكى بۇ كۆز قاراشلاردا مەلۇم كەمتۈكلۈكلەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ يەنە ئادەمنىڭ دىل ئەينىكىنى كىرلەشتۈرۈپ قويىدىغان تەرەپلىرىنىڭمۇ بارلىقىدىندۇر. لېكىن، ئۆگلۈكنىڭ بۇنداق قىلىشى ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان تەلۋىلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى شۇ چىنلىقنى (ماددىيەتنى) بىۋاستە ئىدراكلاشقا ئاچقانلىقىدۇر. چۈنكى، كىشى قەلبىدە بىلمەكچى بولغان شەيئىگە قارىتا قارشىلىق، پەخەسلىك ھېسابىدىكى مەلۇم كۆزقاراش بولۇپ قالسا، مېڭە ئۇ شەيئىنى بىۋاستە ئىدراكلىيالمايدۇ. بىۋاستە ئىدراكلىيالمىغان ياكى تۇيۇپ ئالالمىغان ئىكەن، ئۇ شەيئىنى شەيئى قىلىپ تۇرغان كۆچكە مۇناسىۋەتلىك سىرلار كۆزەتكۈچىگە مەلۇم بولمايدۇ.

شۇڭا، ئۆگلۈك ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ئىچىدىكى ئەڭ نازۇك بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا چىنلىق توغرىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلىدۇكى، ئەگەشمەپ كەتمەيدۇ ياكى بۇرۇن بار مەلۇم بىر ئۇقۇمنى تەكرارلاپ جاۋاب بېرىش بىلەن ئىشنى بولدى قىلمايدۇ. مەسىلەن، بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا بىرسى دىن ساھىبى تۇرۇپ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا ھەققىدە گەپ قىلسا، ئۇنىڭ گېپىنى جەننەت ۋە دوزاقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يارالمىش ئەمەلىيىتى بويىچە سېلىشتۇرۇپ كۆڭلىدىن مۇنۇلارنى كەچۈرىدۇ:

«بۇ ئالەمدە كۆرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۇ دۇنيادىمۇ ئەينى شۇنداقتۇر. بۇ دۇنيادىكىسى بەلكى ئۇ دۇنيادىن نەمۇنىدۇر ۋە ئۇلار شۇ ياقتىن كەلتۈرۈلگەندۇر. ‹قۇرئان›دا: ‹سىلەرنىڭ كۆڭلۈك رىسقىڭلار بولغان ھەربىر نەرسىنىڭ ئەسلىي مەنبەئى بىزنىڭ دەرگاھىمىزدۇر› («قۇرئان» 5 ـ سۈرە 21 ـ ئايەت)» دېيىلگەن.

دۇكاندىكىسى ئامباردىكىلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر، ئاخىر. ئامباردىكىنى دۇكانغا سىغدۇرۇپ بولمايدىغۇ! ئىنسانمۇ ئەنە شۇنداق دۇكانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغىمۇ تەڭرىنىڭ سۈپەتلەر خەزىنىلىرىدىن بىرەر بىر پارچە (ئاڭلاش، كۆرۈش، سۆزلەش، ئەقىل، بىلىم، مەردلىك ۋەھاكازالاردىن) بېرىلگەن. دېمەك، ئىنسانلار تەڭرىنىڭ سەييارە ساتقۇچىلىرىدۇر ۋە ئۇلار تىجارەت بىلەن مەشغۇل. كۈندۈزى سودا قىلىپ ئىدىشلىرىنى بوشىتىدۇ، كېچىسى بولسا بوش ئىدىشلار يەنە تولدۇرۇلىدۇ، قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ.

ئۇ ئالەمدە تۈرلۈك-تۈمەن كۆزلەر، نەزەرلەر باردۇر. ئۇلاردىن ئىنسانغىمۇ نەمۇنە بېرىلدى. كۆرمەك! بۇ — ئىنساننىڭ كۆرۈشىدىن ئىبارەت ئەمەس. بىراق ئۇ بۇنىڭدىن ئارتۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇشبۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى چەكسىز بولسىمۇ، ئۇلار مۇئەييەن ئۆلچەملەردە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئاخىر. ئويلاپ كۆرگىن، شۇ ۋاقىتقىچە قانچىلىغان ئادەملەر كېلىپ ـ كەتتى ۋە ئۇلار بىر دېڭىزدا توپلاندى. ئەگەر ھەركىم ئەنە شۇ دېڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلسە، ئالەمنىڭمۇ شۇنىڭدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ۋە شۇ يەرگە قايتىش بولىدىغانلىقىنى قوبۇل قىلمىقى لازىم. چۈنكى، «ئەلۋەتتە بىز ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز ۋە ئەلۋەتتە بىز ئۇ زاتقا قايتقۇچىلارمىز» («قۇرئان» 2 ـ سۈرە، 156 ـ ئايەت) دەپ بۇيرۇلغان. يەنى بىزنىڭ بارچە پارچىلىرىمىز ئۇياقتىن كەلگەندۇر، ئۇياقتىن بىر

پەلسەپىۋى تەپەككۇر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

نەمۇنىدۇر. يەنە ئۇنىڭغا قايتقۇسىدۇر. بۇ، چوڭ-كىچىك
هايۋانلار ئۈچۈنمۇ شۇنداق»①.

ئۇنىڭدىكى مۇنداق مۇشاھىدىلىك دىل تەھلىلى (چىن-
لىقنى ئاچقۇچى كۆڭۈل) تەڭرىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى
كىتابىغا تەڭ ئېچىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىكى، ئۆگلۈك
بۇنداق تەپەككۇر ئىستىلىدە ھەممىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاقا-
چان شەكىللەندۇرگەن كۆزقاراشلىرى بىلەن كۆزىتىدىغان
ۋە باشقىلارنىمۇ شۇ ئەندىزىگە سېلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئۆز-
لۈكنىڭ قاتمال دىلىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە يۇمشاق بولىدۇ.
بۇنداق يۇمشاق كۆڭۈلنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىشى، ئۆگىنى-
شى، ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىشىغا دىن، پەن ۋە جانلىق تۇر-
مۇش ھەقىقەتلىرى كۆمۈلگەن بولىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن
شەيئىلەرنى كىتابىي ۋەزخورلاردىن ئوبدانراق چۈشىنىپ
كېتىدۇ.

تارىخىمىزنى ئەسلىسەك، بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ
شۇنداق كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. ئالايلۇق، شۇ زاماندىكى
قاراخانىلار سۇلالىسىدە ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى دىن بىلەن
چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئىدى. دىندا باش كۆتۈرگەن
روھانىلار قارىشىدا تەبىئەتنى تونۇش بۇرمىلانغان بولۇپ،
ئۇلار: «ھېچنەرسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش مۇمكىن ئە-
مەس، ئالەمنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىنتىلىش ئىنسان-
لىق ۋۇجۇدىغا يات» دەيتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆڭ-
لى ئۆگلۈكچە يۇمشاق بولغاچقا، شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە،
ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا ئەسىر بولمىدى، تارىخنىمۇ ئۇ-
زۈپ قويمىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرىنچى مەدەنىيەت
دولقۇنىدىكى ئېتىقادى بولغان ماھايانا (大乘佛教) نىڭ
«تەڭرى بىلەن مەۋجۇدات تەبىئەت ۋۇجۇدىنى تەشكىل قى-
لىدۇ. بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندە، بىر پۈتۈن ۋۇجۇد شە-
كىللىنىدۇ، شۇڭا، تەڭرى بىلەن ۋۇجۇد (تەبىئەت) نى ئاي-
رىپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار سەۋەب بىلەن ئا-
قىۋەت شەكلىدە بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن
كۆزقاراشلىرىدىن ئاخىرەتكىچە ئويلاپ كۆردى. بولۇپمۇ
ماھايانانىڭ ئالەمنى خۇددى ئىككى قولىدىكى ۋە ئىككى پۇ-
تىدىكى ئون بارماقتەك ئون قەۋەت مۆلچەرلەپ، ئالەملىك
گەردىشتىن تاكى ئۇنى بايقىغۇچى زېھىن بوشلۇقىغىچە
بۇنداق ئونلۇقلارنى تەدبىقلاپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى
ئېچىپ بېرىدىغان مىللىي بىلىم غەزىنىسىنى ئىسلامىي
شەكىلدە ئىپادىلەشكە تىرىشتى. بۇنىڭ ئىچىدە تارىمدىن
خارەزىمغىچە خەلقلەردە شەكىللىنىپ بولغان كۆك يۈزىنى
«ئاتا» دېسە، يەر يۈزىنى «ئانا» دەيدىغان، بۇ ئىككى يۈز ئوت-
تۇرىسىدىكى شەيئىلەرنى بۇ ئىككى يۈزنىڭ پەرزەنتلىرى
ھېسابلاپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي داھىيسى بولغان قا-
غاننى «تەڭرىقۇت» (تەڭرىنىڭ ئوغلى) دەيدىغان ئەنئەنى-
سىدىن ئۆزى ئىمان ئېيتقان ئىسلامى ئېتىقادقا زىت كەل-
تۈرمەي پايدىلاندى. يەنى شۇ چاغدىكى ئەجدادلىرىمىزدا:

تۇپراق، سۇ، گىياھ، ھايۋان ۋە بۇلارنىڭ «خەلىپە» سى
بولغان ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ تۇغقانلىرى، بۇلارنى يەر يۈزى
بىلەن كۆكيۈزىنىڭ بالىلىرى دەپ قاراش كېرەك دەيدىغان
ئەنئەنە بار بولدى. بۇ ئەنئەنە ۋە قاراشنىڭ قىسقىچە مەزمۇ-
نى مۇنداق ئىدى: كۆكيۈزى ئەركەك، يەر يۈزى بولسا مەدەك
(ئايال، چىشى) ھېسابلىناتتى. كۆك يۈزى يەر يۈزىدىن ئى-
بارەت چىشى جۈپتىنى بېقىش ئۈچۈن يەر يۈزىنىڭ ئەترا-
پىدا خۇددى خوتۇن ـ بالىلىرىنى بېقىۋاتقان ئەر كىشىدەك
ئايلىنىپ يۈرەتتى. يەر يۈزىمۇ چىشىلىق ياكى ئانىلىقنى
جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن جانسىزلار، گىياھلار، ھايۋانلار
كەبى بالىلارنى تۇغاتتى، يېتىشتۈرەتتى. كۆك ۋە يەر يۈزى-
دىكى بۇنداق جور بولغان ھەرىكەتلەر ياراتقۇچىدىن ئەقلىي
بېشارەت بولۇپ، ئۇلاردىكى رىتىم تەڭرى ئورناتقان تېبى-
ماس قانۇنلار تۈپەيلى خۇددى ئەقىللىق كىشىلەردەك ھەرى-
كەت قىلاتتى. بۇ ئىككىي گۈزەل يۈز ئەگەر بىر ـ بىرىدىن
سۆت ئىمىشمىگەن بولسا ئىدى، قانداق قىلىپ ئەر ـ ئايال
كەبى بىر ـ بىرىنىڭ تىلىكىگە ماسلىشالايتتى؟ كۆڭلى
يۇمشاق بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مانا مۇشۇنداق چىن-
لىقتىن تۆرەلگەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرىمىزغا يېڭىدىن
تىكلىگەن ئىسلامىي ئۆزلۈكىنى قارشى قويمىدى، بەلكى،
ياراتقۇچى قانۇنلىرىدىكى بۇنداق سىرلارنى ئېچىپ دەۋر تە-
لىپىدە ئۆزىنى يارىتىدىغان ئۆگلۈك مىجەزى بويىچە ئىجا-
دىي قەدەم باستى ۋە دېدىكى: «ئىنسان بىلمەيدىغان ۋە بى-
لەلمەيدىغان شەيئى يوق، ھەربىر نەرسىنى بىلىش، ئۇنىڭ
ماھىيىتىگە يېتىش، ئىنسان ۋۇجۇدىغا ماس ئەقلىي قۇد-
رەت». ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە ئىسلامىي تەسەۋۋۇپنىڭ
ئەقلىي كۆللى ۋە ئەقلىي جۇزئى قارىشىنى ئەركەك ۋە
چىشى ئورنىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەقلىي كۆللىنى ئەركەك
(بىلدۈرگۈچى)، ئەقلىي جۇزئىنى چىشى (بىلگۈچى) ئور-
نىدا قويۇپ، بارلىق ئىلىم ـ پەن كەشپىياتلىرىنىڭ مۇشۇ
بىلدۈرگۈچى بىلەن بىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلى-
نىشتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى جەزىم قىلىشى ۋە شۇ
بويىچە بۇ ئەسىرى ئارقىلىق بارلىق ئىلىملەرنىڭ بەرپا
قىلىنىشىغا ئىجادىي يول ئېچىشى ئەنە شۇنداق ئۆگلۈك
قارىشى ـ كۆنۈككەن ئۆزلۈكى ئىچىدىن يېڭىچە يۈكسەك-
لىككە چىقىشقا ئۇنايدىغان ئۆگلۈكچە يۇمشاق كۆڭلىدىن
بىزگە مىراس قالدى.

روشەنكى، مۇنداق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش يۈسۈپ
خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنە
شۇنداق چىنلىق ـ راستلىققا تەلپۈنۈش ئارقىلىق دۇنيانى
چۈشەندۈرۈش بولۇپ، روھانىيلار تەبىقىسىنىڭ: «ھەممە
ئىش تەقدىرى قىسمەت بىلەن بولىدۇ، تەقدىرسىز قىل
تەۋرىمەيدۇ» دېگەن سەپسەتىسىنى بۇسۇپ ئۆتتى. يەنى ئۆگ-
لۈكنىڭ چىنلىققا تەلپۈنۈش سۈپىتى ئۆزىنى «تەقۋادار
مۇسۇلمان» ھېسابلىغان بوۋىمىزنىڭ بىر ئىرا بۇرۇن دىن

بىلەن ئەمەلىي تۇرمۇش، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت مەسىلىسىدە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن ئەڭ ئىلغار يول تاللاپ، ھەم دۆلەتنىڭ ئىچىنى تۈزۈشكە ھەم دۇنيانىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇشقا سەۋەب بولدى.

گەرچە بىز بىلەن بوۋىمىز ئارىلىقىنى بىر ئىرا ئايرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بىلىش قائىدىسى ئۆزىنى ياراتقۇچىنىڭ بىر زەررىسى ھېسابلىغان بۈگۈنكى ئادەم ئۇچۇن ئوخشاش بىر ھالكى، ئەگەر بۈگۈنكى بىر ئادەم ھازىرقى ئىنسانلار ئۆزلۈكلىرىدە داۋام قىلىۋاتقان مۇرەككەپ چىگىش تارتىشمىلار (مۇنازىرىلەر) نى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ياراتقۇچى ئالدىدا بوۋىمىزدەك يۇمشاق كۆڭۈللۈك بىلەن ۋەھدەت (تىۋىنىش) ھالىتىگە كەلسە، ئۆزىنىڭ تەنها شەخسىيىتىگە نىسبەتەن ياراتقۇچىغا ئىستىغراغ (غەرق بولۇش) بولىدۇ ـ دە، ئۆزىدە بار بولغان ئېنېرگىيە ۋە ئەقلىي قورال بىلەن ئۆزىنى ئاسارەتلەپ تۇرغان بوغۇچلارنى كۆزىتىپ ئالالايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالغا كەلگەن ئادەم ئۇستازلىرى ئارقىلىق مەرىپەت ئىزدەۋاتقان ئۆزلۈكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، سۇبيېكتىپ تارتىشمىلاردىن چىققان ساپدىل ۋە سەزگۈر ئادەمكى، ئۇ تەبىئەت بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىنىش مۇناسىۋىتىدە كۆڭلىگە زاھىر بولغان ھەربىر تۇيغۇنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا سېزىپ تۇرىدۇ. ئارىغا ئۇستاز ياكى مەلۇم كىتابىي قائىدە چۈشۈۋالمىغان مۇنداق بىۋاستە، شۇنداقلا باشقىلار تەرىپىدىن قوچۇلۇپ كەتمەيدىغان تۇيغۇ ئۆزىنى بىلىشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆز دىلىدىن كۆتۈرۈلگەن بۇنداق تۇيغۇلارنى دائىم ساقلاپ ۋە ئۇلاپ ماڭالىدى دېسەك، ناۋادا بۇنداق تۇيغۇلار كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يۈرىكىدە ئىزناسىنى ساقلايدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن شۇ ئويلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئېلىپ، چىنلىقىنى — ئۆزىنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنى (ئادەملىك ماھىيىتىنى) ئېنىق كۆرۈپ ئالالايدۇ. دېمەك، ئۆگلۈك چىنلىق دېگەندە، مانا مۇشۇنداق ئۇزاق تارىخىي ساۋاقلاردىن كۈنىمىزدىكى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە يۈزلىنەلەيدىغان بىر قەلب سەپىرىدۇر.

شۇنىڭ ئۇچۇن بۈگۈنكى كۈندىكى بىر نادان: «بىز دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ساھىبى، بىزنىڭ دىنىمىزنى مۇشۇنداق مۇشاھىدە قىلىشىمىز ۋە ئىجتىھات بىلەن تەبلىغ قىلىشىمىز باشقا دىندىكىلەردىن ئۇستۈن بولغاچقا، كىشىلىرىمىز مۆئمىنى مۇسۇلمان بولماقتا» دېگەندەك دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلىپ ماختانماقچى بولسا، ئۆگلۈك ئاشۇ سەزگۈرلىكى بىلەن بۇ نادان قىلغان ۋەزگە ئەمەس، ئۇ ۋەز قىلغان جامائەتنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ھالىغا قارايدۇ ـ دە، دىلىدىن ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە ئىشىكلەر ئېچىپ دەيدۇكى: سىز بۇ دىننىڭ قانچىنچى تەبلىغاتچىسى. بۇ دىن تارىختىكى ئۇزاق زامانلاردا بىزدە ياخشى ـ يامانلىقلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەردى، ئەمدى بىز «بىلىم كۈچ» دەيدىغان بىلىم دەۋرىدىن ئۆتۈپ «ھەقىقىي كۈچ ئىجادچانلىق» دەيدىغان ئىلمىي قاراشقا يېتىپ كەلدۇق. سىز بۇ دەۋرنى تونۇپ يەتتىڭىزمۇ؟ ئىجادىيەت قارىشى «ئادەمنى ئېگىزلەش» نى قەدىرلەيدۇ. دەۋرنىڭ ئادىمى بولۇش ئۇچۇن ھەر ئادەم مۇشۇنداق ئېگىزلەش بويىچە ئۆز ئالدىغا چوڭقۇر ئويغىنىش كېرەك. چۈنكى، ئىجادىيەت دېگەننى بىراۋ بىراۋغا ئۆگىتىپ قويىدىغان، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە ئۆگىتىپ قويىدىغان ئىش ئەمەس. باشقىلارنىڭ تېخنىكىسىنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىپ جارى قىلدۇرۇشتىن باشقا، ھەرقانداق يېڭى پىكىر ھەربىر قەۋمدىكى ھەربىر شەخسنىڭ چوڭقۇر ئويغىنىپ، ئۆزىنى پاكىت ئاساسىدا بىلىپ مېڭىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن سىزمۇ ئۆزىڭىزنى بىلىۋېلىپ گەپ قىلىڭ. ئۆتمۈش بىلەن ماختىنىش ۋە كۆز ئالدىدىكى ھەقىقەتتە غاپىل يۈرۈش تولىمۇ خەتەرلىك. سىز تەبلىغ قىلىۋاتقان نەرسە كىتابىي سۆز، ئۇ دېگەن ھەقىقەتنىڭ سايىسى، ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ياراتقۇچى كۆزىمىزگە نامايان قىلىۋاتقان ھەربىر شەيئىنىڭ ئىچىدە، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچ ـ باغرىنى پەن ۋە دىن كىتابلىرىنى بىلىپ ئېلىشتىن باشقا، ئۆزىڭىز تەتقىق قىلىپ بىۋاستە بىلىپ ئالمىسىڭىز، يەنىلا گۆدەك بىر تەبلىغاتچى بولۇپ قالىسىز ـ دە، ئۆزىڭىزنى دىن ساھىبى ھېسابلاپ يۈرگىنىڭىز بىكار گەپ بولىدۇ. شۇڭا، مەن سىزگە ئىمان ـ ئېتىقاد تارىخىمىزدىكى مۇنۇ پاكىتلارنى ئەسكەرتىپ قوياي....» دەپ مىللىي ۋە ئىنسانىي تارىخىمىزنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە بىلگەن ۋە شۇ ئاساستا ئىجادىي بولغان زامانلارنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى پاكىتلاپ بېرىدۇ. دېمەك، ئۆگلۈكنىڭ بىلىش ئۇسۇلى كىتابىي بىلىملەردىن تارىخىي پاكىتلارنىڭ ئەينەنلىكىگە ئۆتۈش، تەييار ئۇقۇملاردىن چىنلىققا ئۆتۈش بويىچە داۋام قىلىدىغان راستچىللىق بولۇپ، ھەرقاچان ئىدىيەمىزنى ئاسارەتلەپ تۇرغان ئۆزلۈك (自我封闭) ئىچىدىن قاتمال رامكىلارنى بۆسۈپ ئۆتىدۇ. بۇ ئىستىل تارىختىكى مەرتىۋە، دەرىجە، نوپۇز، ئۇستازلار ئارقىلىق مەرىپەت كۆزلەيدىغان ئەنئەنىنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقى تۈپەيلى ئاقكۆڭۈل پۇقراۋى ئادەملەر ئۇچۇنمۇ جۈرئەت پەيدا قىلغۇچى داۋايى دورىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئۇسۇل بىلەن ئەقىل ھۆرلۈكىگە ئاتلانغان ئاددىي ئادەملەرمۇ كەسپىي پىكىرلىرىدە «ئەنبىيا ـ ئەۋلىيالار» نىڭ مەنىۋى خەزىنىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىدىغان جۈرئەتكە كېلىشى مۇمكىن، شۇ تۈپەيلى، ئۆگلۈكنىڭ چىنلىقنى قوغلىشىش ئۇسۇلى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي تۈردە بىلىۋېلىشىنىڭ ئۈمىدىدۇر. بۇنى بىز تۆۋەندىكىلەردىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىمىز.

## 2. ھېسسىيلىق ۋە قايمۇقۇش

بۇنى بىز بىلىش ئەمەلىيىتى بويىچە پاكىتلاپ كۆرەيلى. مەسىلەن، بىز «بىلىشنىڭ ئىككى باسقۇچى بولىدۇ، بىرسى

www.uyghurkitap.com

ھېسسىي بىلىش باسقۇچى، يەنە بىرسى ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش باسقۇچى» دەيمىز. مانا مۇشۇنداق ئىككى باسقۇچلۇق بىلىشتە، ئۆگلۈك ئاشۇنداق ئۆزلۈكلەر ئۆزلىرىنىڭ پايدىگەرلىك خىياللىرى بويىچە ئادەت قىلغان ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدا (كالللىسىغا ئىدىيە بولۇپ ئورۇنلاشقان كونا بىلىم، تەجرىبىلەر ئاساسىدا) توختاپ قالمايدۇ، بەلكى، ياراتقۇچىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى مەۋقە قىلىپ، مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئىجادىي ئىلھاملار بىلەن تولغان ئىككىنچى باسقۇچىغا قاراپ چوڭقۇرلايدۇ. بىز شۇنداق ئۆزلۈكلەردىن ئۆزىمىزنى مىسال قىلساق، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئۆزلۈكىمىزدە ناخشا ـ ئۇسسۇل ھەۋىسى ئاھالىمىزغا ئومۇملاشقان بولۇپ، بىزدىكى ئېگىز مەرتىۋىگە ئىگە بولغان بىر ئالىمىۇ، كۆنىنى تەستە ئالىدىغان بىر گادايمۇ گويا ھېچنېمىدىن غېمى يوقتەك شۇ كۈيلەرگە جور بولىدۇ. بۇ ھالىتىمىزگە قاراپ ئېچكىرى ئۆلكە خەلقى يۇرتىمىزنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دېسە، كىملىكىمىزنى «ناخشا ـ ئۇسسۇل مىللىتى» دەپ ئاتايدۇ. بۇنداق ئاتاش مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ نەق ئۆزلۈكىمىزدۇر. ئۇلارنىڭ بىزنى بۇنداق ئاتىغانلىقى بىزنى ئۆزلىرىدىن ئارتۇق كۆرۈپ ھەۋەس قىلغىنى ياكى ھۆرمەت قىلغىنىمۇ؟ ياق، مەن ئۇلارنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن ئاڭلىغانلىرىم بويىچە ئېيتسام، ئۇلار ئۆز خەلقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئېيتقاندا يەنە: «ھە دېسە نەغمە ـ ناۋا قىلىپ يۈرگەن مىللەتتە ئۈمىد بولمايدۇ» دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دېمىدىكىن دەپ ئويلىسام، ئۆتكەن يىلى ئائىلىمىزدە ئۆزۈم يولۇققان كىچىككىنە بىر ئىش مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالدى.

شۇئاندا ئامېرىكىنىڭ لومالىندا تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇرۇۋاتقان ئوغلۇم ئەكبەرجاننى يوقلاپ بارغان ئىدىم، ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم ئىشقا كەتكەندە 6 ياشلىق نەۋرەم ئاپراسىياپ بىلەن بىللە ئۆيدە قالاتتىم. نەۋرەم بەلكىم مەندەك بىر بوۋاي بىلەن دائىم ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن زېرىكتى بولغاي، بىر مەھەل «ھە» دېسە، «ھۇ» دەپ تالادىكى ئاق تەنلىك بالىلار بىلە ئويناشقا ھەۋەس قىلدى. بىر كۈنى كېلىنىم مېھرىئاي ئۇنى شۇ گۇناھى ئۈچۈن «تايىمات» قىلدى (جازالىدى). بۇ، ئامېرىكىدا بالىلارنى ئۇرۇشقا بولمىغانلىقتىن، گەپ ئارقىلىق بىر جايدا قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشقا مەجبۇرلاش چارىسى ئىكەن. شۇنداق بىر نەچچە مەرتىۋە داۋام قىلغاندىن كېيىن، نەۋرەم بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئانىسىغا ئىنگلىزچە سۆز بىلەن گەپ ياندۇردى. مېھرىئاي چۆچۈپ كەتتى ـ دە: «ئاغزىڭنى يۇم» دېدى. مەن ئاپراسىياپ «يامان گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ، «نېمە دەيدۇ» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئۇنداق بولسا ئەخلەتلەر بىلەن ئوينايمەن دەيدۇ» دېدى. مەن: «ئەخلەت بىلەن قانداق ئوينىغىلى بولىدۇ؟» دېدىم. مېھرىئاي ئۆيىمىز ئۇدۇلىدىكى ئاراپ ئېچىپ نەغمە قىلىۋاتقانلارنى كۆرسىتىپ: «ئۇنداقلارنى ئامېرىكىلىقلار 'ئەخلەت' دەيدۇ. بۇ بالا ئەگەر مەن مېنى ھۇنەر ـ سانائەت قىلىدىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن ئوينىغىلى قويمىسالا، ئەنە ئاشۇنداق نەغمە ـ ناۋا قىلىپ يۈرىدىغان 'ئەخلەت' لەر بىلەن ئويناپ بۇزۇلىمەن دېمەكچى» دېدى. دېمەك، ئۇلار بىز كۆنۈككەن ھېسسىي بىلىش ئادىتىمىزدىكى ئادەملەرنى «ئەخلەت» دەيدىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىزنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇلغا مەپتۇن بولغان ۋە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم شەيئىلەرنى بىلىشتە باشقىلارغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقان تەپەككۇر ئادىتىمىز ھېسسىي بىلىش خاراكتېرىدە بولۇپ، بۇنداق بىلىشتە ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش نىسبەتلىرى كەم بولىدۇ. لېكىن، بىزدىكى بۇنداق ئادەتنى ئەنئەنە دەپ كۆتۈرۈۋالغان ۋە مۇستەقىل ئەقلىي تەپەككۇردىن ئايرىلغان غاپىل كىشىلەر ھەتتا بۇنداق ھېسسىي ئادەتكە چوككەن سىگنالارنىڭ ۋەتەنلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، سەرگەردانلىق كوچىلىرىدا ۋەيران بولۇۋاتقان ھالەتلىرىنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقماي: «پاھ، ئۆزلۈك» دەپ كۆرەڭلەيدۇ ـ دە، بۇنىڭدىن قايمۇققان قېرىنداشلىرىمىز بۇ قالاق ئۆزلۈكىمىزدىن پەخىرلىنىپ بىخۇد ياشاۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە بۇنداق ھېسسىي بىلىشنى بىلىم ئورنىغا قويۇپ «ئىلىم ـ پەن» چاغلايدىغان بەزى زىيالىيونلارمۇ باركى، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ شۇنداق ئاقكۆڭۈل، ساددا ۋە گوللۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىلىم ساھەسىنىڭ ھۆرمەت پەشتاقلىرىدا ئولتۇرىدۇ. لېكىن، ئۇلار تارىخىمىزنىڭ شانلىق بەتلىرىدىكى مۇقەددەس ئىجادىيەتلەرنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكى، بۈگۈنكى كۈندە پۇشتىمىزغا تارتىدىغان ئىزچىللارنىڭ بۇنداق ئىجادىيەت روھىنى قانداق ياشارتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز. شۇڭا، ئۇلار بۇنداق تەقۋادار (يامانلىقتىن يېنىپ ياخشىلىقتا قەدەم باسقۇچى) لىرىمىزنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ھەر نېمىلەرنى دەيدۇ، ھەمدە ئامېرىكىدىكى ئاشۇنداق كىچىك بالىلارمۇ تەكتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھېسسىي بىلىش بىلەن بۇلارنى باھالاپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە قارىساق مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللاقاچان پەن سۈرئىتىلىك ئەجنەبىي ئىدىيەلەرنىڭ گۈماشتىلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، توغرا تەدبىق قىلمىغاندا بىزگە ئەسقاتمايدىغان ئەجنەبىي «تەلىمات» لار ئۈلگىمىدە تۇرۇپ ئۆلمەس روھلارنى ياشارتىۋاتقان بۇ بىلىم ئادەملىرىنى بۇرمىلايدۇ. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟

تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار تەييار ئۇقۇملارنى تەكرارلايدىغان تەقلىدچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مەلۇم ئاتاق ياكى نوپۇزلۇق دەپ قارىغان «ئۇستاز» لارغا چوقۇنۇشتۇر. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئۆزلىرى چوقۇنغان ئاشۇ ئاتاق ياكى تەلىماتلار چېكىدە شۇنداق تاركى، بۇنداق تەقلىدچى كۆڭۈللەردىن باشقا كەلگەن كۈننى ئۈگلايدىغان بىرەر ئىجادىي ئوي چېچەكلەپ مېۋە بېرەلمەيدۇ. چۈنكى،

بۇ تار كۆڭۈللەر ھېسسىي ئۇقۇملار كۆرسەتكەن ئالامەتلەر ـ
گە «پاھ» دەيدۇ، كۆزگە كۆرۈنگەن شەكىللەرنى «ھەقىقەت»
دەيدۇ. بۇنداق قوغلىشىشتا ماھىيەتكە، ئەسلىيەتكە چۆكۈش
ئەركىنلىكى بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇستازى تىلىدىن بىر ئۇ ـ
قۇمنى ئاڭلايدۇ ـ دە: «بۇ نېمە دېگەن ياخشى مەنا، بۇنى كۆڭ ـ
لۈمگە ئويۇپ ئالاي، تەكرارلاپ مەززە قىلاي» دەيدۇكى، بۇ
ھېسسىي قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنىڭ دىلىدىن ئۆرلەشكە
تېگىشلىك ئىجادىي خىياللىرىدىن ئېزىپ كېتىدۇ. نېمە
ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ ئۇدۇللانغىنى ئۇقۇمكى، شەيئىدىكى ئەسلى ـ
يەت، ماھىيەت ـ چىنلىق ئەمەس. ئۇ مۇشۇنداق ئۇقۇم بى ـ
لەن قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، مەن بىزدىكى نۇر ـ
غۇن تەقلىتچىلەردىن مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپلىمە ھېس ـ
سىيات بىلەن بىردەم مەلۇم ئەجنەبىي ئالىمنى كۆز ـ كۆز
قىلىپ ئاۋامنى كولدۇرلاتسا، يەنە بىردەم دوستلار ئارا مۇ ـ
شۇنداق ئۇستاز ياكى نوپۇزلۇق ئاخباراتلاردىن ئاڭلىغان
ئۇقۇملار بىلەن «بىلىملىك» بولۇۋالغان كۆرەڭلەشلەرنى
ماڭدامدا ئۇچرىتىپ تۇردۇم. بۇ گېپىمىزگە ئۇدۇل كەلگەن
يەردىن بىرسىنى مىسال قىلسام، نازىر بولغان بىر دوستۇم
بولۇپ، مەن ئۇنى ئەسەر يازمىسىمۇ يازغانلاردەك ئەقلى
بار، پەلسەپە ۋە ئىقتىسادىي بىلىملەر بويىچە ئىدىيىۋى
سىستېما تۇرغۇزغان ئىلمىي ئادەم ھېسابلايتتىم. بىر كۈ ـ
نى دوستلار چېيىدا بىرسى مەندىن بىر سوئال سورىدى.
مەن جاۋاب بېرىپ بۇ سوئالنىڭ ئاخىرى تېخى ئىزدىنىش
ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى بىلەرمەن، ئۇ دوستۇم
قايىنىدى ـ دە، كۆڭلىدە نامىنى مەندىن يۇللۇق ھېسابلايدى ـ
غان «بىر ئالىم» نىڭ تېلېۋىزوردا ئېيتقان سۆزىنى نەقىل
قىلىپ: «ھەي، بۇ دېگەن مەن ئويدۇرغان گەپ ئەمەس، تېخى
تۇنۇگۈن پۇستانى ئالىم تېلېۋىزوردا ئېيتقان ھۆكۈم» دەپ
كايىدى. ئۇنىڭچە، ئۇ ئەجنەبىيدىن ئاڭلىۋالغان ئاشۇ بىر
ئۇقۇم ھەممىدىن توغرا جاۋاب ئىدىكى، بۇ ھەقتە ئۇ ياكى
شۇنىڭغا تېلېۋىزوردا دەرس بەرگەن ئالىم داۋاملىق ئويلى ـ
نىپ كۆرۈش ھاجەت ئەمەس ئىدى. دېمەك، بۇنداق تەقلىت ـ
چىلەردە ئۇلار چوقۇنغان ياكى ئاتاق ـ ئابرۇي كۆپرەك
داۋراڭ بولغان ئادەملەر دېگەن گەپلەر «ھەق» بولىدۇ ـ دە،
«ئۇ شەيئىنىڭ ئەسلىيىتى نېمە؟ شۇ ماھىيەت ئاشكارا بول ـ
غۇچە تەخىر قىلايلى، شۇ چاغدا قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ،
قېنى كۆرۈپ باقايلى» دېگەن ئېھتىيات بولمايدۇ. ئەگەر
ئۇلار شۇنداق دېسە ئىدى، بايقاش ئارقىسىدا كەشپىياتلار
ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ
ئەكسىچە: «بۇ ناھايىتى توغرا ئۇقۇم، بۇنى تۇتىيا بىلىمىز»
دەيدۇ ـ دە، شەيئىنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاشنى ياقتۇر ـ
مايدۇ. لېكىن، ھەقىقەت مەلۇم سۇنئىي تەشكىلدە ۋە ياكى
ئاشۇنداق «ئالىم» دا بولىدىغان چەكلىك نەرسە ئەمەس،
بەلكى شەخسىي ئويغىنىش ئىچىدە بايقاپ ئالىدىغان چەك ـ
سىزلىك بولغانلىقتىن، ئۇ مەلۇم تەشكىل ياكى كاتتا كى ـ
شىگە بولغان چوقۇنۇشقا ئۆزگىرىپ كەتكەن ھامانلا جاندىن
جۇدا بولىدۇ ـ دە، بۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئەقلىي قات ـ
ماللىق، بېكىنمىلىك، زەئىپلىك، پارچە ـ پۇراتلىقتا يۈزلى ـ
نىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئۇستاز» بولمەن دەپ يۈر ـ
گەن تەمەخور بىلەن «ئۇستاز» تىكلەيمەن دەپ يۈرگەن چو ـ
قۇنغۇچى ھەقىقەت ئىزدەش يولىدا ئوخشاشلا ئۆزلۈك قىل ـ
تىقىغا ئەسىر بولۇپ قالىدۇ.

توغرا، ئۇ دوستىمىز دېگەندەك ئۇقۇملاردىمۇ مەلۇم
مەنا ـ مەزمۇنلار بولىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۇقۇملاردىكى بىلىمدە
ھېسسىي بىلىم نىسبەتلىرى كۆپ، ئەقلىي (ئىلمىي) بى ـ
لىش نىسبەتلىرى كەم بولغانلىقتىن، شۇ شەيئىدە يۈز بې ـ
رىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئىپادىلەپ
بېرەلمەيدۇ، ھازىرقى كۈندە ھەتتا ئاللاغا ئەلچى بولۇپ
كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەدىسلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ
ئۇنداق، بۇنداق دەپ تارتىشىپ ئويىنايدىغان مىڭلاپ ئا ـ
لىملار تۇرۇپ، دۇنيادىكى توقۇنۇش، زىددىيەت، غەۋغا ...
تۈرلۈك كىرىزىسلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەسلىكى ئەنە
شۇنداق «ئۇقۇم» لار بىلەن توختىغان ئالىملارنىڭ كۆپلى ـ
كىدىندۇر. ئەگەر بۇ ھالنى بىز چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان
دەرەخ شېخىدىكى چېچەككە ياكى ئېچىلىپ ھۇزۇر بېرىدى ـ
غان غۇنچىگە ئوخشاتساق، تەقلىتچى دەۋاتقان ئۇقۇم شۇ
چېچەك ـ غۇنچىكى، ئەگەر بۇ غۇنچىنى ئۈزۈپ ئالغىنى ـ
مىزدا بۇ چېچەك ئېچىلىپ مېۋە بېرىش تەقدىرىدىن جۇدا
بولىدۇ ـ دە، شۇ ھامان سولىشىشقا باشلايدۇ. گۈل ھەم
شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۈزۈپ ئالماي ئېچىلىشقا
قويساقچۇ؟ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى رەڭدارلىقى بويىچە
ئېچىلىدۇ، چېچەك مېۋىلىسە، گۈل غۇنچىلىرىمۇ پورەكلەپ
ئېچىلىدۇ. بۇ ھالدا بىز چېچەك ياكى غۇنچىنىڭ يۇمران
بەرگىلىرىدىن تارتىپ نەھرۇللار تىللىرىنى سوزۇپ
شورايدىغان چاڭلىرىغىچە كۆرەلەيمىز. دېمەك، شۇ تەبىئەت
قانۇنى بويىچە پورەكلەپ ئېچىلىپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى
قىياپىتىنى كۆرسەتكەندىلا، بۇ گۈل ياكى چېچەك توغرۇ ـ
لۇق ئۇ ياكى بۇ كىشىنىڭ قىزىل، يېشىل، بىنەپشە، ئاق
ياكى كۆك دېگەندەك چۈشەندۈرۈشلىرى ھاجەت بولمايدۇ ـ
دە، ئۇ سىزگە ئۆز تەبىئىتى بىلەن ھۇزۇر بېغىشلايدىغان
ھەقىقىي ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخ ـ
شاش، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە شۇنداق بىر ئاتاقتا ئىگە
«ئۇستاز» دېگەن ئۇقۇمغا چوقۇنىدىغان ھېسسىي بىلىش
بولسا، سىز ئۇنىڭغا يول قويسىڭىزچۇ؟ ئۇمۇ كۆڭلىڭىزدە
خۇددى ئەشۇ گۈل ياكى چېچەك ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئى ـ
تىنى نامايان قىلغاندەك بىر ھالدا كۈچ كۆرسىتىپ تۇرى ـ
دۇكى، ئۇ ھالدا سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاشۇ ئۆزلۈكنىڭ ھە ـ
سەت ياكى نەپرەتلىرى بىلەن تولغان بولسا، ئۇلارمۇ سىز ـ
گە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇكى، سىز
جاھىللىق بىلەن شۇلارنى ئاقلاپ جۇداچىلىق قىلىسىز،

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ھۇزۇر بىلىپ تولۇق ئېچىلغان گۈلنىڭ بەھرىدىن ھۇزۇرلىنىشنى چەتكە قاقىسىز. بۇ ھالدا كۆڭلىڭىزدىكى ھەسەت بىر - بىرلەپ ئۆزىدىكى نەپرەتنى چاچىدۇ. سىزدىكى ئۆزلۈك ئاپتوماتىك ھالدا ئاشۇ غۇنچىنى ئۈزۈپ «گۈلنىڭ بارلىقى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم خالتىسى بولىدۇ - دە، ئۇ تېخى بۇنىڭ بىلەن توختىماي، سىزنى تېخى ھەسەتتىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇم خالتىسى ئاستىغا يوشۇرۇنغان پارچە-پۇرات ئۇقۇملارنىمۇ «ھەقىقەت» دەيدىغان تەرسالىققا ئېلىپ بارىدۇ. روشەنكى، مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىياتىمىزنى توسۇۋاتقان پارچە - پۇرات ئۇقۇملار مانا ئاشۇلاردۇر. بىز مۇشۇنداق ئەمەلىيەتتىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىمكى، ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ تەقلىتچىلەرنىڭ ھېسسىي بىلىم فورمىسىنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئوقۇش ۋە ئىزدىنىش پۇرسەتلىرىنى خەت ئۆگىنىش، بىلىم توپلاش، كىتابىيلىقنى تىرەك قىلىپ مەمەدانلىق قىلىشقا ئايلاندۇرۇۋالغان بولساق، گويا «بىلىم» دەپ بىر دۆۋە ئەخلەت يىغىۋالغانلارغا ئوخشاپ قالىمىزكى، بۇنىڭدىن نە گۈزەللىك، نە مۇھەببەت مەۋجۇدىيەتلىرىنى ھېس قىلالمايمىز. ئوخشىتىش بىلەن ئېيتقاندا، ئىلىم تەلەپ قىلىپ سەپەر قىلغان، ئەمما، ئاشۇنداق تەقلىتچى بولغانلىقتىن بۇ سەپەردىكى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش سورۇنلىرىدىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي سالتاڭ قايتىپ كېلىۋاتقان بىر يولۇچىغا ئوخشاپ قالىمىز.

ئۆگلۈكنىڭ بىلىش سۈپىتىدىكى پەرق شۇكى، ئۇ مانا مۇشۇنداق تەقلىدچى ھېسسىياتلار ئۈستىدە ئويلانغاندا، دەۋر تەلىپىدە ۋەزىپە ئۆتەپ تارىخىمىزغا ئىزچىللىق قىلىدىغان مۇستەقىل پىكىرلىرى بىلەن ئەجەنبىيلەرگە گۇماشتا بولغان ۋە ئەنئەنە دەپ قاسىراقلارغا ئېسىلىۋالغان ئاشۇ گۆدەك نوچىلارنىڭ ھېسسىي بىلىش چەكلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتىدۇ. كېلەچەك بەختىمىز ئۈچۈن ئىلمىي بىلىش مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە ھەسسە بولىدىغان تەرەپلەردىن ئېقىن يارىدۇ. ئۆگلۈكنىڭ ئىلمىي بىلىش دەرىجىسى بىلەن بۇنداق ئېقىن يارالىشىدىكى ئاساس نېمە؟

### 3. ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش ۋە كەشپىيات

ئىنسانلار مەنىۋى دۇنياسىدا ئىككى خىل قورال بار، بىرى بىلىم ۋە تەجرىبە، يەنە بىرى ئەقىل ۋە پاراسەت، بىلىم قورالى بىزگە كۆز ئالدىمىزدىكى پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشنى تەمىن ئېتىش، تۇرمۇشىمىزنى قامداش، ماددىي مۇھىتنى قانداق ئۆزگەرتىشنى ئۆگىتىش بىلەن بىر ئىزدا توختايدۇ. ئەقىل - پاراسەت بولسا، كۆزىتىش، ئىزدىنىش قورالى بولۇپ، بىزنى تېخىچە بىلىنمىگەن ساھەلەرگە باشلاپ كىرىدۇ. يەنى ئادەم مېڭىسى ئاشۇ بىلىم قورالى بەرگەن ھېكمەتلەر بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىپ توختاپ قالغاندا، بىزنىڭ مىللىيەتلىكىمىزدە كۆرۈلۈۋاتقان ئاشۇنداق ئەخمىقانە مەسىلىلەر باش كۆتۈرىدۇ - دە، بۇنى يېڭىچە كۆزىتىش كۈچىگە ئىگە ئەقىل - پاراسەت قورالى بىلەن ھەل قىلماي بولمايدۇ. ئۆگلۈكنىڭ ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈش، ئەقلىي بىلىشتىكى تەكتىگە يېتەلمىگەن نۇقتىدىن ئاشقىلىقتا قاراپ مېڭىشى ئىنسانىيەتتىكى مانا مۇشۇ ئىككى خىل قورالنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئىككىنچىسىنى تىرەك قىلىپ تۇرۇپ دەۋر تەلىپىدىكى ھاياتلىقنى قوغداش، كېلەچەككە يول ئېچىش خاسلىقىدۇر. بۇنى ئۆز تارىخىمىزدىن ئويلاپ كۆرسەك، تارىخىمىزدىكى شانلىق بەتلەرنى ھالقىسىمان ئۇلاپ، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ پىكىر زەنجىرىنى بەرپا قىلىش، بۇ زەنجىردىن پۇشتىمىزدا ھۆكۈم سۈرگەن خاس ئىدىيەلەرنى توغرا تونۇش، يىلتىزلىق مەنتىقى پىكىرلەردىن ئايرىلغان ھېسسىي بىلىش خوراپىيلىقىدىن قۇتۇلۇپ يېڭى ئەقىل ھۆرلۈكىگە چىقىش ئىشى ئۆگلۈكنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش دەرىجىسى بويىچە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇنى جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىش ياكى ئېتنىك تەركىب بويىچە، شۇنداقلا بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك تۈپەيلى مەيدانغا چىققان بۇددىزم ۋە ئىسلامىي ئالىملار تەپەككۇرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بويىچە تەكشۈرۈش مۇمكىن.

بۇددىزم نۇقتىسىدىن قارىساق، بۇددىزم بىزگە كىرگەن چاغدىلا يەرلىك ئالاھىدىلىك بويىچە ئۆزگىرىپ ماھايانىغا ئۆزگەرگەن ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىش مۇمكىن. بۇنداق ئۆزگىرىش بۇ يەردىكى خەلقلەردە بۇددىزمدىن بۇرۇنلا شەكىللەنگەن «og» (ئەقىل، ھېكمەت، پىشىپ - يېتىلىش، ياراتقۇچىنى تونۇش) ۋە «ardam» (گۈزەل ئەخلاق، چۈشىنىش، بىلىش) دېگەندەك ئەقلىي بىلىش ئاساسىدا ئورۇندالغان بولۇپ، ھەر نەرسىنى چۈشىنىپ يېتىشنى ئەقىل ۋە ئەخلاق ھېسابلايدىغان ئەنئەنە بويىچە داۋام قىلدى. بىر پۈتۈن كۈشاننىڭ ئەقىل - پاراسەت ئەنئەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، بۇددىزمنىڭ بىرىنچى قەدىمىلا بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۇنلۇق ئەنئەنىسى (ئون ئويلاپ بىر كەس دەيدىغان) قارىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن «كەڭ تون يىرتىلماس، مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ئىلمىي بىلىش ياكى تەمكىنلىك ئاساسىدا باشلىنىپ، بۇددىزم خۇداسى ھېسابلانغان بۇرھان ياكى بۇددىھانى ئارىف، دانىشمەن ۋە ئالدىن بىلگۈچى دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلدى. بىز بۇددىزم ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ھالدا بۇددىزمنى ماھايانا قىلغان مانىي دىنى ھەققىدىكى نەقىش ئەنئەنىلىرىنى تەسۋىرلەشنى تۆۋەندىكى ئۆگلۈكنىڭ ئۆز يىلتىزىنى تونۇش شىجائىتىگە قالدۇرۇپ، ئىسلامىي بۇرۇلۇشتىن كېيىنكى ئېلىمىز ئالىملىرى بىلەن دۇنياۋى ئالىملار ئورتاق قايىللىق بىلدۈرۈۋاتقان شۇنداق ئۈلگىلەردىن مىسال ئالساقمۇ، پاراسەت نۇرلىرىنىڭ تارىخىمىزنى ئىلمىي بىلىش دەرىجىسىدە شۇ

چاغدىكى ئەرەب ۋە ھەبەشلەردىن ئۈستۈن مەنىۋى قىممەتكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېلىش مۇمكىن.

مەسىلەن، شۇ چاغدىكى ئىران، ئابغان، پەرغانە، خارەزىم ۋە تارىم ئەتراپىدىكى پارسلار «سوغدى، توخرى» دەيدىغان، ئەمما بىزنىڭ تىلىمىزدا ياغمىر (ياغما) ۋە قارلۇق دېيىلىدىغان (كۆك ئاسمان «ساما»دىن خۇددى قار، يامغۇردەك تامغان خەلقلەر) تۈركىي قەۋملەر ئەرەب ۋە ھەبەشلەردىن بۇرۇن ئاشۇنداق ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش قورالىنى قولغا ئالغان خەلقلەر بولغاچقا، شۇ زامان ئېتىبارىدا ئۇلاردىن ئىنقىلابىي ۋە يېڭىلىققا ئىنتىزار بىر ھالدا ياشىدى. ئىسلام شارائىتىدىكى بۇنداق ئۈستۈنلۈك ئۇلارنىڭ مانى دىنىدىكى ئىككى ئەكس تاناسىپ ئاسمانى كۈچنى (ئەخرەمەن بىلەن ئەخرەمەز) بالانىسى قىلىش تەڭلىمە ئەقلىنى بىلگەنلىكىدىن كەلگەن ئىدى. يەنى ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا ھەدىسە ھۇدەپلا ئەرەبلەرگە ئەگىشىپ كەتمىدى، بەلكى ئۇنى ئۆز مىللىتىدىكى ئەنئەنىۋى مانىزىم قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىش كۆرۈشنى بىلدى. شۇنداق بولغانلىقتىن 12 ـ ئىمام ھەسەن كەشمى (ئىمام ھەنپە دەۋران) كوفەدىن شەرققە قېچىپ كەلگەندىمۇ بىزنىڭ بوۋىلاردىكى مانا مۇشۇنداق بىر نەچچە دىنىدىكى جەۋھىرى قاراشلار بىلەن يېتىلگەن سەۋىيەنىڭ مەككە ۋە باغداتتىكى سۈننىي قاراشلاردىنمۇ ئۈستۈنلىكىنى بىلدى ـ دە، ئۆزى بۇرۇن ياشىغان ئەرەب يۇرتىدىكى قاراشلاردىن ئىلغار تۈركىي چۈشەنچىلەرگە بۇرالدى. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ مانى ھەم ماھايانا مۇھىتىدىكى سەۋىيەگە ۋەكىل بولغان تاھىرخانىيە ۋە قادىر خانىيە (كېيىنچە قاراخانىلار) لەر ھەسەن كەشمىلەرگە تۇتاشقان ھالدا ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىگە كىردى. يەنى شۇ چاغدا ئۇلار ياراتقۇچى روھنى «ئەخرەمەن» ئاتىلىۋاتقان سوغۇق (دۈشمەن) كۈچ بىلەن «ئەخرەمەز» ئاتىلىۋاتقان ئىسسىق (دوست) ئارىلىقىنى «تۆرۈ» (ئادالەت، ھەققانىيەت) ئارقىلىق تەڭشەيدىغان، بۇ تەڭشىگۈچى كۈچكە «ياراتقۇچى ئوغلى» دېيىلىدىغان «تەڭرىقۇت» نى سىمۋول قىلىدىغان خەلق ئىدى. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەرەب، ھەبەشلەر بىلەن ئۇچرىشىپ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما ماھايانادىكى بۇددىھانى دانىشمەن، ئارىپ، ئالدىن بىلگۈچى دەيدىغان ئۆگلۈك ئەنئەنىسىگە ئىسلامى تون كىيدۈردى ـ دە، ئۆز ئىچىدە ئۆزى ئىمان ئېيتىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئىسلامدىكى سىياسىي (ئىقتىسادىي، ھېسسىيادى) مەنپەئەتنى كۆرۈپ يەتتى. شۇڭا، خەلىپىلىككە نىسبەتەن قارشى بولغان، ئەمما ئەسلىي پەيغەمبەر روھىنىڭ مىراسخورى بولغان شىئە مەزھىپى يولى بىلەن ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىش كۆرۈشنى بىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئەخمەقانە ئىشلاردىن خالىي بولدى. ئېلىمىز تارىخچىلىرىنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىسلام دىنى قورال كۈچى بىلەن بۇ رايوندا تارقالغاندا، بۇ دىن بۇ يەردىكى ئەسلىي دىنىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام تۇغى ئاستىدا ئۆز ئارا سىڭىشىپ سوپىزمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مۇنبەت تۇپراق ھازىرلاپ بەردى. 11 ـ ئەسىردە سوپىزم خوراسان ۋە ماۋرائۇننەھر رايونىدا كەڭ تارقىلىپ، سوپىستلارنىڭ كۆپلىگەن ئىستىخىيەلىك كىچىك گۇرۇھلىرى بارلىققا كەلدى. 12 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن ئەسلىدىكى كىچىك گۇرۇھلار تەدرىجىي سوپىزمنىڭ رەسمىي گۇرۇھلىرى بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئارقا ـ ئارقىدىن چوڭ تەسىرگە ئىگە سوپىستىك گۇرۇھلار بارلىققا كەلدى. سوپىستىك ئېتىقاد ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلىگە ئايلىنىپ، سوپىزم ئىسلام مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى شەكىللەندۈردى»②. بۇنىڭ ئاۋۋالقىسىغا 11 ـ ئەسىردىكى يەسەۋى تەرىقىتىنى مىسال قىلساق، كېيىنكىسىگە 14 ـ ئەسىردىكى نەقشىبەندى تەرىقىتىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. يەسەۋى تەرىقىتى «ھۈنەر ئاللانىڭ دوستى» دېگەن مەۋقەدە تۇرۇپ مۇرىتلىرىنى ئىلىم ـ پەن بىلەن جاھاننى تۈزۈشكە باشلىغان بولسا، نەقشىبەندى تەرىقىتى: «پانىي دۇنيا تاشقى ئامىلدۇر، بىر ئاللا ئىچكى ئامىلدۇر» دېگەن مەۋقەدە تۇرۇپ مۇرىتلىرىنى بىر ئاللانىڭ ئىلمىگە سادىق بولۇپ، ھۈنەر ـ سانائەت ئۆگىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ بۇ دۇنيانىڭ رېئال مەسىلىلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش، تەركىدۇنياچىلىق ۋە زاھىدلىققا قارشى تۇرۇش، رېئال دۇنيادىن ئەجىر قىلىپ بەھرى ئېلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھۈنەر ـ بىلىم ئىگەللەشكە يېتەكلىدى. يەسەۋىچىلىك توغرىسىدا نۆۋىتى كەلگەندە بايان قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە نەقشەندىيە ئالاھىدىلىكىنى ئېيتساق، ئۇنىڭ تەشەببۇسىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال مەنپەئەتى بىلەن چىڭ باغلانغانلىقى ۋە بۇ تەشەببۇسنىڭ ئالاھىدە بىر خىل مائارىپ شەكلىنى ئالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

باھاۋۇددىن دەسلەپ مەزھەپ يارىتىشقا ئالدىراپ كەتمىگەن. سوپىستلار ۋە ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدىن بىر جامائەت تەشكىل قىلىش بىلەن توختىغان بولسىمۇ، «كېيىنچە قاتناشقۇچىلار سانىنىڭ ئېشىشى ۋە تەسىرىنىڭ كېڭىيىشى بىلەن مەزكۇر تەشكىلات تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە رەسمىي مەزھەپكە ئايلاندى. كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۈكۈت ئىچىدە ئىبادەت قىلىش، ئۆزىنى تاۋلاش، قەلبىنى پاكلاش بىلەن مەشغۇل بولدى، دۇئا ـ تىلاۋەت، ئىستىقامەتنىڭ تاشقى ھالىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. بۇ مەزھەپچىلەرنىڭ باشقا سوپىستىك مەزھەپلەردىن پەرقلىنىدىغان ئەڭ روشەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىبادەتتە زىكىرنى يۇقىرى ئاۋازدا ئەمەس، تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇيدىغانلىقى بولۇپ، مۆتىدىل مىستىزمغا مەنسۇپ ئىدى.

نەقشبەندىيە تەرىقىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا تېزدىن تەرەققىي قىلدى ۋە ناھايىتى تېزلا تۈركىيە قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. ئۇنىڭ تېزدىن باش كۆتۈرۈشى ۋە قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلىنىشى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، جەمئىيەتتىكى كۆپلىگەن يۇقىرى قاتلام زات، ئۆلىما - ئەللامىلەر، ھەتتا يەرلىك ئالىي ھۆكۈمرانلارغىچە بەس - بەستە بۇ تەرىقەتكە ئەگەشتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا سىياسىي سەھنىسىدە ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي، سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ مۇھىم روللارنى ئوينىدى، شۇنداقلا باشقا سىياسىي كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى . شۇنىڭ بىلەن 12 - ئەسىردىن باشلاپ ئاۋۋال كىدانلار (قىتانلار)، ئاندىن موڭغۇللار دەۋرىدە پەيدا بولغان ئىسلام دىنىدىكى خانلىقلار، جۈملىدىن خارىزىم ۋە ئاناتولىيە قاتارلىق جايلارغا يېيىلغان سەلجۇق سۇلتانلىقىمۇ شىئە بولۇپ، كېيىنكى ئوسمانلى سۇلتانلىقىدا، سۈننىي مەزھەپ ئاساس، شىئە مەزھەپ قوشۇمچە بولدى. بۇ ئەھۋال 15 ~20 - ئەسىرگە قەدەر تارىخىي جەرياندىمۇ ئاساسەن شۇنداق بولدى. يەكەننى پايتەخت قىلغان سەئىدىيە، رەشىدىيە ئەۋلادى بولغان خانلاردا ئۆزگىرىش بىرقەدەر چوڭ بولۇپ، خانلار سۈننىي مەزھەپتە، پۇقراۋى قاتلاملار شىئە مەزھەپتە تۇردى. 1760 - يىللاردىكى خوجىلار (نادىرىيە) دەۋرىدە شىئە مەزھەپ باش كۆتۈردى، لېكىن، خانلار ئىگە بولۇپ قۇرغان سۈننىي مەزھەپنى قايىرىپ ئۆتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1760 - يىلدىن ھازىرغىچە سۈننىي مەزھەپ ئاساسەن ئومۇمى، شىئە مەزھەپ چېچىلاڭغۇ ھالەتتە داۋام قىلىپ كەلدى. بۇ جەرياندا سۈننى مەزھەپ بىلەن شىئە مەزھەپنىڭ ماھىيەتلىك پەرقلىرى شۇ بولدىكى، سۈننىي مەزھەپ ھوقۇق (دۆلەت) ئىمتىيازىغا مايىللىقى كۈچلۈك تەقۋالىق يولى بولدى، شىئە مەزھەپ ھۈنەر سەنئەت ياكى ئىلىم - پەن ئىشتىياقىغا مايىللىقى كۈچلۈك شەيدالىق يولى بولدى. بىزدىكى يەرلىك ئالاھىدىلىك بولغان بۇ يولنىڭ بېشى ياراتقۇچى قانۇنىيەتلىرىنى ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش بايرىقىنى كۆتۈرگەن ئۇلۇغ ئالىملار بولغاچقا، بۇرۇن بۇ يولدىن ھەللاجى قاتارلىق مەشھۇر تەسەۋۋۇپ ماشايىخلىرى، شائىرلار ۋە تەرەننۇمگەرلەر چىققان بولسا، بىزنىڭ شۇ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، بۇ يول يەنە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ خەلققە بەخت يارىتىدىغان ئىنقىلابىي ئىنتىزارلىق بولۇپ شەكىللەندى - دە، بۇ يولنىڭ ئاجايىپ تەرەننۇملىرى مىلودىيەلىك خاراكتېرى بىلەن خەلقنى ئىلىم - پەن بويىچە ئويغىتىش دولقۇنى بولۇپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ پەخرى ھېسابلانغان ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، ئەبۇ ناسىر فارابى، مەھمۇت كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، خارەزمى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئوبۇلقاسىم فىرداۋسى قاتارلىق ئۇلۇق ئالىملار شۇنداق ئىلىم-پەن دولقۇنىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا ياۋروپادىن 500 يىل بۇرۇن «مەدەنىي گۈللىنىش دەۋرى» نى ئاچتى.

مەدەنىيەت تارىخىدىن بۇيان، ئىنسانىيەتنىڭ دانىشمەنلىرى ئىنسانلارنىڭ رىسقى (ماتىرىيىۋى) ھېسسىي (ئىشقى) ئىستىماللىستىك ھېرىسمەنلىكىدىكى رىقابەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەدلى نىزاملاردىن باشقا پەزلى (جىسمىنىڭ ئىچكى قەۋەتلىرىدىن تارتىپ كىشەنلىگۈچى) پەرھىزلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن. مەسىلەن، ئىنساپ (روزا)، ئېھسان (قۇربانلىق)، تەسەۋۋۇردىكى يۈيۈنۈش «نىسا»، تەرەننۇمغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن «قىرا» ۋە جاما (جىما) دىن كېيىنكى تەڭشەك ئۈچۈن تاھارەت، پاكلىنىشنىڭ ئىجراسى ئۈچۈن ناماز قاتارلىق مەنتىقى تەرتىپلەرنى ئىختىرا قىلىشقان، شۇنداقلا ئىدىيال جەھەتتىن بىرى يەنە بىرىنىڭ بېقىندىسىغا، شېرىكلىشىشكە دۇچ كەلمەسلىك ئۈچۈن فۇنتىك ئۇرغۇ ۋە ئوپتىك نۇرلۇ ئالاھىدىلىكلىرى قەدەر باش قاتۇرغان. شۇنداق قىلىپ بۇنداق ئىزدىنىشلەر قېيىشقاق ئىزتىراپ بىلەن چىقىشقاق ئىنتىزارىنىڭ مۇرەككەپ ئىمتىھانلىرىغا دۇچ كەلگەن. بىز مۇشۇنداق تارىخىي ئىزلارغا قاراپ، بىزدىكى ئاشۇ ئەقلىي بىلىشلەرنىمۇ بىزنىڭ بوۋىلار ئاچقان ئاشۇ ئىلىم - پەن يولىدىن تامچە ھېسابلايمىز - دە، مۇقام - سەنئەتلەر ۋە مەشرەپ تارىخى تەتقىقاتى ئارقىلىق فارابىمىزغىچە تاقىلىپ تۇرۇپ، 9 ~10 - ئەسىرلەردىكى ئەھۋاللارنى مانا مۇشۇ ئېقىمنىڭ بېشىدا تۇرغان بوۋىمىز فارابىدىن باشلاپ تىركەپ چىقىمىز.

ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملار ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت بىن ئەخمەت فارابى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراپ شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۇ ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىدىن، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، «مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن خەللىكاننىڭ ‹ۋەقىياتول ئەئيان ۋە ئەنبەئەبنە ئۇز زامان› ناملىق ئەسىرىدە، سەيدمۇھەممەد باقىرنىڭ ‹رەۋزە تۇك جىنان› ناملىق ئەسىرىدە، ئەخمەت ئەيسانىڭ ‹ئەل مەئسۇرمىن كالاھۇل ئەتىببە› دېگەن ئەسىرىدە ۋە مۇھەممەت فەرىدنىڭ ‹دائىرەتول مۇئارىف› ناملىق ئەسىرىدە ... بىردەك قەيت قىلىنىشىچە، ‹مۇلكى چىن (خاقانىيە دۆلىتى) كاشغەرگە قاراشلىق بالا ساغۇن يېنىدىكى فارابتا 870 - يىلى تۇغۇلغان، دېيىلگەن»③. بالا ساغۇن ۋە فاراپ ئۇقۇملىرىنى جۇغراپىيەلىك ئىزلىگەندە بالا ساغۇن تۈركىي سۆز بولۇپ، پارسچە ئاستانە - ئوردا شەھەر دېگەنلىك. ھازىرقى ساغۇن، ساغۇن بويى دېگەن يېزىلار نامىغا ئاساسەن، بۇ شەھەر ئەسلىي كاھىشگاھنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ، ھازىرقى

ئوردام قۇملۇقى ئەتراپىدا (مارالۋېشى، يەكەن يولىنىڭ غەربىي تەرەپلىرىدە) قۇم ئاستىدا قالغان. شۇنىڭغا قاراپ بىز بەزىدە سېرىق بويا ۋە تومشۇق ئەتراپىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، بەزىدە هاراپ ياكى دوسبۇلۇقۇم تەرەپنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. نوقۇل فاراپ سۆزىنى تەھلىل قىلساق، فاراپ سۆزى پاراغەتلىك يەنى فاراغىي دېگەنلىك بولۇپ، شۇ ماكان خاراپ بولغاندىن كېيىن هازىرقى هاراپ بولۇپ قالغان. قالۇق ئەسلى قارلى، ئاپئاق قار، كۆك تەڭرىنىڭ پاكىز تامچىلىرى دېگەنلىك. بۇ ئۇقۇملار پارس تىلى ۋە ئوردو تىلىدا دېيىلگەن سوغدى، توخرى ئۇقۇملىرىنىڭ تۈركىي نۇسخىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ خۇددى تۈركى «توڭا» پارسى «سۇمۇرۇغ»، تۈركى «تۇغرول» پارسى «ئەنقا» دېگەن بىر مەنىدىكى ئىككى ئۇقۇمغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ھاياتلىقتىكى قاتمۇقات ئىجتىمائىي هادىسىلەرنىڭ ئىنسانى ۋە زىيانى تەرەپلىرىنى بايقاشتا دۇچ كېلىدىغان مۇرەككەپ مۇئەممالاردىن ئەقىلنى تېڭىرقاشتا قويىدىغان قەۋەتلەردىن بىرى جىنسىيەت مۇئەممىاسىدۇر. جىنسىي سېزىم دېگەن بۇ بىئوئېلېكترونلۇق ھەم يىغىلغۇچى ھەم چېچىلغۇچى تۇپەيلى، ئىجتىمائىي هايات (ئىنسان ۋە جانلىق بىلەن) توقۇلما هاسىل قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ساددى هايۋانى ھەسەت، رەشىك شىددەتلىرى تۇپەيلى خۇد (ھۆكۈمران) قەۋم قۇللارنىڭ ئىتائەت قىلمىسا كاللىسىنى كېسىدىغان، ئىتائەت قىلسا ئاختا ياكى خەتنە قىلىدىغان بۇ زورلۇقنى پەردىلىگۈچى گوللامچىلىق بىلەن، هايا، شەرمى، ئەدەب پەتىۋالىرى بىلەن كىشەنلەيدىغان قانۇن، ئەخلاق نىزاملىرىنى چىقارغان ۋە ياكى ئەركەكلەر بىلەن مەدەكلىرىنى پەرقلەندۈرگۈچى ئەدلى، پەزلى، پەردىئى نىقابلارنى توقۇغان ياكى بۇ پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلىغان. بۇ ئەسلىدە ئەركەك بىلەن مەدەك جىنس جىسمىدىكى مەنپىي، مۇسبىي ئېلېكترون ھەرىكەت سىرلىرىنى (شەررالنى) بىلىش دەرىجىلىرىگە باغلىق تارىخىي مەسىلە ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەپەككۇر ۋە پائالىيەت خىللىرىنى تەنھال يەنى نېرۋا سىستېمىسى قاتلاملىرىدىكى زەۋقى پەرقلەر قاتلاملىرى دېسەك، شەررال پەقەت جىنسىي زەۋقى هال بولىدۇ. بۇنداق شەررال ئىككى خىل. بىرى پەقەت مېڭىدە قوزغىلىپ ئۈچىدىغان تەرەپ، يەنە بىرى جىنسىي ئەزالاردا قوزغىلىپ يوقىلىدىغان تەرەپ. ھەر ئىككىسى هامان دەقىقى (فانى) هادىسىلەردۇر. بۇ قوزغىلىش باشقا تەنھال راۋانلىقى ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغان ئىنانى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەزى ساددىي، هايۋانى كىشىلەردە بىئارامچىلىق ۋە سەۋداۋى شىددەت سەۋەبى بولۇشىمۇ مۇمكىن. نازۇك كۆزىتىشلەردىن مەلۇمكى، ئىنسانلارنىڭ تېرە رەڭگى پىگمېنت سۈپەتلىرى يىلىك، مېڭە (تەپەككۇر) سۈپەتلىرى بىلەن توغرا تاناسىپ.

مەدەنىيەت تارىخىدا ئوتتۇرا غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شەرقى ياۋروپادىكى ئىنسانلار تارىخىدىكى ۋەقەلەرنىڭ مۇرەككەپلىكى (تۆت پەسىل ئىزتىراپلىرى، ئاندىن هېرىسمەنلىك ئۇرۇشى، جېدەل ئىزتىراپلىرى مۇشەققەتلىرى) تۇپەيلى ئەقلىي تەرەققىيات، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئافرىقا، ھىندى يېرىم ئارىلىغا كۆرە تېز تەرەققىي قىلغان، يەنى تېرە پىگمېنتلىرىدىكى كۆيۈش، رەڭ ئۆزگىرىشلىرى مېڭە قاتلىمىدىكى چوڭ مېڭە ئېلېكترونلىرىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، تېرە رەڭلىرى چوڭ مېڭە تەسەۋۋۇر دەرىجىلىرىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك بولغانلىقى ئۈچۈن، دائىرىنى تارايتىپ سېلىشتۇرغاندا، سوغدى (تۈركىي) قەۋملەر ئەرەب ھەبەشلەرگە كۆرە كۆپ تەرەققىي قىلغان ئىدى. مىسال ئالساق، ياۋروپا بىلەن ئاسيانى ۋە تېخىمۇ تارايتىپ ئوتتۇرا جەنۇبىي ئاسىيانى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن. بولۇپمۇ، ئەركەكلىكنى رەھمان، مەدەكلىكنى شەيتان دەيدىغان چۈشەنچە نىسبەتلىرىدە، شەيتاننى رەجىملەش كېرەكمۇ؟ ئەركىنلەشتۈرۈپ ئەكس تاناسىپ ئەركىنلىك تاناسىپلىقىنى، ئاندىن بالانىسلىقىنى يېتەكلەش كېرەكمۇ؟ دېگەن پەلسەپىۋى مەسىلە بىلىش پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ھۆكۈمكى، مانى نىزامى بويىچە بىر ئەركەككە بىر مەدەكنى شەرت قىلغان ئۇيغۇر ياكى تۈركىي خەلقلەر مۇشۇ ماھىيەتلىك نېگىزدىمۇ تەبىئىي تەڭپۇڭلۇق بويىچە ئىجتىمائىي ئەخلاق مىھزانى ئورناتقان ئىدى. بۇنىڭغا كىلاسسىك رىۋايەتلەردىن مىسال ئالايلى.

ئەرەب جاھىلىيەت دەۋرىدە قىز (مەدەك) پەرزەنتلەرنى خارلاپ كۆمۈپ تاشلايدىغان دەۋردە، تۈركىي (سوغدى) خەلقلىرىدە ئىشق داستانلىرىدىكى تاھىر ـ زۆھرە، غېرىب ـ سەنەم، ۋامۇق ـ ھۇزرا قاتارلىق جىنسىي تاناسىپ قاراشلىرى بارلىققا كەلگەن. تىلىمىزدا قالغان ئەبدال، دەللال، دەججال دېگەن ئۇقۇملار جىنسىي رىقابەتتىكى مەنالارنى ئىپادە قىلىدۇ. 10 ـ ئەسىردىلا يەنى ئىمام مەھدى ھېكايەتلىرى پەيدا بولغان چاغدىلا: «ئاخىر زاماندا مەسىھ ئاسماندىن چۈشۈپ، مەھدى كوھىقاپتىن چىقىپ دەججالنى يوقىتىدۇ» دېگەن رىۋايەت تارقالغان. بۇ ئەسلىي جىنسىي شەررالنى ئۇۋۇلىماقچى بولىدىغان خۇراپات يوقىلىدۇ، ئۇقۇم ۋە هالەت بويىچە خاتا چۈشەنچىنى تۈزىتىش مۇمكىن دېگەنلىك ئىدى. دېمەك، دۆلەت (ھوقۇقى) سەنئەت (پۇقراۋى) جەھەتتىكى ساھىبقىرانلارنىڭ ئەقلىي دەرىجىسى ماكانىدىكى ئەدلى ۋە پەزلى تۈزۈملەرنى راۋانلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم نېگىز بولغان ئىدى. دېمەك، بۇ ئارقىلىق دېمەكچىمىزكى، بىزنىڭ بوۋىلار ئۆز ئەقلى بىلەن شۇنداق بىر ئىلمىي بىلىش تەمكىنلىكىدە تۇرغانلىقتىن، ئەشۇ قەدىم دەۋرلەردىن باشلانغان سەنەملەر، مۇقاملار، مەشرەپلەردىكى ئەركەك مەدەكلەر پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەردىمۇ ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۆزلىرىنى ئىستېلا

www.uyghurkitap.com

قىلغان ئەرەب كىشىلىرىدىن تەرەققىي قىلغان قاراشلار بىلەن ئۆزلىرىگە خاس تۈزۈملەرنى ئورناتقان ۋە ئۇلارنى دۆلەت ھوقۇق سۈيىتى قىلىپ ساقلاپ كېلەلىگەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن «موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىستېلاسى گەرچە ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى بىر مەھەل ئېغىر ۋەيرانچىلىققا مۇپتىلا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا ئېغىمۇ كەڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. موڭغۇل ئىستىلاچىلىرى شامان ۋە نېستورىيان دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدى، كېيىنچە بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلغان ئىدى، ئەمما ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان جايلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاھالىلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا ئارىلاشمىدى. بۇ خىل سىياسەت يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا شەك ـ شۈبھىسىز پايدىلىق ئىدى، بولۇپمۇ كۈچلۈكنىڭ دىنىي زۇلۇمىدىن ئازاد بولغان قارا قىتان تېررىتورىيەسىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، شۇنداقلا بۇ رايوننىڭ ئىسلاملىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

ئىسلام دۇنياسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان غەربىي يۇرتتىكى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى قەتئىيلىك بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەرەققىي تاپقان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىشقا چارىسىز ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىستىخىيەلىك ھالدا ئىسلاملىشىشقا يۈزلەندى، تېخى چاغاتاي دەۋرىدىلا ئىسلام مەدەنىيىتىگە زوقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئىستېلاچىلار بۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ بولغانىدى. چاغاتاي مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىنىڭ خاس تېۋىپلىقىغا تايىن قىلىپلا قالماي يەنە ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ھەبەس ھەمىدكە بەكلا ئىشىنەتتى. بۇ چوڭ سودىگەر چاغاتاي خانغا زور تەسىر كۆرسىتەلەيتتى. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ماكانلاشقان بىر قىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرى تەدرىجىي تۈركلىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تەدرىجىي ئىسلاملاشتى، ئولتۇراق تۇرمۇشقا يۈزلىنىپ ئەسلىدىكى چارۋىچىلىق تۇرمۇش شەكلىدىن ئاستا ـ ئاستا قول ئۈزۈپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى» ④. بۇنداق ئىلمىي بىلىشلەرنىڭ يىلتىزىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇنىڭ بىزدىكى ۋارىسلىرىدىن فارابى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مىسال قىلساق، ئەھۋال بۇدۇر.

فارابى «ئىككىنچى ئارىستوتىل» بولۇپ باش كۆتۈرگەندە ئىسلام چەمبىرىكىدە ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭدا تارىخىي بىلىملا بولۇپ، ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش يولى بىلەن پاراسەت قورالىنى ئىشقا سالىدىغان ئۆگىلۈكچە دەرىجە (مېتود) بولمىسا ئىدى، ناھايىتى چوڭ بولغاندىمۇ رەسۇلىمىزغا خىيانەت قىلغان ئەرەب خەلىپىسىنىڭ جاھانگىرلىك گىردابىدا تەپسىرچىلىك قىلىدىغان مىڭلاپ ئۆلىمالارنىڭ بىرىسى بولۇش بىلەن توختاپ قالاتتى. لېكىن ئۇنىڭدا ئۆگىلۈكچە ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش ئىقتىدارى بولغانلىقتىن، تەرىقەت مەرىپەتچىلىكىدىن تۇرۇپ، تۈركىي ئەقلىي پاراسەت ئەنئەنىسى بىلەن ئەرەب ئىسلام پاراسەت ئەنئەنىسىنى يۇغۇرالىدى ـ دە، باشقا ئەرەب ئالىملىرىغا ئوخشىمايدىغان ئىجادىي يول تۇتۇپ، يېڭى بىر بىلىم ئېقىنى ياردى، ھەمدە بۇنىڭ بىلەن قانائەت قىلماستىن ئىسلام چەمبىرىكى سىرتىدىكى گىرېك مەدەنىيىتىنىڭ يۇرىكىنى ئىگەللەپ تۇرغان ئارىستوتىل ئېقىمىنى تەبلىغ قىلىپلا قالماي، كاتولىك، خىرىستىئان، بۇددا ماكانلىرى تارىخىدىكى بىلىم قەسىرلىرىگە يۇرەكلىك ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئالدىدىكى تارىخىي ئىزلارنى توغرا تونىدى. سامانىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەرەب خەلىپىسىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن تۈركىي (غەزنەۋى) خانىدانلىق تاھىر خانىيە (820 ـ 870) نىڭ خانى (فارابى ئاتىسى) تاھىرخان مۇھەممەتنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، ئانىسى بىلەن ئۆزىنى تۇتقۇن قىلىپ دەمەشىققە ئېلىپ كېتىشىدىكى سىرلارنى چۈشەندى. بولغۇسى ئىشلارنىمۇ پۈتۈن ئىقلىم بىلىملىرىدىن سۈزگەن جاۋاھىرلىرىغا ئۆزىنىڭ غايىۋى دۆلەت تەپەككۇرىدىكى ئاشۇنداق ئەقلىي (ئىلمىي) بۆسۈشلەرنى قوشۇپ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق يېڭى بىر غايىۋى دۆلەت مۇنارى تىكلىدى. قىسقا گەپ قىلغاندا، فارابى ئىسلام چەمبىرى ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ خەلىپىسىدىكى ۋەتىنىگە بولغان خىيانەتنى تونۇپ يەتتى ـ دە، «ئىمان جۇملىسىدىن» بولغان ئاشۇ ۋەتىنىنى خورلىغان تارىخنى يېڭىلاش ئۈچۈن شەكلەن ھالدا «ئىسلام» دەپ تۇرۇپ «ئىمانسىز» ئىش قىلىۋاتقان خەلىپىدىكى ئاسىيلىقنى تۈزىتىپ، مىللەتلەر باراۋەر ۋە ئىناق ئۆتىدىغان غايىۋى دۆلەت سىستېمىسىنى لايىھەلىدى.

ئىسلام پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان دۇنياۋى ئالىملارنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ لايىھەلىگەن غايىۋى دۆلەت ماھىيەتتە شۇ زامان ئېتىبارىدىكى «گۈزەل ئەخلاقلار مۇجەسسەم بولغان گۈلىستان، ياخشى ۋە بەختلىك ھاياتنى ئىزدەيدىغان چىراغ» بولۇپ، ئۇ لايىھەلىگەن بۇ دۆلەتتىكى شۇنداق ياخشىلىق ۋە بەختكە يېتىپ بارىدىغان يول «ئەقىل ـ پاراسەت»⑤ ئىدى. راست گەپ قىلىش كېرەككى، بۇ لايىھە ياكى فارابى ئاچقان بۇ يول ئەپلاتوندىن كېيىنكى دۇنيانىڭ يەنە بىر غايىۋى دۆلەت خەرىتىسى بولۇپ، بۇنىڭدا دۆلەت ۋە دۆلەت مەمۇرلىرىنىڭ سۈپەت ۋە سالاھىيەت مەسىلىسى ئەپلاتون ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالىملار زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن دەرىجىدە يورۇتۇلدى. ئۇ

يورۇتقان پىرىنسىپلارىنىڭ بەزىلىرى تېخى زامانىمىزدىكى
تۇرلۇك تۈزۈمدىكى دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ قىبىلىنامىدۇر. بۇ ـ
لۇپمۇ دۆلەت نامىنى كۆتۈرۈۋېلىپ جىنايى قىلمىشلار بىلە ـ
لەن مەشغۇل بولىدىغان جاھالەت دۆلىتى، مىللەتچىلىك
دۆلىتى، پىتنە ـ پاسات دۆلىتى، مۇرتەدلەر دۆلىتى، ئاز ـ
غۇنلار دۆلىتىدىن ئىبارەت چىرىگەن ۋە يېگىدىن قۇرۇل ـ
ـىمۇ چىرىپ كېتىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ
تاشلاپ، خەلققە شۇ ساختىپەزلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشۈپ ئەخلاقىي چىرىكلىككە يۈزلەنمەسلىك ھەققىدە
نەسىھەت قىلىدىكى، ئەخلاقسىز دۆلەتنىڭ ماھىيىتىنى ئېپ ـ
چىپ تاشلاشتا تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ماياك بولدى. قارالڭ
ئۇنىڭ سۆزلىرىگە: «ئەخلاقسىز دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ئۆز ـ
لىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماددىي دۇنيادىكى لەززەت ـ
لىرىنىڭ مەستخۇشلىقىغا تولغان ھاياتىدىكى بەختكە نىس ـ
بەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار تەن ئىسكەنجىسىدىن مەڭگۈ قۇ ـ
تۇلالمايدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ روھىمۇ كەينى ـ كەينى ـ
دىن ئۆلۈنۈپ كەلگەن ماددىي ھالەتتە بولىدۇ. توختاۋغۇ ـ
سىز ئايلىنىپ ئىنسان شەكلىگە كىرىدۇ. ئۇلار پەيدىنپەي
چېكىنىپ ئەقىلسىز ھالەتكە يېنىپ، (ھايۋان شەكلىدە)
ئاددىيلا ئۆلىدۇ»⑥. قارالڭلار بۇ نېمە دېگەن يىراقنى كۆ ـ
رەرلىك ـ ھە! روشەنكى، بۇ ئۇنىڭدىكى: «بەختكە يېتىپ
بارىدىغان يول ئەقىل ـ پاراسەت» دەيدىغان ئىلمىي تەپەك ـ
كۇردىكى ئۇزلۇكسىزلىك ۋە ئىجادىي تەكرارلىقنىڭ، مە ـ
شۇقنى ئىزدەپ ئاشىقلىق ـ ئەۋلىيالىق دەرۋازىسىدىن ئۆ ـ
تمۇاتقان شىجائەتنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

يۇسۇپ خاس ھاجىپچۇ؟ ئۇنىڭدىكى ئەقلىي (ئىلمىي)
بىلىش «قۇتادغۇبىلىك» ئارقىلىق ھەممىمىزگە ئوچۇقتۇر.
فارابىنىڭ غايىۋى دۆلەت تەلىماتىدىكى شۇ دۆلەتنى بەرپا
قىلىش، مۇستەھكەملەشتە كۆشامىش سۆھبىتى ئارقىلىق
ئۆتمۈشتىكى مىڭ يىللىق تارىخىي يىلتىزىمىزغا كۆمۈلگەن
ئەقىل خەزىنىلىرىدىن جاۋاھىر سۈزسە، ئۆگتۈلمىش
ئوبرازى ئارقىلىق كۆز ئالدىدىكى دۆلەت ئۈچۈن ئىلمىي
تەرەققىيات قارىشى تىكلىدى. ئودغۇرمىش ۋە قۇمارۇ ئار ـ
قىلىق كېلەچەكتىكى كۆرمۈش مىڭ يىلغا ماياك تۇرغۇز ـ
دى. بۇنىڭدىكى ئاساسمۇ بۇ خانىدانلىقنىڭ كۆرۈنۈشتىكى
كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپلا بولغۇسى كىرىزىسلەردىن غاپىل
يۈرىدىغان ھېسسىيلىقتىن ساقلىنىپ، شەرقتىكى قىتان،
قىپچاقلار ۋە غەربتىكى خەلىپە تەرىپىدىن كېلىۋاتقان ئاغ ـ
دۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك خەۋپلىرىنى ئەقلىي (ئىلمىي)
كۆزىتىدىغان تەپەككۇر كۈچى بولۇپ، بۇنداق تەپەككۇر ئۇ ـ
نى بىخۇد ياكى ئەخمەق ئادەملەر زادىلا ئويلاپ ـ يېتەلمەيدى ـ
غان ئەقلىي (ئىلمىي) خىياللارغا سالدى: «يۇسۇپ خاس
ھاجىپ ئاتىسى ھۇسەيىن خەلەپ ئارقىلىق ئەبۇ نەسىر
ئەخمەت فارابىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى، يەنى باغداد خەلى ـ
پىسى بىلەن خۇراسان سامانى خانلىقى بوۋىسى تاھىرخان
مۇھەممەتنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ساق ـ
لىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. ئەرەب خەلىپىلىكى پەيغەمبەر
ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە پەيغەمبەر نامىنى بايراق قىلىۋې ـ
لىپ ئىستېلاچىلىق قىلىپ، تۈركىي ئەللەرگە زۇلۇم سال ـ
غانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىئە مەزھىپىنى قوللاپ ۋاستە
قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى تەرغىپ قىلىشقا تولۇق تەييار ـ
لىق قىلدى. خوتەندە تابغاچ خان بولۇش دەۋرىدە قەدىمكى
دىنلارنى ـ شامان (ئاتەش)، بۇددا، مانىي دىنى ئەسەرلىرىنى
كۆرۈپ، مىللىي دىنىي قاراشلىرىنى يېتىشتۈردى. بۇ
قاراشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شىئە مەزھەپ
قاراشلىرىنى ۋاستە قىلىش مۇمكىنلىكىدىن پايدىلاندى.
جان سىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزىدە مۆكۈنگەن ئەبۇ نەسىر
ئەخمەت فارابى يولىنى تۈركىي خەلقلەرگە ئەقىدە قىلىپ
بېكىتىشنى مەقسەت قىلدى»⑦. قىسقىسى، ئۇ مانا مۇشۇ
ئىلمىي بىلىش دەرىجىسى بىلەن رەقىبلەر ئويلاپ يېتەل ـ
مەيدىغان يەنە بىر ئەقىل پايانىنى ئاچتى ـ دە، بۇ دانالىق ـ
نىڭ كېيىنكى مىڭ يىللىق تارىخىمىزدا كىرىزىسلارنى
يېڭىپ يېڭى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان دانىشمەن ـ
لىكلەر كېلىپ چىقتى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ موڭغۇل
دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئەقىل ـ پاراسەت ئەنئەنىسىنى تەك ـ
شۈرۈپ بېكىتكەن دۇنياۋى ئالىملارنىڭ «بىرىنچىدىن مەر ـ
كىزىي ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى كۈچ ـ
لۈك بولغان يەرلىك ئەقىل ـ پاراسەت ئەنئەنىسى بار؛
ئىككىنچىدىن، بۇ ئەنئەنىنىڭ ئاساسلىق قىسمى خانلىق
ئەقىل ـ پاراستى ياكى سىياسىي ئەقىل پاراسەتتىن ئى ـ
بارەت» دېگىنى بىزدىكى ئاشۇ بوۋىلارنىڭ بۇددىزىمدىن
ئىسلامغا ئۆتكەندىن كېيىنكى نەچچە ئەسىر، ھەتتا ھازىر ـ
غىچە ھېسابلىغاندا بىر ئىرا داۋام قىلىۋاتقان ئىلمىي بى ـ
لىش ئېقىمىغا قارىتا چىقارغان ھۆكمىدۇر. يۇقىرىدىكى
قىسقىچە ئەسلىمىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ھېسسىي ۋە
ئەقلىي بىلىش دەرىجىلىرى ئەمەلىيەتتە ئۆزلۈك ۋە ئۆگ ـ
لۈك ئوتتۇرىسىدىكى تېپىز ۋە تىرەنلىك پەرقىنى ئىپادى ـ
لەيدىغان ھېسسىيات پەرقلىرى بولۇپ، بىر ئادەمگە نىسبە ـ
تەن ئېيتقاندا، ھېسسىي بىلىش شۇ ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى،
ئەقلىي بىلىش ئۇ ئادەمنىڭ شۇ ئۆزلۈكىدىن چىقىش دە ـ
رىجىسىدۇر. ھىسسى بىلىش بولىۋاتقان ئۆزلۈك شۇ ئادەم ـ
نىڭ تەن شەكلى ھەم ۋەزنىنى بىلىش بولسا، ئەقلىي بى ـ
لىش بويىچە شۇ ئۆزلۈكىدىن چىقىش ئۇنىڭ چوڭقۇرىدىكى
مەسىلىلەرنى بايقاپ، بىلىم قورالى ھەل قىلالمايۋاتقان ھا ـ
ياتلىق مەسىلىلىرىگە يول تېپىشتۇر. بۇنداق بىلىش دەرى ـ
جىلىرىنى يېگانە بىر تەندىن مىللەتكە، دۆلەتكە، ئىنسانى ـ
يەتكە قارىتا تەدىرىقلاپ ئىلگىرىلەش مۇمكىنچىلىكى ھەر
زامان مەۋجۇتتۇر. بۇ مۇمكىنچىلىك شۇ ئۆگلۈك ئۆزى
مەۋجۇت بولىۋاتقان ئۆملۈكنى زىل ـ زىبالىق بىلەن مىك ـ
رولۇق قەۋەتلەرگە بۆلۈپ، ئاۋۋال ئۆز تېنى بىلەن تاشقى

www.uyghurkitap.com

مۇھىت ياكى بىللە ياشاۋاتقان مىللىي توپنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مىقدارى سۈپەت تەڭلىمىسىنى بىلىش، ئاندىن باشقا «ئۆزلۈك» لەرگە قارىتا مۇناسىۋەت مىزانىنى بىلىش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ بوۋىلار ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىكى مىللىي كىرىزىستىن ئۆتۈشتە يەنى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرلەردىكى مىللىي كىرىزىستىن ئۆتۈشتە مۇھىت (ئۆملۈك)نى مانا مۇشۇنداق قاتلاملارغا بۆلۈش ئارقىلىق ئىچكىرىلىگەن. يەنى ئۇلارنىڭ «ئۆگلۈك زېھنى» ئاۋۋال مىللىي، دىنىي ۋە تىل ئامىللىرىنىڭ جەمئىيەتلىك ھېسسىيات قاتلاملىرى بىلەن ئىرقى ۋە دىل ئامىللىرىنىڭ تەبىئەتلىك ئىقتىسادىي قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بىلىپ يەتسە، ئاندىن بۇ مىكرو قاتلامنى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ماكرولۇق قاتلىمىغا تەڭپۇڭ قىلىشنى بىلىپ، مىللەتنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس بولغان كىرىزىستىن ئىسلامى ھەم مىللىي ئەقلىي ھۆرلىككە (ئەسلىدىكى ئۆزلۈك ئەنئەنىسىدىن دەۋر ئېھتىياجىدىكى توغرا ئەقىدەتكە) ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. دېمەك، ئۆگلۈكنىڭ ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش دەرىجىسى بىر پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەزەلىي ۋە مەھشەرلىك جەريانىغا تەدبىقلاشقا بولىدىغان بىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئىزى بولغان «ئادەم، ھاۋا» دىن باشلانغان مېھىرداشلىقنى رەھىم - شەپقەت بويىچە يېشىپ بېرىش، ھەمدە ئومۇمىي مەۋجۇتلۇق ئېھتىياجى ئۈچۈن مۇتلەق شەرت بولغان تەبىئەت جانلىق قەۋەتلىرىگە تەدبىر ۋە پەرۋىش ئەقلىي قىلىش مۇمكىن. بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىشنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دۇنياۋى تەرەققىياتىغا يالت - يۇلت بىر قاراپ ئۆتەيلى.

بىلىمىزكى، بىرىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىن، غەرب دۇنياسىدا پەن - تېخنىكا نورمال قەدەملەردىن ھالقىپ تەرەققىي قىلدى، ئۈچ چوڭ كەشپىيات كىلىنكا تەلىماتى، ئېنېرگىيەنىڭ ساقلىنىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنى، تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تەلىماتى، ئىككى چوڭ تەدبىقات (ئېلېكتىر، پار ماشىنىسى) بارلىققا كەلدى. دارۋىن، نيۇتون، لېبنىتىز، كىيورى ۋە خانىمى، ئىدىسون، ئېيىنشتېين قاتارلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرى بارلىققا كەلدى. خەنزۇلار نەسلىدىن بولغان ياڭ جىنىڭ، لى جىڭداۋ قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ غەربنىڭ پەن تەتقىقات تەجرىبەخانىلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ زور ئۇتۇقلارنى قازاندى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۆگلۈكنىڭ بىلىش ئۇسۇلى دەۋاتقان ئىلمىي بىلىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا بىلىم ئىگىلىكى باسقۇچىنى باشلىدى، بۇنىڭدا پەن - تېخنىكا، بولۇپمۇ ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى باشلامچىلىق ۋە يادرولۇق ئورۇنغا ئۆتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق ئىلمىي بىلىشلەر ئارقىسىدا ئۆزىنى يېڭىلاپ مەڭگۈۋاتقان ئادىمىيەت (ئېھسانشۇناسلىق، دىيانەتشۇناسلىق) ۋە ئىجتىمائىيەت پەنلىرى كۆپ تەرەپلەردە تەبىئىي پەنلەر بىلەن گىرەلىشىپ كەتمەكتىكى، ئەمدىلىكتە پەن تېخنىكىدىن خەۋىرى يوق ئىجتىمائىيەت ۋە ئادىمىيەت (دىيانەت) پەنلىرىنىڭ خادىملىرى ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن كاردىن چىقىشقا باشلىدى - دە، بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىيەت پەنلىرى، ئادىمىيەت (دىيانەت) پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ تەبىئىي پەن بىلىملىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئېنىق ساپاغا ئىگە بولۇش شەرت بولدى. ئادەم سۈپىتىگە قويۇلغان بۇنداق كونكرېت تەلەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ بىز پەقەت يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دارۋىن بىلەن مورگاننى مىسال قىلساق ئەھۋال بۇدۇر:

بۇندىن 200 يىل بۇرۇنقى ياۋروپا (جۈملىدىن بىرىتانىيە) ئوتتۇرا ئەسىرگە خاس ناتۇرال تەبىئەتكە تايانغۇچى ئورگانىك ئىقتىدارغا يەتتى. كاپىتال تەبىئەتنى ياراتقۇچى مورگانىك ئىقتىسادقا كۆچۈشكە باشلىدى. بىز ماركسىزمغا قوشۇپ ھەر كۈنى تىلغا ئالىدىغان يەنى بۇرۇنقى ناتۇرال فېئودال ئىدىيەدىن كاپىتال بۇرژۇئا ئىدىيەسىگە مىتافىزىك ھېسسىي ھاياجاندىن دىنامىك ئىلمى ياراتماق باسقۇچىغا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. دارۋىن، (جۈملىدىن مورگانمۇ) مانا مۇشۇنداق يېڭى بۇرژۇئازىيەنىڭ ئەقلىي بىلىش ئامىللىرى ئىدى. ئۇلار تۇغۇلۇش شارائىتىغا كۆرە، بالىلىقىدا فېئودال ئاقسۆڭەك بولۇپ، كاتولىك ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنى ئۆگەنگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىسلامىيەتنىڭ تارىخىي يىلتىزى بولغان «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەن. يەنى «تەڭرى (ئاللا) «ئادەم، ھاۋا» نى تۇپراقتىن ياراتتى ... ئىرەن بېغىدا چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ «گۇناھى ئەزەل» بولغانلىقتىن يەرگە تاشلىدى» دېگەن قاراشلارنى بىلەتتى. ياۋروپادا جۈملىدىن دۇنيانىڭ نۇرغۇن ئەللىرىدە ئىنسانلارغا تارقالغان مۇنداق ئاددىي ھېسسىي بىلىش، دىنىي فورماتسىيە بولۇپ، بۇنداق فورماتسىيە ئىچىدىن «زادى قانداق ياراتتى» دېگەن ھېس قاتلاملىرىنى ئېچىش بىلىش مەسىلىسى ئىدى. شۇ تۈپەيلى ئۇلار بۇندىن 200 يىل بۇرۇنقى يەر شارىنى ئايلىنىپ، ئاسىيادىكى بولۇپمۇ ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيادىكى دىنىي تەسەۋۋۇپ قاراشلاردىكى تەسەۋۋۇر - تەپەككۇر نەتىجىلىرىگە نەزەر سالدى. جالالىدىن رومىي، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىدىكى قاتلاملار ھىسسى جەھەتتىكى چەكسىزلىكى بىلەن ئالاھىدە نەمۇنە بولسىمۇ، ئالەم ۋە ئادەمنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى تەجرىبىۋى تەپسىلات جەھەتتە كەمچىل ئىكەنلىكىنى بايقىدى - دە، ئادەمدە يوشۇرۇن تۇرۇۋاتقان پاراسەت قورالىغا دەۋر تەلىپىدە مۇراجەت قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپادا كاپىتال سانائەت تېخنىلوگىيەسى ئۇتۇقلىرى بىلەن دۇربۇن، تېلېسكوپ، مىكروسكوپ ۋە خىمىيە، فىزىكا، ئالگېبرا، گېئومېتىرىيەنىڭ نۇرغۇن تېخنىكىلىق ئۇسكۈنە، سايمان، زاپچاسلىرى ياسىلىپ ئىلمى بىلىش ئىم-

كانلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇردى.

ئەقلىي بىلىشنىڭ مانا مۇشۇنداق يۈكسىلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن ياۋروپادىكى كاپىتال سانائەت تېخنىلوگىيەسى نەتىجىسىدە دۇنيانى كەزگۈچى پاراخوتلار، دىرىژابىللار بارلىققا كەلدى. دۇنيانى كەزگۈچى ئىنسانلارمۇ ئىككى خاراكتېرگە ئايرىلدى. بىرى، ئاسىيا ـ ئافرىقا، ئاۋستىرالىيە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىن بايلىق ئوۋلايدىغان جاھانگىر ۋە «ئوۋچى» لا، يەنە بىرى، دۇنياۋى ھاياتلىق سىرلىرىنى بىلمەكنى دېگەن «توغرى» لار. دارۋىن، مورگانلار «توغرى» ئىدى. يەنى دارۋىن ۋە مورگان قاتارلىق ئالىملار ئاتلانتىك سەپەرلىرىدە ياۋروپادىكى «ئاق تەنلىك» سام ئەۋلادلىرىنى، ئافرىقىدىكى قارا تەنلىك ھام ئەۋلادلىرىنى كۆردى، «نوھ» تارىخىنىڭ ئەسلىي ئۈچ باسقۇچلۇق ئىنسانىيەت تارىخى ئىكەنلىكىنى بىلدى، يەنى «ئاللا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى» دېگەن تەسەۋۋۇر قاتلىمىنىڭ كەڭلىكلىرىنى كۆرۈپ يەتتى، ھىندىستان رىۋايەتلىرىدىكى قەدىمكى «ماخاپخارا» مايمۇنلىرى ۋە مايتىرىنىڭ 32 مۇشكۈلاتتىن كېيىن راخمى بولغانلىق تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن پەيدا بولغان ئىلھام ئارقىلىق، ئافرىقىدىكى قارا تەنلىكلەر بىلەن پىرمانلار ئارىسىدىكى خىلداشلىقنى كۆرۈپ ئىزدەندى.

دېمەكچى، ئىنساننىڭ گۆشخور پىرماندىن ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈم دارۋىن ياكى مورگان ئىختىراسى بولماستىن، بەلكى ئەسلىي گىنلىرىدا گۆشخور ئوۋچى ئېلېكترون (جىن) لىرى بولغان ئىنسانلارنىڭ چۈشلىرىدە بۇرۇن پاش بولغان ھېسسىي ئىلھام ئىدى، بۇ ھېسسىي بىلىش دۇنياۋى سېلىشتۇرما، مىكروسكوپلۇق كۆزىتىش قاتارلىق ئىلمىي تەجرىبىنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، بۇنى دارۋىن، مورگان قاتارلىقلار مانا مۇشۇ ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش يولى بىلەن ھەل قىلدى.

كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغىنى شۇ بولدىكى، دارۋىن ياكى مورگان قاتارلىقلارنىڭ ئىلمىي مەۋقەسىدە ۋەھدەت (يوقلۇق ـ پۈرۈلتار) ئامىل بولغاچ «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن ئەسەردە مورگان ئىنسانلىق مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ ئاچقۇچى بىرىتانىيە ئارىلىدا دەپ غەرەزلىك دەۋا قىلماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ تەتقىق نەتىجىسىنى ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ئويمانلىقىدىكى قۇمغا كۆمۈلگەن دەپ سەممىمي ئېتىراپ قىلدى.

بىز بۇ ھۆكۈمنى چۈشىنىشتە مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلساقلا يېتەرلىك: ① «كىرىست» ياكى «تابغۇچ(+)» تىلىمىزدىكى «كىلىت» (ئاچقۇچ) دېگەنلىك. رىۋايەتلەردىكى ئىسكەندەرنىڭ «ئۇستۇرلابى» بۇ «تابغۇچ» (+) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئاتەش (شامان) دىنلىرى دەۋردىكى «تەڭرىنىڭ تۈز ـ تەڭ، ئۈز ـ ئەڭ» دېگەن سۆپەت بەلگىسىدۇر. تاشنى سۈركەپ ئوت (تومۇغ) چىقىرىش ئەقىلنىڭ تۈنجى بەلگىسىدۇر.② «ئاقتاش» ھازىرغىچە قاشتاش (لەئلى زەرەفشان) تارىم ئويمانلىقى مەھسۇلىدۇر. دېمەك، دارۋىندىكى ئىزلىنىش ھەققى ئىلمىي بىلىش خاراكتېرىدىكى ئىمانىيونلۇق بولدى. ئەگەر بىز دارۋىننىڭ تەبىئەت تەدرىجىي ئۆزگىرىش قانۇنىنى ئېچىپ بەرگەن بۇ ئىلمىي بىلىش دەرىجىسىگە ماركسنىڭ جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش قانۇنىنى ئېچىپ بەرگەن ئۇلۇغ تۆھپىسىنى قوشۇپ ئويلىساق، ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋردىن بۇرۇنقى نەچچە ئون مىڭ يىللىق تارىخىي ئەنئەنە قاتلاملىرىغا كۆمۈلگەن ئىنسانلىقنىڭ مېھرىداشلىق توغرىسىدىكى سۆپەت تارىخىنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، بۇنداق ئىلمىي بىلىش كۈنىمىزدىكى تەرەققىياتنى بىزدىكى ئەڭ يېڭى كەشپىيات «ئوت خۇمايى يەزەل» بىلەن «ئۆگۈۋادۇر تەلىماتى» غا ئۇلاپ تېخىمۇ مۇپەسسەل شەرھلەش مۇمكىن. يەنى مورگان، دارۋىن، ماركس، يۈسۈپ ھۇسەيىن (قەقنۇس) لار بىر پۈتۈن جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئون خىل ئىنسانىي سۆپەت تارىخى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئېچىپ بېرىپ، ئىنسانلارنىڭ يارىتقۇچى قانۇنىيەتلىرى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش، تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 4. ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىشتە ئۆزلۈك قايمۇقتۇرۇشلىرىدىن ئۆتۈش

ئەپسۇس مانا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي پەھمى پەرقلىق بولغاچ بۇنداق ئىلمىي بىلىشلەرگە بولغان چۈشەنچە، قوللانغان ھەرىكەتتى جەھەتتە ھەر خىل ئىشلار بولۇپ كەلدى. بولۇپمۇ دۇنيانىڭ جاي-جايلىرىدا، شۇنداقلا بىر جايدا بولسىمۇ، ئوخشىمىغان مەقسەتلەردە بۆلۈنۈپ كەتكەن دىن، مىللىي، سىياسىي، ھەتتا كەسپىي پەرقلەردىكى «ئۆزلۈك» لەر بۇ نەزەرىيەلەردىكى تۈرلۈك ئۇقۇملارنى ئۆزلىرىنىڭ ھېرىسلىرى ئۈچۈن قورال قىلىدىغان غەرەزلىرىدە شۇنداق تۇتۇق ۋە بۇزۇق خىياللار بىلەن ئىزاھلاپ بەرمەكتىكى، بۇنداق ئېزىتقۇلۇقلىرى بىلەن تەرەققىيات يۆنىلىشىنى پاتقاق يوللارغا باشلاپ قويماقتا. تازا زەن قويۇپ كۆزەتسەك مەلۇم بولىدىكى، ئوخشىمىغان نىزاھلار بىلەن دارۋىننى ھەر تەرەپكە سۆرەيدىغان، تاپتىن چىقىپ كەتكەن قوش كالىسى ھاڭغۇقنى قارىغاندەك ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تۇتۇپ ماڭىدىغان گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلەر ھەممە يەردە باش كۆتۈرگەن. شەرھچىلەر ھەتتا ئەگەشكۈچى جامائەتنى ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان خاتا يوللارغا باشلاپ كېتىۋاتقان بۇ ئېقىم ياكى قاراشلارغا باش بولغان ھوقۇقدارلارغا ئەگەشكەن مىڭلاپ، مىليونلاپ ئامما گەرچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلىگە شۇنچە شېرىن ئارزۇلارنى پۈكۈپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاشۇ ئازغۇن باشلىغۇچىلار دەردىدە بىرلا جامائەت ۋاقىتلىق پايدا ئالىدىغان «ئۆزلۈك» دۇنياسىغا غەرق بولغانكى، ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ سۆزلەشنى، ئىشلەشنى يوسۇن قىلغان، يەنى كاتتىۋاشلار كۈشكۈرتكۈچى، جامائەتلەر كاتتىۋاشلارنىڭ كۈشكۈرتكىنىنى قوبۇل قىلغۇچى، ئۆزى سۆيگەن شۇ ئۆزلۈكلىرى بويىچە رىقابەتتە يېڭىپ چىققان ئۇتۇقلىرىغا مەستخۇش بولۇپ ئاينىغۇچى بولماقتا.

ئىلىم دېسەك، مۇشۇنداق ئىلمىي كەشپىياتلار بارلىققا كېلىپ ئىجتىمائىي بەختىيارلىقنى رېئال تۇرمۇشتىن كۆرسەتكەن تۇرسا، ئېتىقاد ــ ئىمان دېسەك، ساماۋى كىتابلار ئالاھىزەل دۇنيا خەلقىنىڭ ھەممە بۆلىكىگە ياراتقۇچىنىڭ يارىتىش قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئەقىل پەردىلىرىنى ئېچىش يولىنى كۆرسەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ؟ شۇنچە دىنلار ۋە ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى ئايىغى تۈگىمەيدىغان مۇشۇنداق توقۇنۇش ئىچىگە تىقىپ قويۇشمۇ؟ ئىلمىي بىلىش بىلەن ئەمەلىي ئۇنۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنچىۋالا چوڭ پەرقلەر نەدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ؟ ئەقلىي بىلىشنىڭ ئالىي دەرىجىلىرىدە قولغا كەلگەن مەنىۋى دۇنيا ھاسىلاتلىرىنى تەقلىد قىلىش جەريانىدا ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق سوئاللارنى قويۇش ۋە كۆڭلۈمگە چۈشكەن ئىلھام تامچىلىرىنى ئۇلارغا جاۋابەن ئۇلاش ئارقىلىق شۇنى چۈشىنىپ يەتتىمكى، ساماۋى ۋە ئىلمىي سەپنىڭ بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتچىلىرى ئەسلىدە ياراتقۇچىنىڭ يارىتىش قانۇنىيەتلىرىنى ئەينەن پاكىتلار بويىچە ئۆز ئالدىغا بايقايدىغان ئويغاق كىشىلەر ئىكەنكى، ئۇلار بىزنى تەسلىم قىلغان ئاشۇنداق پىكىرلەردە بولۇۋاتقاندا ئۆزلىرى بىلمەكچى بولغان زات بىلەن بىر بولۇپ «ھەققەل يەقىن» دەرىجىسىگە يېتىدىكەن. تەسەۋۋۇپنىڭ «ئىلمەل يەقىن»، «ئەينەل يەقىن»، «ھەققەل يەقىن» دېگەن بىلىش دەرىجىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، «ئىلمەل يەقىن» كىتابى بىلىم ــ كىتابلارنى ئوقۇپ، تەھسىل قىلىپ ئېرىشكەن بىلىمدۇر؛ «ئەينەل يەقىن» كىتابى بىلىملەرنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ مۇشاھىدە قىلىش، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ئىشەنچە ھاسىل قىلغان بىلىمدۇر؛ «ھەققەل يەقىن» ئادەم ئۆز قەلبىدە ھاسىل قىلغان ئىشەنچ بولۇپ، بۇنداق ئىشەنچە كىتابى بىلىملەر، كىتابى بىلىملەرنى تەدبىقلاپ ھاسىل قىلغان ئىشەنچلىك بىلىملەردىن ھالقىغان يېڭى روھىي ھالەت (ئەقىدەت ــ ئۆگلۈك رەمزى) تۇر. بۇنداق ھالەت شۇ كىشىنىڭ ئاشۇ ئىككى خىل بىلىمنى تەدبىقلاپمۇ ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە دىل زىكرى ئارقىلىق «ھە، مۇنداق ئىكەن ــ دە!» دېگەن يەرگە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. يەنى بۇ ھالەت شۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتنى ئۆزى بىۋاسىتە ھېس قىلىشى، كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەندۇر. شۇنداق ئىكەن، ئىلمىي بىلىش بويىچە يۇقىرىدىكى ھەقىقەتلەرنى ئاچقان ئەركىن قەلب ئىگىلىرى تەسەۋۋۇپتىكى ئاشۇنداق ئىچكى سېزىم (ئىشىق) ئارقىلىق روھىي ھالەتتە يۈكسەلگەن «ئاشىق»لارنىڭ ئىزچىللىرى بولۇپ، تارىختىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان بىلىم ۋە تەجرىبىلەر ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋر تەلەپلىرى بىلەن چىقىشالماي تۈرلۈك توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، ئۆزلىرىنى توقۇنۇش ئىچىگە تىقىپ قويۇۋاتقان ئاشۇ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى ئىچىدىكى چىرىگەن تەرەپلەردىن قەلبىنى تازىلاپ روھىي ھالەتتە يۈكسەلگەن، ئەنئەنە بولغان ئۆزلۈك ئىچىدىن چىقىپ ئۆزىنى ياراتقان بەرھەق ئىگىسىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى نەق پاكىتلار بويىچە بايقاپ ئالغان كىشىلەر ئىكەن، بۇ «مەن» لىك ياكى «مەن»لىكنى چۆرىدىگەن «ئۆزلۈك» تىن چىققان كىشىلەرنىڭ بۇنداق كۆڭۈل خانىدانلىقى شۇنداق بىر ئۇلۇغ مەنىۋى ئالەمگە ئايلىنىپ كېتىدىكەنكى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئەسلىدىكى ئۆزلۈكنىڭ چىرىگەن تەرەپلىرىمۇ پاتمايدىكەن، ئۆزلۈكتە ھەتتا جان ــ جىگەر ئاتا ياكى بالا بولسىمۇ ئايرىلىپ كېتىدىكەن، يېتىپ كەلگەن ئۆزلۈك دەرىجىسىدە ياراتقۇچىنىڭ قانۇنىيەتلىرى (ھەقىقەتلىرى) نى ئەكس ئەتتۈرگەن يات ئادەملەرمۇ ئۇلارنىڭ جان بېرىدىغان دوستىغا ئايلىنىدىكەن.

مەسىلەن، جالالىدىن رۇمىنى ئالساق، ئۇ مۇشۇنداق ئۆگلۈشۈپ بولغاندا (ئىنسانىي كامىل بولغاندا) ئۇنىڭدا شۇنداق كەسكىنلىك ئەۋج ئالدى. ئۇ ئىلمىدە كامال تېپىپ «سۇلتانۇل ئۇلىما» بولغاندا كونيادا ياشىدى. ئۇ سالجۇقىلار دۆلىتىنىڭ چىڭگىز ئىستىلاسى ئاستىدا ئېچىنىشلىق زاۋاللىققا چۈشكەن ھالىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى خەلق رايىنى تارتقاندا، پۇقرالار ئۇنىڭ ئەتراپىدا دەۋر قىلدى، ئەمەلدارلارمۇ ئولتۇرۇش ۋە كاتتا يىغىلىشلىرىغا ئۇنى ئابرۇيى ئۈچۈن تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياشاۋاتقان دۇنيانىڭ مەنىۋى ئاسمىنى بۇ ئادەم بولمىسا يورۇمايدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھالدىكى ئەقىل پەردىلىرىنىڭ ئېچىلىشىدا شەمشىدىن تەبرىزى گوياكى ئالدىدا مەشئەل كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقان يول باشلىغۇچى ئىدى. بۇلارنىڭ دوستلۇقى ۋە ھۆر پىكىرلىرىدىن ھەسەت قىلىپ ئۆرتەنگەن «شەرىئەت پېشۋالىرى»، كۆڭلى كور «خۇدا» پەرەستلەر، تەكەببۇر جاھىللار تەھقىر، ھاقارەت يولىغا چۈشۈپ ھەر خىل بولمىغۇر يالغان ــ ياۋىدا گەپلەرنى تارقىتىشتى. ئۇلار: «ئەپسۇس، سولتانۇل ئۇلىمانىڭ ئوغلىدەك ئەللامەئى كىرەم رەقس ۋە ساما روزايىۋ نىيازلارنىڭ كاساپىتىدىن سەۋدايى جۇنۇنلۇق يولىغا كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ ھەممىسىگە سەۋەب بولغان ھېلىقى كاساپەت «تەبرىزلىك» دې-

يىشتى» ⑧. ئۇلار شۇ ھەسەت ئوتى بىلەن جالالىددىن رۇمىنى يېتىم قالدۇرۇش يولىغا ماڭدى ۋە ئاتىسىنىڭ مەنىۋىيىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەنمەيدىغان ھاماقەت ئوغلى ئالائىددىننى ئىشقا سېلىپ 1247 - يىلى 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كېچىدە شەمسىددىن تەبرىزىنى ئۆلتۈردى. بۇ كۆڭلى قارا ئوغۇل بۇنى ئاتىسىدىن سىر تۇتتى. لېكىن جالالىددىن رۇمى شەمسىددىن تەبرىزىنى ئىزدەپ جاھان كەزدى، تاش يۈرەكلەرنىمۇ ئېرىتىدىغان نەزمىلەر ئوقۇپ دۇنيانى ھەقىقەتكە ئويغاتتى. ئاخىرى بۇنى بۇ سەگەك ئاتا بىلىپ ئالدى - دە، شۇ ھامان ئوغلىدىن يۈز ئۆرىدى، ھەمدە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ بارمىدى. ھەقىقەت يولىدا مەشۇقنى ئىزدەپ ئاشىق بولغان شەمسىددىن تەبرىزىنى بولسا «ئالەمنىڭ خۇرشىدى، ھەقىقەت مەشئىلى، جاھاننىڭ جېنى» دېدى. ماددىي ئالەمدە ئۇنى يوقاتقان بولسىمۇ، مەنىۋى ئالەمدە ئۇنى كەشپ قىلىپ: «بىز جىسمانىي جەھەتتىن بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، لېكىن ئىككىمىز بىر نۇر، ئىككىمىزنىڭ چىرايىمۇ بىر، خالىساڭ ئۇنىڭغا، خالىساڭ ماڭا قارا، كەمىنە — ئۇ دېمەكتۇر، ئۇ بولسا — مەن ...» دېدى. ئاخىرى بېرىپ شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ روھىنى ئۆزىدە ياندۇرغۇچى بولدىكى: «ئەگەر ئۇ مەن بولسام، مەن كىمنى ئىزدەيمەن؟ ئۇنىڭ جامالى، ئۇنىڭ كامالىتى مەندە، بىر پىيالە مەيگە ئوخشاش قايناپ جۇشقۇنلىنىمەن، شۇنداق، مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئىزدەيمەن!» دېدى - دە، ئۆزىدىكى ئاشۇ «فانا» بولۇپ ياراتقۇچى زاتقا قوشۇلۇپ كېتىدىغان روھ بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بىلدىكى، بۇ بىلىشتىكى قەلب نۇرلىرىنى «دىۋانى شەمسىددىن تەبرىزى» قىلىپ دۇنياغا تارقاتتى. قىسقىسى، جالالىددىن رۇمى ئۆزلۈك ئىچىدىن چىقىۋىدى، ئەسلى ئۆزلۈكىدىكى ئوغۇل غاپىللىق، كىبىر، ھەسەت، ئۆچمەنلىك بىلەن تولۇپ چىرىگەندە، ئۇنى «ئۆزلۈكۈم» دېمەي، چىرىگەن روھلار قاتارىدا ئىرغىتىپ تاشلاپ روھىنى تازىلىدىكى، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىن زادىلا ئورۇن بەرمىدى. شەمسىددىن تەبرىزىدىكى «فانا» بولۇپ ھەققە قوشۇلۇپ كېتىش روھىنى بولسا، ئالەمشۇمۇل بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ:

«ئىنسانلارنى سۆي ... سۆي ...»

پۈتۈن كائىنات بىر-بىرىگە سۆيگۈ بىلەن باغلانغان،

سۆيۈشنى ئۆگەنكى ...

شۇ زامان دەرسەن: ئۆلۈمسىز ئالەممۇ بار ئىكەن.

دېدى ۋە ئاخىرى بېرىپ: «ئىنساننى سۆيمەك، ئاللانى سۆيمەكتۇر» دەپ، بارلىق روھانى بۆلگۈنچىلەر، مىللەتچى زالىملار، جاھانگىر بالاخورلارنىڭ تۈرلۈك سەپسەتىلىرىدىن دۇنياۋى ئىناقلىققا قايتىپ كەلدى: دۇنيانى ئىنسانى مېھرىداشلىق بىلەن قۇرۇپ چىقىشقا يېڭى بىر يول ئاچتى. ئۇنىڭدىن بۇنداق ئۆگلۈك روھىنى بىر ئادەمدىن بىر مىللەتكە، بىر مىللەتتىن دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە، ھەتتا بىر ئادەم ئەگەر «ئۆزلۈك» بىلەن جاھىللاشقان بىر مىللەت ئىچىدە يالغۇز قالسا، ئۇنى بىلىپ يەتكەن سىزگۈر ئادەملەر ئارقىلىقمۇ دۇنيانى ھەقىقىي ئىنسانىي بىرلىككە باشلاش مۇمكىن.

بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزدىكى مەسىلە دەلمۇدەل ئەشۇ ئەركىن قەلب ئىگىلىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئاشۇنداق ئىلمىي بىلىش دەرىجىسىنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ يۈكسىلىشلەرگە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، ئۇلارنى تەدبىقلاشقا كەلگەندە، بېكىتىلگەن «ئۆزلۈك» چەمبەرلىرىمىز بويىچە ئىچىمىز تارلىق قىلىش، ھەربىر گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتىمىزدە خۇددى بىر قوزۇققا باغلاپ قويۇلغان ھايۋاندەك بىر ئىزىمىزدا تۇرۇۋېلىپ «سەن ئۇ»، «مەن بۇ» دېگەن چەكتىن ھالقىيالماي، چىرىگەن بىلىم، ۋاقتى ئۆتكەن تەجرىبىلەر ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرۈش ئىكەن. شۇنداق بولغانلىقتىن بىزنىڭ كۆڭلىمىز گەرچە ئالەملىك سوپىتى بىلەن ماكرو ئالەمنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرىدىغان زىيادە بىر بوشلۇق بولسىمۇ، «ئۆزلۈك» قوزۇقىغا باغلانغانلىقى بىلەن زىغىردەك بىر يېڭى پىكىرنى توغرا قوبۇل قىلالمايدىغان، تەدبىقلىيالمايدىغان پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىكەن. بۇنداق پالەچلىكنى پەقەت ۋە پەقەت ئۆزلۈكنىڭ ھولى بولۇپ تۇرغان ئاشۇ چىرىگەن بىلىم زىندانلىرىدىن چىقىپ «فانا» بولغان ھالدا بىرلىكنى ئىزدەپ قەلبنى جۇشقۇنلاتقان چاغدىلا داۋالاش ئىمكانى بار ئىكەن. بىزنىڭ ھازىرقى ئۆزلۈكىمىزدە ئۆتىلىۋاتقان خاتالىقلار مانا مۇشۇ ھەقىقەتنى بىلمەسلىكتىن يۈز بېرىۋېتىپتۇ. بىز ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىشنىڭ مەلۇم چېكىگە بارغاندا ياكى ئەقلىنىڭ كۈچى يەتمىگەندە ھاسىل قىلىنىدىغان بۇنداق ئەقىل ھۆرلىكىنى دەۋر روھىدا ئويلىنىپ كۆرۈش ئۈچۈن، يۇرتىمىز ماھايانادىن ئىسلامىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇددىزمدىكى زاھىدلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان زېھن مەشقىدىن «فانا» غا قانداق بۇرالغانلىقى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا جالالىددىن رۇمى دەۋاتقان بىر تەرىزدە ئىلمىي بىلىشكە بۇرالغانلىقىغا غىل - پال قاراپ ئۆتەيلى.

## 5. ئەقلىي (ئىلمىي) بىلىش ۋە ئالاھىدە ئۇسۇللار

ئېنىقكى، يۇقىرىدىكى ئىلمىي بىلىش مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىز سۇبيېكتىۋىمىزدا ئويلىغان خىياللار ياكى يازغۇچىلىقىمىزدا دەپ كېلىۋاتقان ئىلھاملارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ناھايىتى كەڭ ئۇسۇل - چارىلارنىڭ نەتىجىسى. لېكىن، بىز بۇ يەردە ئۆگلۈكنىڭ ھالقىشىدىكى ئالاھىدە ئۇسۇل دەپ خاسلىقىمىزدىكى «فانا» ياكى سۇكۇنات ئۇسۇلىنىڭ ھۆر ئەقىللىقىقا يېتىپ بېرىشتىكى ئۆتمۈشىگە قاراپ ئۆتىمىز.

بىز ئىسلامىيەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، بىزدىكى ئەقلىي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

(ئىلمىي) بىلىشتە چوڭقۇرلاش ياكى ھالقىش ئالەمگە قوشۇلۇپ ئەبەدىيلىككە ئايلىنىش مەقسىتىدە «فانا» ئارقىلىق ئورۇنلاندى. ھالبۇكى، «قۇرئان» بىلەن ھەدىس ئاللا بىلەن ئىنسان مۇناسىۋىتى ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا دائىرە مەسىلىلەرنى باشقا بىر يول بىلەن بايان قىلغانلىقتىن، بۇ تەلىماتنىڭ مەزمۇنى تەسەۋۋۇپنىڭ چىقىشتۇرما تەپەككۇر يولى بىلەن تېخىمۇ كەڭرىيىپ خىرىستىيان دىنىدىكى ئەۋلىيالىققا تۇرداش ياكى ھىندى بىراخمان دىنى ۋە بۇددا دىنىدىكىگە ئوخشاش ئىنسانلىقتا ئائىت بولغان سۈپەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشى ۋە پەرقسىز بىرلىك ھالىتىدىكى ئەمەلىيەتكە قايتىپ، ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشمەكنى مەقسەت قىلدى. «فانا» تەلىماتى ئىجراسىدا بۇددىزمدىكى زاھىدلىق ۋە ياكى دەرۋىشلىك چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دىندىكى دەسلەپكى تەبلىغات بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق مەسىلىلەرنى تەمسىللەپ چۈشەندۈرىدىغان بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن كىنوسىمان تەسۋىرلىندى. بولۇپمۇ قىيامەت كۈنىنى تولىمۇ دەھشەتلىك تەسۋىرلىدىكى، تەسۋىرلەر ھىندىستان ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەركىزىي ئاسىيانىڭ مەجۇسى دىنلىرىنىڭ، مەجۇسىلىقنىڭ ئىرانى كېڭەيمىسى زەردۇشلۇقنىڭ دوۋزاخ ۋە ئۇنىڭ لەيلۇن قەۋەتلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىدىن ئەتراپلىق بولدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر نەزىرىدە بۇ دۇنيا گويا بىر قونۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان «قوناق» ياكى يول ئۈستىدە توختاپ بىر تاۋاق سۇ ئىچىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتەڭ بولۇپ كۆرۈندى. بەزىلەردە ھەتتا بۇ دۇنيا ھاياتى ئۇ دۇنيالىق ھايات ئۈچۈن بەختسىزلىك ئۇرۇقى چاچىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى-دە، بۇنىڭ بىلەن جامائەت ئىسلامنى «ئىككىلا دۇنيالىق دىن» دەپ ئىبادەت بىلەن راھەتلىك تۇرمۇشنى بىللە تاللىغاندا، بەزىلەر جاپالىق تۇرمۇش بىلەن زاھىدلىقنى تاللىدى. بىزنىڭ كىلاسسىك مەنبەلىرىمىز بويىچە ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قانائەت سىمۋولى ئۇدغۇرمىشنىڭ شۇنچە كاتتا دانىشمەن تۇرۇپ:

3340 بۇ دۇنيا ئىشىگە چېتىلغان كىشى،
قىلالماس تائاتلەر ئۇ دۇنيا ئىشى.
3747 خۇدا ئىشىگى تۇتتۇم، قىلۇرمەن تائەت،
پۈتۈن خەلق يىغىلۇر ئىشىڭ شۇ پەقەت.
3782 ئەي ئىلىك بۇ دۇنيا بىر ئۆتكۈنچىدۇر،
ھايات كۈنسايىن ئۇ كېمىيىپ تۈگىشۇر.
3783 نىمەگە ئىشەنىپ، ئۇ مۇنماق ئۇزۇن،
نىمەگە سۆيۈنۈپ گۈللىماق ئۆزۈڭ.
غاپىل قالما ئۇخلاپ، ئويغان سەن ئەي خان،
ئۆزۈڭدىن كېيىن قوي ياخشى ئات ھامان.

دېگەن مەۋقەگە كېلىپ قېلىشى ئەنە شۇنداق تاللاشتىكى كىشىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان مۇنۇ مەسلىھەت-نەسىھەتلىرى بولسا، جامائەتنىڭ تاللىشى ئىدى:

3368 سەن ئېيتقان بۇ سۆزلەر ھەقىقەت ئېرۇر،
قاراپ كۆرسە بىراق، بىر باھانەدۇر.
3369 ئېتىم مەڭگۈ تىرىك بولسۇن دېسە ئەر،
تىرىك چاغدا كىشىگە نەپ يەتكۈزەر.
3370 يوق ئەرسە تىرىكلىك نىشان بەلگىسى،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى نەدىن بىلگۈسى؟
3915 زاھىدلىق ئېتىنى ئۆزۈڭ خالىدىڭ،
يۇرۇپ تاغ قېتىدا، شۇ بولدى ئېتىڭ.
3917 شۇ ئاتچون ئىبادەت قىلۇرسەن ھەدەپ،
نەسىۋەڭنى زايە قىلما سەن كۈچەپ.
3923 ئۆزۈڭنى تويۇندۇر ھالال مال تېپىپ،
يېلىڭ ئاچنى تويدۇر كىيىملەر بېرىپ.
3371 خوتۇن ئال، ئۇ تۇغسۇن ئوغۇل ـ قىز قەۋەت،
دېسە ئەۋلادى يوق، ئەرەن ئۆچۈن سەت.
...

«فانا» تەلىماتى بويىچە مۇنداق ئىككى خىل قاراش ۋە تاللاش ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تەرەققىي قىلىپ ماڭغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا تەڭرىگە ئۇلۇشۇش ئىشىقىدا ھەركىم ئۆز سۆكۈناتىدا خوشنۇتلۇق (رازىمەنلىك) قا كېلىشتىن ئىبارەت بىر ئەمەلىيەت، تەڭرىلىك ئىرادە بىلەن ئۆز ئىرادىسىنى تامامەن ئۇيغۇن بىر ھالەتكە كەلتۈرۈش ئورتاق داۋام قىلدى. «فانا» نىڭ بارلىق ئىبادەت شەكىللىرىدە «دوستى خۇدا» ۋە ياكى «ھۆسنى مۇتلەق» نى قوغلىشىش كۆرۈندى. ئەمما، ھەر كىمنىڭ بۇنداق ئورتاقلىقنى چۈشىنىش ۋە ھەرىكىتىدە ئىپادىلەشتە پەرق بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ سۈپەلىقنىڭ دەسلەپكى ئەسىرلىرىدە رەسۇلىمىزگىمۇ موھتاج بولماستىن، مۆمىنلەرنىڭ بىۋاسىتە ئاللا بىلەن دوست بولۇش ۋە ئالاقىلىشىش ئارزۇسىمۇ بولغانلىقتىن، ئايرىم شەيخلەردە ئىسلامنىڭ «ئىنساننىڭ ئاللاغا يېقىنلىشىشى پەقەت قۇللۇق، تەقۋا ۋە قورقۇش بىلەن بولىدۇ» دەيدىغان ئەنئەنە بىلەن مەلۇم دەرىجىدە بىرلەشكەن موتىدىللىرىمۇ، قارشىلىشىپ قالغانلىرىمۇ، بۇ ئارقىلىق ھەقىقەت يولىنى ئاچقانلارمۇ چىقتى.

مەسىلەن، «فانا» تەلىماتىدا مۆتىدىل يول تۇتقان زۇنۇن مىسرىنى (ۋاپاتى 859 ـ يىل) نەزەرگە ئالساق، ئۇ مۇنداق دېگەن: ««فانا، يولىنى تۇتقان سۈپىلىقنىڭ مەقسىتى ئاللا بىلەن دوست بولۇش، پەرىشتىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش،،ھۆسنى مۇتلەققە يېتىش،، بەختلىك كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن ئارتۇق رەھمەت يوقتۇر».

«فانا» تەلىماتىغا كۈچ قوشىدىغان ئالىم ـ ئۆلىمالار «سوپى» دەپ ئاتىلاتتى. ئەينى چاغدىكى سوپىلىق كۈنىمىزدىكى ئايىنىغان «سوپىلار» دەك ئەمەس، بەلكى ئەخلاق ۋە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئۆلىمالارنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نام خۇددى كۈنىمىزدىكى ئىلمىي ئۇنۋانلار ئالىي بىلىم

يۇرتلىرىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن سەرخىل شاگىرتلارغا بېرىلگەندەك، زۇنۇن مىسرى دەۋاتقان سوپى مانا مۇشۇنداق سوپىدۇر (ئىنسانى كامىلدۇر). ئۇنىڭچە، سوپى جەزمەن بېسىپ ئۆتىدىغان بىر قاتار باسقۇچ ۋە ئاللا ئېھتىمال ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان بىر قاتار ماس ئەھۋاللار ئىدى. باسقۇچ (مەقامەت) ۋە ئەھۋال (ھال) دا، بىرىنگە تىرىشچانلىق بىلەن ئېرىشكىلى بولاتتى. يەنە بىرىنى بولسا كېيىن ئاللا ئېھسان قىلاتتى. «ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق سوپى ئەنئەنىسىدىكى ئاچقۇچلۇق پەرققە ئايلانغان ئىدى. مىسرى تەسەۋۋۇپچىلىق ھاياتىنىڭ ئادەتتىكى شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنى قىلچە ئاشۇرۇۋەتمىگەن ھالدا بايان قىلىش جەھەتتە، ئىبادەت ۋە دۇئانىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەم رىيازەت ئەمەلىيىتىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەكىتلىدى. قاچانكى روھ گۇناھلاردىن پاكلانغان ھامان رەببىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە سەممىي يېقىن دوستلۇق ئىچرە ئاللا بىلەن سۆھبەتلىشىشكە مۇناسىپ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن روھ ئاللا يېنىدىكى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ. بۇ خىل دوستلۇقنىڭ بىر ئاساسىي شەرتى «ئىشق». ئاللاغا بولغان ھەقىقىي ئىشق باشقا ھەرقانداق مۇھەببەتنى چەتكە قاقىدۇكى، ئاللادىن باشقا كۆڭۈلدە ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا؛ مىسرىنىڭ كۆرۈشكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان رەبىئە تۇل ئاداۋىيە ئېيتقان بىرقەدەر يۇكسەك سۆيگۈگە ئوخشاش، بۇ خىل سۆيگۇ جەزمەن مۇتلەق ھالدا ئاللاغا بېغىشلىنىشى، ئاللادىن ئۆزگە ھېچقانداق ئوبيېكتى بولماسلىقى كېرەك»⑨.

مەسىلەن، بىر قېتىم كىشىلەر رەبىئەتۇل ئاداۋىيەدىن:

ــ ھەقنى سۆيەمسەن؟ شەيتاننى ئۆز كۆرەمسەن؟ ــ دەپ سورىغان.

ــ رەھمان (ئاللا) سۆيگۈسى ئىچىمگە شۇنچىلىك توشۇپ كەتتىكى، شەيتانغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇنىڭغا سىغمايدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەرگەن. باشقا بىر رىۋايەتتە دېيىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇپ سوراپتۇ:

ــ ئەي رەبىئە! مېنى سۆيەمسەن؟

رەبىئە دەپتۇكى:

ــ يا رەسۇلىللا! سېنى كىممۇ سۆيمىسۇن، لېكىن ھەق سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمنى شۇنچىلىك قاپلاپ كەتكەنكى، باشقا دوستلۇق ياكى ئۆچمەنلىككە ھېچ ئورۇن قالمىدى ⑩. ئۇنىڭ شۇ دەرىجىدىكى جانلىق ئاشىق تەسۋىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە قۇر مەشھۇر سۆزىدىن كۆرۈش مۇمكىن:

«مەن سېنى ئىككى سۆيگۈ بىلەن سۆيىمەن. ئۇ بولسىمۇ ھېسسىياتتىكى سۆيگۈ ۋە سېنىڭ مۇھەببەت ئوبيېكتى بولۇشقا لايىقلىقىڭ تۈپەيلى قوزغالغان سۆيگۈ. ھېسسىياتتىكى سۆيگۈگە كەلسەك، ئۇ باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قىلچە پەرۋا قىلماستىن، سېنىڭ ئىسمىڭنىڭ تەكرار زىكرى قىلىنىشىدۇر. سېنىڭ ئاڭا لايىقلىقىڭ تۈپەيلىدىكى سۆيگۈگە كەلسەك، ئۇ، سەن ئىچىدە بولغان چۈمبەلنىڭ ئېچىلىشى بىلەن مېنىڭ سېنى كۆرەلىشىم (يەنى ھۆسنى مۇتلەققە يېتىش) دىكى سۆيگۈدۇر. بىراق، مەندىكىسى بۇنىڭغا ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئەمەس، ئەمما بۇنىڭدىكى ۋە ئۇنىڭدىكى ھەمدۇسانا ساڭىلا خاستۇر.»⑪

ئېيتىلىشىچە، رەبىئەتۇل ئاداۋىيە ئىسلام تارىخىدا «ئىلاھى ئىشق» چۈشەنچىسىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بىردىنبىر ئايال ماشايىخ بولۇپ، 801 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئىكەن. ئۇ مانا مۇشۇ «فانا» يولىدا مەشۇقىغا مەستە مۇستەغرە بولۇپ، روھىنى پاكلىغان ۋە ساماۋى بىرلىكتىن ئۆزىنى ئايرىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن. مەلۇم دەرىجىدە قارشىلىشىپ قالسىمۇ ھەق، ئادالەت يولىنى ئاچقۇچىلارنى ئالساق، بۇنىڭغا تىپىك ۋەكىل بولغۇچى مەنسۇر ھەللاجدۇر. بۇ كىشى ھەق بىلەن بىرلىشىپ ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش جەھەتتە قايناق ھېسسىيات بىلەن ئاشىقۇنلۇققا يەتكەن ۋە بۇ تۈپەيلى مەشھۇر ئۇستازىدىن ئايرىلىپ قالسىمۇ، ئەمما يەنە ئاجايىپ زور ئالىملارنى قايىل قىلىپ ئېقىم شەكىللەندۈرگەن. مەشھۇر پەيلاسوپ غەززالى ھەم ئۇنى ئۇستاز دەپ تونۇغان. مەسىلەن، ئۇ 858 ـ يىلى ئەتراپىدا، پارس قولتۇقىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېقىن بەيدا دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن. پۈتكۈل تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى ئەڭ بۈيۈك تۆت شەخس ــ مەككى (ئۆلۈمى: 909)، تۇستارى (ئۆلۈمى: 986)، شىبلى (ئۆلۈمى: 945) ۋە جۇنەيد ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئۇستازلىرى ئىدى. ئېنىقكى، ھەللاجىغا يۇڭ (suf) تون كىيىشنى ئۆگەتكەن كىشى جۇنەيد ئىدى. ئۇ 20 يىلدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۇنىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى بولغان. بىراق، ئۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى كەسكىن ئاشقۇنلۇقنى ھېس قىلغان. ئەڭ ئاخىرىدا بىز بىلگەن ئۇنىڭ كىبرى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن. جۇنەيد بۇنداق ئايرىلىشتا ئۇنى «تەسەۋۋۇپتىكى شۈكرى (sukr) نىڭ خاراكتېرىنى بۆرمىلىدىڭ ھەم ‹قۇرئان›، ۋە دىنىي ۋاجىپ ئىشلارنى تەرك ئەتتىڭ، بولۇپمۇ ‹ئەنەل ھەق، دېدىڭ» دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. لېكىن، ھەللاج كۈرمىڭ لەنەت ۋە جاپالارغا قالسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇنداق «فانا» (يوق بولۇش) نىڭ ھەق بىلەن بىرلىشىپ كېتىشكە توسقۇن بولمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرغان، ئۇنىڭچە، بۇ ئۆزگىرىش قارىماققا ئۇنىڭ «ئەنەل ھەق» چۈشەنچىسىدىكى ئېنىق ھەم قەتئىي نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ ئاللا بىلەن يېقىن سۆھبەتتە بولالايتتى. بۇ خىل «ھەق بىلەن قوشۇلۇپ» كېتىش ھالىتىنى ئۇ ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوق قىلغان ھالەت «بەقا» دەپ ئاتىغان. بۇ ھالەتتە سوپىنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى، ئوي ـ پىكرى ۋە ئارزۇلىرى پۈتۈنلەي ھەققە قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىراق بۇ يەردە ئەڭ نازۇك بىر مەسىلە شۇكى، ئۇ دەۋاتقان بۇ قوشۇلۇش ۋە ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش، ھەددىدىن ئاشقان سوپىلارنىڭ كىبىر ــ كۆپۈرىدىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، ئۇ باشتىن ــ ئاخىر ھەددىدىن ئاشقان كۆپۈرلۈق سۆزلەرنى قىلمىغان. مەسىلەن، مۇتەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى مەشھۇر زاتلاردىن بەستامى ئۆزىنىڭ «فانا» بولۇپ ئاللانى ئىزدەش ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، ھەددىدىن ئېشىپ مۇنداق دېگەن:

«مەن ئالەمىي مۇسۇل ۋە ئىلاھىي چۈمپەردىنى مالاكۇت ئوكيانىغا تاشلىدىم، تاكى ئەرشكە ئۇلاشتىم. ئاھ، ئۇ بوش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ئولتۇردۇم ۋە ئېيتتىمكى، «ئىھ رەببىم، سېنى نەدىن ئىزلەيمەن؟ بۇ چۈمپەردە ئېچىلدى. مەن ئۆزۈمنى كۆردۈم. مەن شۇ مەن. مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىۋېتىپتىمەن. ئۇ باشقىسى ئەمەس، مەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆزگىرىۋاتىمەن.»[12] ھەللاج بۇنداق تەكەببۇر سۆزلەرنى قىلمىغان ۋە بىر ھەقىقەت ئىزدىگۈچى ئاشىق سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ «فانا» بولۇشىدا سەزگەن ھەق بىلەن قوشۇلۇپ ئەبەدىلىككە ئېرىشىش پاكىتلىرىنى تارتىنماي جاكارلاپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللا چاغلايدىغان ھەرقانداق مۇتەكەببۇر بىلەن ئېلىشقان ۋە ئۆزىنىڭ توغرا تەلىماتى ئۈچۈن قۇربان بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن. لېكىن، ئۇ يولدا قۇربان بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ شېھىت بولۇشى ئۇنىڭ «ھەق بىلەن قوشۇلۇش» تەلىماتىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە مەڭگۈلۈك بىر ئىزاھات بولغانكى، ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرى باشقىلار تەرىپىدىن بۇرمىلىنىپ، خاتا چۈشەندۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى زور بۇرۇلۇش بولۇپ قىلىنىۋەرگەن. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئۇلۇشۇپ كەتكەن تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى غەززالى ۋە ئىبنى ئەرەبى قاتارلىق ئۇلۇغ پەيلاسوپلار بىلەن پەرىدۇددىن ئەتتار، مەۋلانا جالالىددىن، ئەلىشىر نەۋايىدەك ئۇلۇغ شەخسلەر ئۇنىڭ كۆزقاراشلىرىنى تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ھەللاجنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئىجادىي داۋام قىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ۋە مەنىۋى ئىزدىنىشلىرىگە تېخىمۇ كەڭ جاۋاب تاپقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. توغرا، بۇ ئۇلۇغ ئالىملار يالغۇز ھەللاجنىڭ شاگىرتى ئەمەس، ياكى ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلايدىغان تەقلىدچىلەر ئەمەس، بەلكى تولۇق ئىسلامى پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر باتۇرلىقىدا ئۇنىڭ قاراشلىرىنىمۇ ئېلىپ يۈرگەنلەردۇر. بۇلار ئاخىرقى ھېسابتا تەڭرى، ئەقىل، ئىنسان ۋە ئۇلارنى تونۇشىمىزنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

مەسىلەن، غەززالىنىڭ مۇتەسەۋۋۇپلار ياكى ئەۋلىيالارنىڭ ھەقىقەت چوققىسىغا چىقالايدىغانلىقى، ئىنساننىڭ پۈتكۈل ئالەمنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى قىلىنغانلىقى، ئۇزىنى (روھىنى) بىلگەنلەر رەببىنى بىلىش ئىلمىگە ئېرىشمىغانلىقى، ئاللانىڭ زاتىدىن باشقا ھەممە شەيئى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا نوقۇل يوقلۇق ۋە ئۇلارنىڭ فانىي ئىكەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇنىڭ «ئەنەلھەق» ئىدىيەسىگە يېقىن بولۇپ، كۈنىمىزدىمۇ دۇنياۋى ھۆرمەتكە ئىگىدۇر. بىزنىڭ بۇ يەردىكى سۆكۈنات ياكى فانا بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك سۆزىنى ئالساق، ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداقكى، ئۇنىڭ سۆزلىرىدە سۈكۈناتتا (ۋەھدەتتە) تىۋىنىپ تۇرۇپ ھەقىقەت ئىزدەش ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەسىلەن، غەززالىي دەلىللەپ ئېيتىدۇكى، «ئەڭ يۈكسەك تۈردىكى ئىلىم ئەقىل ياكى ئېتىقاد توغرىسىدىكى ئىلىم ئەمەس، بەلكى بىۋاسىتە ھېس قىلغان (ھەر كىم ئۆز جىسمىدا تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن) ئىلىمدۇر. بۇ سەۋەبتىن، ئاللا توغرىسىدىكى ھەقىقىي ئىلىم بۇ خىل «تەجرىبىۋى» (بىۋاسىتە ھېس قىلىنغان) تۈرگە كىرىدۇ. بەزى ئىنسانلار بۇ دۇنيانىڭ لەززەت ۋە مەشغۇلاتلىرىغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ نۇرىنى ئىدراك قىلىشلىرى ئىمكانسىزدۇر. يەنە بەزى كىشىلەر ئاللانى پەقەت ئالەملەرنى ياراتقۇچى دەپلا تونۇيدۇ. ئاللانىڭ ۋەھدانىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر پەقەت ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى ئاسمان (پەلەكى ئەقسا ــ ئەرشى ــ كۇرسى) دىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەمما باشقىلار بۇ ئىقتىدارنى پەقەت رەببىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بېقىندى ھەرىكەت كۈچى ياكى روھقا مەنسۇپ قىلىدۇ.

پۈتۈن ئىلاھىي بىلىمنىڭ بۇ ھاللىرىدا، ئاللا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يوشۇرىدىغان «نۇر چۈمپەردىسى» بىلەن ئىدراك قىلىنىدۇ. بىراق، تۆتىنچى كاتېگورىيەدىكى بىلگۈچىلەر يەنى يەتكۈچىلەر ئاسمان ــ زېمىننىڭ تەسۋىرلىگۈسىز ياراتقۇچىسىغا موھتاجلىقى، بويسۇندۇرۇلغۇچى، ئەڭ يىراق سەييارىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، باشقا سەييارىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قاتارلىق ھەممىسىنىڭ ئۇنىڭغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەڭ مەرتىۋىلىك بولغانلار مۇشۇ باسقۇچقا يەتكەنلەركى، ئۇلار پۈتۈنلەي فانا بولغان ياكى ئەڭ يۈكسەك ۋەھدەت ئىچىگە سۈمۈرۈلگەن. شۇڭا ئۇلار پەقەت ئاللانىڭ زاتىدىن باشقا، ئۆزىنىمۇ ھەم باشقا ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتنىمۇ كۆرەلمەيدۇ. تەسەۋۋۇپتىكى بۇ ھالەتنى فانا ياكى فانىيلىقنىڭ فاناسى (ئىچىنىڭ ئىچىدىكى كۆرىدىغان ھور ئەقىل ھالەت) دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالەتتە سوپى ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە نىسبەتەن شەخسىيەت تۇيغۇسىنى يوقاتقان. ئۇلار ئەسەبىي قىزغىنلىقلىرىدا بەزىلەر ھەتتا شۇ قەدەر مەستخۇش بولىدىكى، ئۆزىنىڭ ھەققە ئۇلاشقانلىقلىرىغا ئىشەنىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار يەتكەن بۇ ھالەت پەقەت ئاللانىڭ بىرلىكى، (تەۋھىد) نى تونۇش، يەنى ئالەمدە ئاللادىن باشقا بىرەر ھەقىقىي مەۋجۇداتنىڭ يوقلۇقىدەك پاكىتنى

بىلىش، خالاس. بىراق، بۇ هال ئۇنىڭغا باراۋەر بولۇش بىـ-
لەن تامامەن ئوخشىمايدۇ» [13]. ئىبىن ئەرەبى بۇ «فانا» تە-
لىماتى مەشغۇلاتىدا شۇنداق چوڭقۇرلىغانكى، غەززالى
ئىپتقان يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇنداق قاراشقا
كەلگەن: ھەربىر پەيغەمبەرگە (كەلىمە) دەپ ئاتالغان ۋە
يەككە ـ يىگانە ئىلاھىي ۋۇجۇدنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولغان
بىر ھەقىقەت ماس كېلىدۇ. بىراق، ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن
باشلىنىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدا توختىغان بۇ كەلى-
مىلەردە ئىلاھىي تەجەللى ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ تەجەللى-
لىرىدە، ۋۇجۇدى ھەقنىڭ ماھىيىتى ئەبەدىي سىرلىق ھا-
لەتتە تۇرىدۇ. بارلىق مەۋجۇداتنىڭ مەنبەسى بولمىش بۇ
ۋۇجۇد ماھىيەتتە بۆلۈنمەس، ئەزەلىي ۋە ئۆزگەرمەستۇر.

ئۇ مۇشۇ قارىشىنى ھەققە قوشۇلۇپ كېتىش بويىچە
«فانا» بولۇپ شۇنداق ئىنچىكە ئىسپاتلاپ چىققانكى، بۇ
ۋۇجۇدتىكى تونۇغىلى ۋە تەسۋىرلىگىلى بولمايدىغان بىر-
لىك جەھەتتىكى يوشۇرۇن قىياپەت بىلەن ئاللانىڭ يارات-
قۇچى سۈپىتىدە ئالەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە مەبۇد
سالاھىيىتىدىكى سۈرەت ـ شەكىل قىياپىتىنى پەرقلەن-
دۈرگەن. بىرىنچى جەھەتتە، يېگانە، زىتى يوق شۇنداقلا
نۇر چەكلىمىسى يوق دېگەن يەرگە كەلگەن. شۇڭا، بۇ جە-
ھەتتە، «ئاللا ساپ نۇر، ساپ ھەق» دەپ قارىغان. ئىككىنچى
جەھەتتە، «ئاللا ياراتقۇچى تەجەللىسىدە ھەم يارالمىش بو-
لىشىغا ئاساسەن كۆپ قاتلاملىق ھەم ئۆزگىرىشچانلىقى
بار» دەپ قارىغان.

بۇ ھەقتە مەجىد پەخرۇ مەشھۇر ئەسىرى «ئىسلام پەلسە-
پە تارىخى» دا تونۇشتۇرۇپ دەيدىكى: «ئاللا پەقەت ئۆز سۈ-
پەتلىرى ۋاسىتىسىدىلا كۆپ قاتلاملىقلىقىدا ئىسپاتلانغان
خىلمۇخىل سۈپەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكى تەرەپتىن پە-
كىر يۈرگۈزگەندە، ئۇ خالىقتۇر. بىراق، بۇ ئىككىسى يەنى
ۋەھدەت بىلەن كەسرەت، تۇنجى بىلەن ئاخىرى، ئەبەدىيلىك
بىلەن ۋاقىتلىق، مۇقەررەرلىك بىلەن تاسادىپىيلىق ماھى-
يەتتە تامامەن ئوخشاش ھەقىقەتتۇر.

يارالمىشلار (خالىق) ئىبىن ئەرەبى تەرىپىدىن «تۇراقلىق
جەۋھەرلەر» دەپ ئاتالغان ئەڭ دەسلەپكى ئەزەلىيلىك ئۆر-
نەكلىرى زېھنىي ئىلاھىدە مەۋجۇتتۇر. بىراق، شۇنداق دې-
يىشكە بولىدۇكى، ئۇدا يوشۇرۇن ھالدا تۇرغان ئاللا ئۆز
زاتىنى ئىزھار قىلماق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ئەمرى
بىلەن پۈتكۈل كائىناتنى مەۋجۇت ھالەتكە كەلتۈردى.
ئىلاھىي ئەمر ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەينەكنىڭ ئەكسى بىلەن،
سايىنىڭ شەكلى بىلەن، سانىنىڭ بىرلىكى بىلەن بولغان
نىسبىتىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئالەمنى يوقتىن بارلىققا
كەلتۈرۈش ھەرىكىتىدىكى نىيىتى: «غايىب مېنىڭ ئىل-
كىمدىدۇر. مەن خالىسام ئۇنى ئاشكارا قىلىمەن» دېگەن
ھەدىستە ئىپادە قىلىنغاندەك سۆيگۈدۇر.

ئىلاھىي تەجەللىنىڭ ئەڭ يۇكسەك ئىبىن ئەرەبى تەرد-
ىدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامغا باراۋەر كۆرۈلگەن بولۇپ، ئا-
دەمنى كەلىمە ياكى كامىل ئىنسان دەپ ئاتالغان. ھەقىقەت-
تە، بۇ كامىلى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇ دۇنيانىڭ تەمە-
ناتى ۋە ئۇنىڭ بارلىقىنىڭ ھېكمەتى ۋۇجۇدىدۇر.

ئاللانىڭ سۈرەت مىسالىدا يارىتىلغان كامىل ئىنسان
چۈشەنچىسى ھەللاجنىڭ كۆزقارىشىغا قايتقانلىق بولۇپ،
بۇ تەسەۋۋۇپتىكى ئاللا ــ ئىنسان مۇناسىۋىتىنى ئەقلىي-
لەشتۈرۈش تەشەببۇسىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئىبىن ئە-
رەبىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئىلاھىيلىق بىلەن ئىنسا-
نىيلىق (ئۇلۇمىيەت ۋە بەشەررىيەت) بولسا تۈپتىن ئوخ-
شاشمايدىغان ئىككى خىل تەبىئەتتۇركى، كائىناتتىكى
شەيئىلەرنىڭ ھەر مەرتىۋىسىدە ئىپادىلىرىنى تاپقىلى بو-
لىدىغان ئىككى كۆرۈنۈش (تەجەللى) تۇر. ئىلاھىيلىقى
ھەرقانداق مەۋجۇدىيەتنىڭ يوشۇرۇن ياكى ئىچكى (باتىنى)
تەرىپى بىلەن، ئىنسانىيلىق بولسا ئوبيېكتىپ ياكى تاشقى
(زاھىرى) تەرىپى بىلەن ماس كېلىدۇ. پەلسەپىۋى تېر-
مىنلاردا بىرىنچىسىگە ماس كېلىدىغىنى ماددا، ئىككىن-
چىسىگە ماس كېلىدىغىنى تاسادىپىي سەۋەبتۇر.

گەرچە ئىبىن ئەرەبى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ياكى ئادەم
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنى شۇ قەدەر مەدھىيىلىگەن
بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەۋلىيالارنى شۈبهە-
سىز يۇكسەك ئورۇندا كۆرگەن ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىس-
سالامنى ھەقىقىي «كامىل ئىنسان» سۈپىتىدە ئاتىغان.
ئاللانىڭ ئەڭ مۇكەممەل تەجەللىسى سۈپىتىدىكى كامىل
ئىنسان پەيغەمبەرلىك كەلىمىسى ئۇنىڭ تىلىدىكى «لو-
گوس» بىلەن ماس بولۇپ، «مۇھەممەدنىڭ ھەقىقىتى» بول-
سا بۇ خىل كەلىمىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر. بۇنداق
دېگەنلىك چۈشىنىلگۈچى تارىخىي شەخس مۇھەممەد ئە-
مەس، بەلكى ئۇ ئاللانىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ئا-
خىرقى ۋەھيىسىنى يەتكۈزگۈچى ئەزەلىي روھ ياكى زات
دېگەنلىكتۇر. ئىبىن ئەرەبى بۇ ھەقىقەتنى بىرىنچى ئەقىل
ياكى يېڭى پىلاتونىزم كوسمولوگىيەسىدىكى كۆللىي ئەقىل
بىلەن بىر دەك دەپ قارىغان. بارلىق «كامىل ئىنسانلار» يا-
كى پەيغەمبەرلەر بولسا بۇ خىل ئەقىلنىڭ بىۋاسىتە تەجەل-
لىسىدۇركى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇنىڭ ئەڭ
يۇكسەك تەجەللىسىدۇر. باشقا پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭدىن تۆ-
ۋەنرەك تەجەللىدۇر. ھەقىقەتى مۇھەممەد ئاللانىڭ ئىرادى-
سىنىڭ ئۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە ئايان بولۇشىدىن ئىبا-
رەت ئاساسىي لوگوس (كەلىمە) بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
بۇ دۇنيا ئارقىلىق يارىتىلغان ئىجادىيلىقنىڭ پىرىنسىپى-
دۇر. بۇ جەھەتتە ئۇ خىرىستىيان لوگوسى بىلەن ئوخشى-
شىدۇ. خۇددى سانتاجون ئېيتقاندەك، بۇ ئارقىلىق «يارال-
مىشلار يارىتىلغان». ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ، ئاللانىڭ زېمى-
نىدىكى خەلىپىسى ۋە پۈتكۈل كائىنات شەيئىلىرىنىڭ تو-
گۈنى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق سەۋەبى سۈپىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر قىلىنغان شىئىلەرنىڭ ئىمام چۈشەنچىسى بىلەن مۇ ئوخشىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىبنى ئەرەبىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنسان كۆڭلى ئەقلىنىڭ تىمسالى ۋە ئۇنىڭدا ئاللانىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ياكى كاماللىرى ئەكس ئەتكەن مەۋجۇدىيەتتۇر. ئۇنىڭدىن سىرت، ئاللانى تامامەن بىر مەرىپەتتە بىلمەك پەقەت ئىنسانغىلا خاستۇر. مەلەكلەر پەقەت ئاللانىڭ ئالەمدىن تاشقىرلىقى ياكى روھىي ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلەر. ئەمما ئىنسان ئاللانىڭ ئىككى ئالاھىدىلىكى ــ بىر تەرەپتىن، زاتى مۇبارەك سۈپىتىدە ھەق ئىكەنلىكى، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ھەقىقەتنىڭ ھېسسىي دۇنيادىكى تەجەللى قىلىنىشى بىلەن بولغان خالىق ئىكەنلىكىنى بىلەر.

ئىبنى ئەرەبى يەنە ئىنسانىي ياكى ئەقلىي روھ بىلەن ھايۋانىي ياكى ئەقىلسىز روھنى پەرقلەندۈرگەن، ئارستوتېلغا ئوخشاش، ئۇ ھايۋانىي روھنى جانلىقلاردىكى ھايات پىرىنسىپى بىلەن باراۋەر كۆرگەن. ئەمما ئۇ يەنە پىلاتونغا ئوخشاش، ئۇنى ئالەمدىكى كۆللى روھنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان. بىراق، بۇ روھ ماددىي بولۇپ، ئۇ بەدەنگە سىڭىپ كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەركىزى يۈرەكتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەقلىي روھ غەيرىي ماددىدۇركى، ئۇ يوقالماستۇر. ئىبنى رۇشد ۋە ئادەتتىكى ئەرەب يېڭى پىلاتونىزمچىلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۇ روھنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كۆللى ئەقىل بىلەن يېڭىباشتىن بىرلىشىپ، كۆللى ئەقىلنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. ئەكسىچە، ئاللا روھنى بىر خىل ۋاستە قىلىپ ياراتقان بولۇپ، ئۇ بۇ ئالەم بىلەن ئوخشىشىدۇ. روھ بەدەندىن ئايرىلىپ، ئۇنىڭ تەردىپىگە ئۆرلەيدۇ.

بۇ ناتىق نەپس (ئەقلىي روھ) ياكى روھ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق تۇرالغۇسى بولمىش بەدەن بىلەن تامامەن قارىمۇقارشىدۇر. شۇڭا، ئۇ جىسمىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، بەدەنىنىڭ بىر خىل فۇنكسىيەسىمۇ ئەمەس، بەلكى ھايۋانىي روھنىڭ بارلىق قوشۇمچە فۇنكسىيەلىرىنى كونترول قىلىدىغان ئاددىي جەۋھەر، يەنى «ئەمىر ئالەمى» ياكى روھانىي ئالەمنىڭ بىر ئەزاسىدۇر.

ھەقىقەتتە، ئەڭ يۈكسەك تەسەۋۋۇپ تەجرىبىسىدە، بۇ ئەقلىي روھ بىلگەن نەرسە، نىھايەتتە پۈتۈن بىرلىك ۋە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىدۇر. روھ بۇ ھالغا ئۇلاشقاندا، ئۆزىنىڭ ئايرىم زات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ (ئۆزلۈكتىن كېچىدۇ). شۇڭا، ئۇنى جۇنەيدىن باشلاپ سوپىلار ئادەتلەنگەن تەسەۋۋۇپتىكى «فانا» مەرتىۋىسىگە ئۇلاشتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ روھ ئۆزگىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن فانا (يوقالغان) بولۇپ، ئۇ بۇ دۇنيادا ئاللادىن باشقا ھېچبىر مەۋجۇدىيەت، ئالاھىدىلىك ياكى پائالىيەتچانلىقنى كۆرمەيدۇ. بۇ مەرتىۋىگە ئۇلاشقاندا، بارلىق كىشىلەر تىرىشقان ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكەن بولۇپ، بىۋاسىتە سېزىمى (تۇيغۇسى) ۋە تەجرىبىسى بىلەن بارلىق شەيئىلەرنى، مۇتلەق بىرلىكنى تونۇيدۇ. تەسەۋۋۇپتا ھېس قىلىنغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى مەرتىۋە خۇددى غەززالىي ئېيتقاندەك، يوقلۇق مەرتىۋىسى ياكى بىرلىك ئىچىدە يوقىلىش (فانا بولۇش) دەپ ئاتىلىدۇ.

تەسەۋۋۇپنىڭ كېيىنكى جەريانلىرى ئىسلامىيەت ئىدىيولوگىيە تارىخچىلىرىغا نىسبەتەن ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئىبنى ئەرەبىگە كەلگەندە تەسەۋۋۇپ ئۆز تەرەققىياتىدىكى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىي كۈچى تۈگىدى. ئىبنى ئەرەبى بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىكى سوپىلارنىڭ دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشى ۋە يەنە بىر تەرەپتىن، بارلىقنىڭ بىرلىكىگە يېتىش ئارزۇسى نۇقتىئىنەزىرىنى سىستېمىلىق بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭدىن سىرت، رەبىئەگە ئوخشاش زاھىتلار كەبى، ئۇ ئىشق، بولۇپمۇ ئىلاھىي ئىشقنى دىنىي ئەقىدە مەرتىۋىسىگە كۆتۈردى.

ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئۈچ نەپەر زاماندىشى ياكى ئىز باسارى ئىبنۇل فەرىد (ئۆلۈمى: 1232)، فەرىدۇددىن ئەتتار (ئۆلۈمى: 1229)، جالالىددىن رۇمى (ئۆلۈمى: 1273) ۋە باشقا مۇتەسەۋۋۇپلار تېخىمۇ مۆتىدىل پەلسەپىۋى تېرمىنلار بىلەن ئىپادىلەشكە ئۇرۇنغان، تەسەۋۋۇپ تەجرىبىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ سىرلىق، چوڭقۇر ھەيرانلىق ھېسسىياتى، مۇھەببەت، خاتىرجەملىك ۋە خالىس ئىدراكسىزلىق تۇيغۇلىرىنىڭ ئەڭ جانلىق ئىپادىسىنى شېئىرلارغا بەردى ⑭.

## 6. سۈكۈنات ياكى قەلب ئەينىكى

**ياراتقۇچىغا تازىم ياكى تىۋىنىش.** «سۈكۈنات» دېگەننى مەن ئەقىل ھۆرلىكىگە يول ئاچار نۇرغۇن تارىخىي ئاتالغۇلاردىن كۈنىمىزدىكى زېھنى تەرەققىياتى ئۈچۈن تاللىدىم. يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن «فانا» ياكى «ئىستىغراغ» گەرچە بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەپ بەرسىمۇ، ھازىرقى مۇھىتىمىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «سۈكۈنات» نى مەزمۇن سىغىمچانلىقى بىرقەدەر كەڭ ۋە چۈشىنىشلىك ھېسابلىدىم. سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، سۈكۈنات كۆرۈنۈشتە جىملىقتا تۇرىدىغان بارلىق شەيئىلەرگە مۇۋاپىق بولۇپ، ئۇ يۇلتۇزلار، تاغلار، تەبىئەتتىكى چوڭ ۋادىلارنىڭ بىقىياس جىملىقىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرغۇچى ئادەم جىسمىغىچە توغرا كېلىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاشۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا تۇرسىمۇ، يەنە قانداقتۇر ئەيمەنىش بىلەن ئالەملىك بىرلىكنىڭ ئۇلۇغلىقىغا تەزىم قىلىش ئۈچۈن نىسپىي ھەرىكىتىدە جىمجىت ھالغا كەلگەندەك بىر ھالدۇر. بۇ ھال ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى جىمجىتلىقى بىلەن ئىچكى ھەرىكىتىدىكى جىددىيلىكىنىڭ ئالەملىك بىرلىك (ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد) نىڭ رىتىمىگە تائەت

بىلەن تەرتىپ ساقلاۋاتقان (تىۋىنىش) ھالىتىنى ئىپادىلەي-
دۇ. بۇ ھال بىزنىڭ بوۋىلاردا مۇقەددەم زامانلاردا دىققەتكە
سازاۋەر ئىش بولۇپ، ئىنساننىڭ تۆرەلگەندىن كېيىن قاي-
تىدىن ياراتقۇچى ئىچىگە شۇمۇرۇلۇش تەرىقىسىدە تەسەۋ-
ۋۇر قىلىنغان. بۇنى كۆنىمىزدىكى تىل بىلەن چۈشەنسەك،
توغرىدىن ـ توغرا «ئەۋلىيالىق ماھارىتى» دەپ ئاتاش مۇم-
كىن. بۇ قانداق شۇمۇرۇلۇش ياكى ئەۋلىيالىق ئىدى؟ يارات-
قۇچىنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەرسىز قالغان غاپىللار ئۇس-
تى-ئۇستىلەپ بوغۇلغان گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەش ۋە
بۇ ئارقىلىق كۆڭلىدىن بىر ياخشىلىققا يول ئىزدەش ئۇ-
چۈن ھەققە ئىستىغراق (غەرق بولۇش) ئىدى. بۇ ھالدا
ئۇلار ئالەملىك ئايلىنىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالى بويىچە
ئۆزىگە تەلەپ قوياتتى. مەسىلەن، ئۇلار كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى
مۇشۇنداق تەقدىرەن ھاياتلىق يولىدا شىجائەت كۆرسىتىپ
ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىشقا بېغىشلىدىممۇ ياكى بۇ رى-
تىمگە قارشى گۇناھقا سەپلىدىممۇ؟ دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن
ئۆتكۈزەتتى. بۇلارنى كۈنىمىزدىكى ھەر خىل دىنلاردا داۋام
قىلىنىۋاتقان زىكرى تەپەككۇرغا ئوخشاتساق، بۇ ئىستىغراق،
دىل ـ قەلب، ۋىجدان ھەم تەن بىرلىكىدە ياراتقۇچىغا ھەم-
دە ئېيتىدىغان بىر زىكرى سۆپىتىدە بولۇپ، ئەقلى يەتمە-
گەن ئىشلار ۋە ئۆزىدىكى ئازغۇنلۇقلارغا قارىتا ياراتقۇچى-
دىن ئەقىل سوراپ ئۇنىڭ يارىتىش قانۇنىيەتلىرىگە مۇتلەق
رىئايەت بىلدۈرۈش ئىدى. بۇ ئەنئەنىنى بۈگۈنكى كۈندە
شۇنداق سۈكۈناتقا چۈشكەن ئادەمگە ئوخشاتساق، بۇ ئادەم-
نىڭ سۈكۈناتتا ئىستىغراق بولۇش (غەرق بولۇش) ى
شۇنداق بىر ھالكى، سىز شۇ دەقىقىدە شۇ چاققىچە كىتابى
بىلگەنلىرىڭىزدىن كېچىسىز ـ دە، تاشقى دۇنيادىكى مەلۇم
جانلىق ياكى گىياھقا ئوخشاش تەبىئەتكە تىۋىنىشكە ئۆتى-
سىز، سىزنىڭ تۇرقىڭىز خۇددى ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيادىكى
ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ھالدا تەبىئەت باغرى بىلەن بى-
رىكىپ كەتكەن ھالىتىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بەزى-
دە ئۆزىنى شۇنداق قويىۋېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تۇرقى ئادەم-
لەردە كۆرۈلىدىغان جىددىيەت ياكى پەرىشانلىقلارغا زادىلا
ئوخشىمايدۇ. يايلاقلار ياكى قوتانلىرىدا قورسىقىنى تويغۇ-
زۇپ كۆيۈشۈپ ياتقان كالا، قوي، تۆگىلەرگە قاراڭ، ئۇلار
شۇنداق ياتقانلىرىدا تەبىئەت بەھرى بىلەن شۇنداق بىرى-
كىپ كەتكەنكى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قويىۋەتكەن شۇنداق
كۆشادىلىك ۋە خاتىرجەملىكىدىن ئۇلارنى ئانا تەبىئەتنىڭ
ئۆزىنى رىزىقلاندۇرغانلىقىغا ھەمدە ئېيىپ ياتقاندەك كۆرى-
سىز. شامال ياكى باشقا بىر خىل تەبىئىي چايقىلىش بول-
مىغان چاغدا بويىنىنى ھاۋاغا سوزغان دەل ـ دەرەخلەرچۇ؟
ئۇلارنىمۇ خۇددى ئىچكى ھەرىكىتىدە يىلتىزى ۋە ياپراق-
لىرى ئارقىلىق ئۆزىگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىنىۋاتقان تە-
بىئەت پەرمانىغا بوي ئېگىپ سۈكۈتتە تۇرغان جەڭچىلەر-
دەك كۆرىسىز. سىزدىكى ئىستىغراق ياكى سۈكۈتمۇ شۇ
ھالدا بولىدۇ. بۇنداق جىمجىتلىق سىزگە ھۇزۇر بېرىدۇ-
كى، شۇئاندا سىز ھەتتا ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرگەن،
ئەمما، كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلمەيدىغان ئۇششاق ھاشاراتلار-
نىڭ ئاجىز چىرىلداشلىرىنىمۇ ئاڭلىيالايسىز، دېمەك،
سۈكۈنات ۋاقتىدىكى سىز مانا مۇشۇ جانلىقلار ياكى دەل ـ
دەرەخلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا ئىتائەت بىلدۈرگەن ھالى-
تىدە ئالەملىك ياراتقۇچى كۈچنىڭ ئايلىنىش قانۇنى ئىچى-
گە كىرىپ كەتكەن ئادەمسىزكى، سىزدە جىمجىتلىق،
تىپ ـ تىنچلىق، تەبىئىيلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئەگەر بۇ
چاغدا ئالەم ئوكيان بولسا، سىز ئۇنىڭدىن تامچە، ئەگەر ئۇ
كۆل بولسا، سىز ئۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىقسىز. شۇ
ھالدىكى سىزنى ئەنە شۇ ھايۋانات ياكى دەرەخلەرنىڭ زې-
مىندىكى قادىرى كۈچنىڭ ئۆزىنى ياراتقان ۋە ئۈزۈۋقلاندۇ-
رۇۋاتقان سېھرىگە تەسلىم بولۇپ ھەمدە قىلغىنىدەك، شۇ
سېھرىي كۈچنى تونۇش ئۈچۈن يۈرىكىڭىزدە يېڭى بىر
سەزگۈرلىككە كۆچۈپ كېتىسىز.

نېمە ئۈچۈن؟ سىز ئۇچاق (ئايروپىلان) ياكى ماشى-
نىلاردا ئولتۇرۇپ ماڭغاندا، جىددىيەتتە بىر ئىشلار ئۈچۈن
پاي ـ پىتەك بولۇپ يۈرگەندە كۆپىنچە تەبىئەتتىن تەقلىد
قىلىنغان سۈنئىي كۈچلەر ياردىمىدە ماڭغاچقا، ئۇچاق ۋە
ماشىنىلارنى سۆرەپ ماڭغان كۈچنى موتور ياكى ئۆزىڭىز-
نىڭ قول، پۇتىدىن كۆرىسىزدە، بۇلارنىڭ قانداق بىر بىر-
لىكتىن تەبىئىي ئۇرۇقتەك ئۇنۇپ چىقىۋاتقان تەكتىنى
بىلىپ ئالالمايسىز. ھەتتا سىزدىن: «سېنى نېمە ئېلىپ
كېتىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىغۇچىغا: «ئوچاق، ماشىنا، ئىككى
پۇتۇم» دەيسىزكى، ھەرگىز: «ياراتقۇچى تامانىدىن ئۆزلەش-
تۈرۈلگەن تەبىئىي كۈچ» ياكى «جىسمىمغا تەڭرىلىك لايى-
ھەلەشتە كۆمۈلگەن، كۆزۈم بىلەن كۆرەلمەيدىغان تەبىئىي
كۈچ» دېيەلمەيسىز. تەبىئەتتىكى ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ تەس-
لىمىيەت ھالىتىدەك سۈكۈناتقا چۈشكەندىچۇ؟ بۇنداق سۈ
نئىيلىك ھالەتلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ ھەممىنى ھەرىكەتلەندۈ-
رۈۋاتقان ۋە ئۇلارغا ھاياتلىق بېغىشلاۋاتقان كۈچنىڭ تەك-
تىگە چۆكىسىز ـ دە، تەن تىۋىشلىرىڭىز تەبىئىي ھالدا
ئالەملىك ئايلىنىش بولىۋاتقان تەبىئىي كۈچ بىلەن بىرى-
كىپ كېتىدۇ. شۇئاندا سىز ئالەملىك تىنچلانغان كۆڭلى-
ڭىزدىكى پىكىر كەپتەرلىرىڭىزنى مەلۇم دائىرىدە چەكلى-
يەلمەيلا قالماستىن، جىسمىڭىزنىمۇ كىچىك بىر دائىرى-
دىكى چەكلىمە بىلەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز.

ئالايلۇق، سىز شۇ ھالدا سۈنىۋاتقان ئاپتاپقا قارايلى،
ئاپتاپ بولمايدىكەن سىز بۇ قاراڭغۇلۇقتا بىر مەھەل چى-
دىسىڭىزمۇ ئۇزاققا بارماي ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالى-
سىز، ئىچىۋاتقان سۈيىڭىز بولمىسىچۇ؟ ئاقىۋىتىڭىز خۇد-
دى ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ كېتىۋاتقان زىرائەتلەردەك بو-
لىدۇ، بۇ نېمە ھال؟ تېگىدىن ئېيتقاندا، بۇ سىزنىڭ كۆز-
نىڭ زەررىۋى قىسمى، شۇنداقلا سۇنىڭ تەركىبى ئىكەنلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىمگىزدۇر. ئاپتاپپەرەسنىڭ بەرگىلىرى كۈن چىققاندا ئېچىلىپ، كۈن پاتقاندا تۈگۈلۈپ كېتىشلىرىچۇ؟ بۇمۇ ئۇنىڭ كۈن نۇرىدىن رىزىقلىنىپ ئۆسۈۋاتقانلىقىدىندۇر. دېمەك، سىز ئەنە شۇ ئالەم ئىچىدە ئايرىم تۇرغاندەك قىلسىڭىزمۇ، ئەمەلىيەتتە سىز شۇنىڭ ئىچىدىكى بىر زەررىۋى تەركىبكى، ھەرىكىتىڭىز ئالەملىك ئايلىنىش بىلەن بىللىدۇر. نەپەس ئېلىشىڭىزنى ئويلاڭ، «مەن نەپەس ئالماي» ياشايمەن دېيەلەمسىز؟ بىردەم نەپەس ئالمىغان ھامان گور ئېغىزىغا بېرىپ قالىسىز. بۇنىڭدىن يەنە شۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىنكى، سىزدىن ئىبارەت بىر گەۋدىنىڭ چېكى يوق، بۇ چەك ئالەم بىلەن تەڭ. ئالەمنىڭ چېكى نەدە؟ ئۇنى ھەم بىلمەيسىز. بۇنداق ئىكەن، بۇ تەن سىزنىڭ ئالىمىڭىز، سىز مانا مۇشۇ ئالەملىك يىلتىز ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىسىزكى، سىز ئەشۇ ھاۋانىڭ، ئەشۇ ئاپتاپنىڭ چېكى نەگىچە بولسا، شۇ يەرگىچە يېتىپ بارىسىز. بۇنىڭغا ئىشەنمىسىڭىز، بۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىڭىزدە سىناق قىلىپ بېقىڭ. 2009 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا كالىفورنىيەنىڭ رىدىلانتىس شەھىرىدىكى پەرزەنتلىرىم ئەكبەرجان ۋە مېھرايىلار ئۆيىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا، ماڭا بىر پۇرسەت كېلىپ 20 كۈن سۇغا چۆمۈلدۈم. ئۇلارنىڭ ئىسسىق سۇ بىلەن ئۈۋۈلاش كۆلچىكىدە سىناپ كۆردۈمكى، سۇدا ئەركىن لەيلەپ تۇرۇپ ھەر قېتىم تىنىق ئالغاندا سۇدىن ئۆرلەسەم، تىنىق چىقارغاندا سۇغا چۆكۈپ تۇردۇمكى، سۇنىڭ بەھرىگە ئۆزۈمنى تامامەن تاپشۇرۇپ بېرىپ تەكرار سىناق قىلغان بۇ ھالدا مەن ئۆزۈمنى خۇددى ئالەملىك بوشلۇق مېنى سىققاندا ئۇنىڭدىن ئۆرلەپ چىقسام، شۇمۇرگەندە چۆكۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. يەنى مەن ئالەملىك نەپەسنىڭ ھەرىكىتىگە ماس ھالدا ھاياتلىققا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇنى باشقا جانلىقلارغا سېلىشتۇرساقچۇ؟ ئۇلارمۇ بەلكىم تەبىئەتتە ھەر نەپەستە مەندەك ئالەمگە زەررىۋى تەركىب بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇرسا كېرەك. بارلىق سەييارىلەر بەلكىم ئالەملىك بوشلۇقتا مانا مۇشۇنداق نەپەس بىلەن ئۆزئارا ئىناق مۇناسىۋەتتە تۇرىدىغاندۇر.

لېكىن، تارىختىن بۇيانقى مەدەنىيەت تەربىيەسىدە گەرچە «ئانا تەبىئەت» ياكى ھەممىنى ھاسىل قىلغان تۆرت ئاناسىر ھەققىدە ئېنىق تەلىم بېرىلسىمۇ، لېكىن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم تېنى بىلەن مېڭىسىنىڭ بىرلىك مۇناسىۋىتى توغرا شەرھلەنمىگەنلىكتىن، بىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان بىرلىكىمىز پارچىلاپ تاشلانغان. بولۇپمۇ تەن بىلەن مېڭىمىز باشقا ـ باشقا پارچىلار قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە ھەدېسىلا «كاللامدا بۇنى ئويلىدىم، ئۇنى ئويلىدىم» دەپ مېڭىنى ئېتىراپ قىلىپ، تەننى ئېتىراپ قىلمايدىغان ھەتتا تەپەككۇرنى «مەركەز» دەپ، تەننى ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان تەتۈرلۈك كېلىپ چىققان. ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ تېنى ئىدىيە بولمىسىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولىدىغان يارالمىش بولۇپ، تەپەككۇر ھەرگىزمۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ بىردىنبىر شەرتى بولالمايدۇ. بۇ خۇددى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان سۆكۈناتتا تېنىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇش ھالىتىدۇر. سۆكۈناتتا (ئەۋلىيالىق پائالىيىتىدە) پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆگەنگەن ھەممىنى، ھەتتا ئۆزىنى تامامەن ئۇنتۇلۇپ «فانا» بولۇش (تەبىئەت ئىچىگە شۇمۇرۇلۇپ يوقىلىپ كېتىش) ھالىتى شەكىللەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭدا ھەرگىز ئىدىيە بولمايدۇ، يەنى سۆكۈناتتىكى ئادەم ھەرقانداق بىر ئىدىيەگە ئەگىشىپ كېتىدىغان بارلىق خاھىشلارنى تەرك ئېتىپ ياراتقۇچى ئۆز ئىچىگە يوشۇرغان دۇرنى ئىزدەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت تەبىئەت تەركىبى بولۇپ كەتكەن تەن بىلەن قالىدىكى، ھەرقانداق ئىدىيەدىن چوڭقۇرلاپ كېتىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەربىيەسىدە مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي پاكىتقا سەل قارالغانلىقتىن كىشىلەر مېڭە بىلەن تەننى ئايرىم چۈشەنگەن ۋە مېڭە ئارقىلىق تەننى باشقۇرۇش ئادىتى شەكىللەندۈرۈلۈپ، مېڭە تەنگە خوجايىن قىلىپ قويۇلغان، ھەربىر ئادەم مېڭە ئارقىلىق ئۆز تېنى بىلەن قارشىلىشىدىغان مەخلۇققا ئايلانغان، بىزنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز مانا مۇشۇنداق بۆلۈنۈش ئاساسىدا كېلىپ چىقىۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ، مەقسەت بۇنداق بۆلۈنۈش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن تەن ۋە ئىجتىمائىي كېسەللىكلەر بىلەن شۇ تۈپەيلى كىشىلەردە كېلىپ چىقىدىغان پەرقلەرنى تونۇشتۇر. يەنى ئادەم تەبىئىتىنىڭ ئالەملىك تەبىئەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ پارچە ـ پارچە ھالەتتە ئەمەس، ھەممە ئەزالار بىرلىكتە ئالەم بىرلىككە قوشۇلۇپ كەتكەن مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇر. شۇڭا، تەننى ئالەمدىن، مېڭىنى تەندىن ئايرىپ ئېلىپ ئەقىللىق بولۇش تەربىيەسى ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىنى سۇبيېكتىپ خىياللار بىلەن بوغىدىغان ھەرىكەتلىكىنى تونۇشتۇر.

توغرا، ئادەم ئەزالىرى ئىچكى ۋە تاشقى بولۇش بىلەن ئوخشىمايدىغان ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشىدۇر. مەسىلەن، مېڭە بىلەن تەن مەسىلىلەرنى بايقاشتا ئوخشىمايدۇ، مېڭە سىرتتىن خاتىرىلىسە، تەن ئىچىدە ئۇ خاتىرىلەرنى ھەزىم قىلىدۇ، لېكىن بۇلار قارىمۇقارشى بولغان تەقدىردىمۇ بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش جەھەتتە ئەڭ ئاخىرىدا بىرلىككە كېلىدۇ. بىرلىككە كېلىش نېمىدىن؟ ئالەملىك ئايلانما بولۇۋاتقان ئېنېرگىيەنىڭ ھەر ئىككىسىدىن ئۆتكەنلىكىدىن. بۇنداق ئىكەن، بىز ئۈچۈن ئۆزلۈك چېكىنى — تالانت چېكىنى بۆسۈپ ئۆتۈش ئېغىزى تەييار بىلىملەر خاتىرىسى بولغان مىڭىدە ئەمەس، مۇشۇ كۈچ ئېقىمىدىن ھەقىقىي خەۋەر بېرىدىغان يۈرەكتە.

ئۇنى، مەن مۇشۇ ئوي بىلەن سىزگە ئېيتىمەنكى، ئا-

دەملەر سىرى سىز ئوقۇغان دۇۋە ـ دۇۋە كىتابلاردىنمۇ
بەكرەك ئەشۇ ئىناق بىرلىكتىن ئۆزىنى بىلىدىغان سۈكۇ ـ
ناتتا بىلىنىدۇ. سىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. ئۇزى يوقالغان
هالدا تەبىئىي ئايلانمىغا بويسۇنغان مۇنداق سۈكۈت بىلەن
دىل ئەينىكىدە ئاي بولۇپ كۆرۈنگەن زىبرەكلىك ھەقىقەتەن
سىز ۋە مەن بۇرۇن زادىلا بىلمەيدىغان مەنالاركى، بۇنى
بىلگۈچى ھەتتا ئۇلۇق نۇپوزغا ئايلانغان كىشىدىنمۇ ئارتۇق
دۇرغا ئىگىدۇر. بۇنى مەن سىزگە مۇشۇنداق سۈكۈناتتا تو ـ
رۇپ دېگىزدىن دۇر سوزگەن ماشايىخ مەۋلانا سۆزى بىلەن
ئىپادىلەپ بېرەي:

دۇر سۈزۈش. بىرسى مەۋلانادىن سورىدى: «بىز ئىنساد ـ
نىڭ بارچە ھاللىرىنى بىرمۇبىر ئەسلىدۇق. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى
ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىدىن، قىزىققانلىقى ۋە سوغۇققانلىقىد ـ
دىن تارتىپ قىلچىلىك نەرسە نەزەرىمىزدىن چەتتە قالمى ـ
دى. بىراق ئۇنىڭدىن باقى قالىدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئى ـ
كەنلىكى ئوچۇق ـ ئايدىڭ بولمىدى، بۇنى قانداق تونۇي ـ
مىز؟ مەۋلانا بۇيرۇدىكى: ئەگەر ئۇنى بىلمەك پەقەت سۆز
بىلەنلا مۇمكىن بولسىدى، ئىنساننىڭ بۇنچىلىك ئىشلە ـ
شىگە ۋە تىرلۇك ـ تۈمەن تالاش ـ تارتىشلارغا ئېھتىياج
قالماس ئىدى. ھېچكىم ئۆزىنى قىيىنماس ۋە پىدا ئەتمەس
ئىدى. مەسىلەن: دېگىزغا كەلگەن ئادەم تۇزلۇق سۇ، بېلىق
ۋە تىمساھتىن باشقا نەرسە كۆرمىسە ‹دۇر قەيەردىدۇر ياكى
مۇتلەق يوقمىدۇ؟› دەيدۇ. ھالبۇكى، دېگىزنى كۆرۈش ئۇنىد ـ
چىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئەمەسقۇ! ئەگەر دېگىز سۈيىنى
چېلەكلەپ يۈز مىڭ مەرتە ئۆلچىگەندىمۇ دۇرنى تاپالمايدۇ.
ئۇنى تېپىش ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىش ئۈچۈن غەۋۋاس
لازىم (سۈكۈنات بىلەن دېگىزغا غەرق بولۇشنى بىلىدىغان
ئادەم لازىم ـ ئا). لېكىن بۇ ھەممىلا غەۋۋاسنىڭمۇ قولىدىن
كېلىۋەرمەيدۇ. ئۇ ئامەتلىك ۋە ماھارەتلىك بولۇشى لازىم.
بۇ ھەقتە ئۆگىنىلگەن بىلىملەر ۋە ھۈنەرلەر (بۇ غەۋۋاس ـ
نىڭ شۇ چاققىچە بىلگەنلىرى ـ ئا) دېگىز سۈيىنى چېلەك
بىلەن ئۆلچەشكە ئوخشايدۇ. ئۇنچىنى تېپىش بولسا — تا ـ
مامەن باشقا بىر نەرسە. يەتمىش خىل ھۈنەر، مال ـ دۇنيا
ۋە گۈزەللىك ساھىبى بولغان زاتتا بىز نەزەردە تۇتقان مەنا
بولماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۆرۈمسىز ۋە
خۇنۇككىنە كىشىلەرمۇ باردۇركى، ئۇلار ئەنە شۇ مەنا ئى ـ
گىلىرى بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مەزكۇر ئا ـ
دەملەرنى قالغان بارچە ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلغان نەر ـ
سە مەنادۇر. قاپلان، تىمساھ، ئارسلان ۋەھاكازا مەۋجۇداتلار ـ
نىڭ يۈز خىل ھۈنەر ۋە پەزىلەتلىرى بولسىمۇ، ئۇلمەس
(سۈكۈنات ئارقىلىق كۆڭلىدە يېڭى بىر زىبرەكلىككە يېتىپ
بارىدىغان ـئا) مەنادىن مەھرۇمدۇر. ئەگەر ئىنسان شۇ مە ـ
ناغا يول تاپقان بولسا، ئۇ ئۆز ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەل ـ
تۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. بولمىسا، ئۈستۈنلۈكتىنمۇ، پەزى ـ
لەتتىنمۇ نېسىۋىسى يوق بولىدۇ. بارچە ھۈنەرلەر ۋە بې ـ
زەكلەر كۆزگۈ ئارقىسىغا جايلاشتۇرماققا ئوخشايدۇ. ھال ـ
بۇكى كۆزگۈنىڭ يۈزى بولسا بىخەۋەر. ئۇنىڭغا پاكىزلىق
ۋە پارقىراقلىق زۆرۈر. خۇنۇك يۈزلۈك ئادەم ئەينەكنىڭ
ئارقىسىدىكىنى تەمە قىلىدۇ. گۈزەل يۈزلۈكلەر بولسا ئەي ـ
نەككە جان دەپ قارىشىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆز گۈزەللىكى ـ
نى كۆرۈشىدۇ. يۇسۇفى مىسرىي سەپەردىن قايتقان دوس ـ
تىغا: «ماڭا قانداق سوۋغا ئېلىپ كەلدىڭ؟» دېدى، دوستى:
«سەندە يوق نەرسە بارمۇ ئۆزى؟ ئاخىر، سېنىڭ ھېچنېمىگە
ئېھتىياجىڭ يوققۇ! شۇنىڭغا قارىماي سەندىن گۈزەلرەك
زات بولمىغىنى سەۋەبلىك ئۆز جامالىڭنى كۆرۈپ تۇرۇشۇڭ
ئۈچۈن بىر ئەينەك كەلتۈردۇم» دەپ جاۋاب بەردى. ئاللاھ ـ
نىڭ نېمىسى يوق ۋە ئۇنىڭ قانداق ئېھتىياجى بار؟ ئاللاھ ـ
نىڭ ھوزۇرىغا ئۆزىنى تاماشا قىلىشى ئۈچۈن پارلاق بىر
كۆزگۈ (سۈكۈنات بىلەن يېڭى مەنا تاپىدىغان بىر زىبرەك ـ
لىك ـ ئا) ئېلىپ كەلمەك زۆرۈر. «ئاللاھ سىزنىڭ سۈرەت ـ
لىرىڭىز ۋە ئەمەللىرىڭىزگە ئەمەس، بەلكى قەلبلىرىڭىز
ۋە نىيەتلىرىڭىزگە باقىدۇ» (ھەدىس)⑮.

مەۋلانانىڭ سۈكۈت ئىچىدە دۇر سۈزۈش زىبرەكلىكى
ھەققىدىكى بايانىدىن مەلۇمكى، كىشى پەقەت نىيەتلىرىنى
رۇسلاش، ھەرقانداق زامانىۋى خوراپاتلىقتا ھۇرىۋاتقان كۆ ـ
ڭۈللىرىنى ياندۇرۇش، ئەنئەنىۋى ئۆزلۈك بولۇپ كەتكەن
گۇناھلاردىن يېنىش، كىتابلاردا زادىلا كۆرۈنمىگەن، كۆ ـ
رۈنگەن بولسىمۇ تولۇق كۆرۈنمىگەن ھەقىقەتلەرنى بايقاي ـ
دىغان ئەنە شۇنداق سۈكۈنات (يولۇقۇش) ئارقىلىق ئۆز ھا ـ
ياتىدا باقى قالىدىغان تەۋەرۈكلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۆز كۆڭ ـ
لىدىن دۇر (مەنا) قازمىغان قايسى شائىر ياكى يازغۇچى،
قايسى ھۈنەرۋەن ياكى سەنئەتكار، قايسى ئۆلىما ياكى ئۇس ـ
تاز مەڭگۈ باقى بولىدىغان تەلىمات ياكى مەنىۋى مۇنار
تۇرغۇزدى؟ ھېچكىم. دېمەك، سىز سۈكۈناتتا ئۆزىڭىزنىڭ
بارچە ھاللىرىنى چۈشىنىش بويىچە بىر كۆزگۈ — يېڭى
مەناغا ئىگە بولىسىز ـ دە، بۇنداق سۈكۈنات سىزنىڭ مەلۇم
جەھەتتىكى سەنئىتىڭىز، ھۈنىرىڭىز، كەسپىڭىز بىلەن
بىرلىشىپ ئۈنۈم بېرىشكە باشلىغاندا، قەلبىڭىز بارغانسې ـ
رى ھەممە ئىستەكلىرىڭىزنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان
سۈزۈك ئەينەككە ئوخشاپ قالىدۇ، بۇ ئەينەككە ئايسىمان
چۈشكەن زىبرەكلىك بۇرۇن سىز بىلەن بارلىق بىلىملەردىن
ھالقىيدىغان بىر خىل ئىچكى گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدۇ،
ئەگەر سۈكۈتتە تىۋىنىشتىن كەلگەن مۇنداق بىر گۈزەل ـ
لىك، دىيانەتكە قاراپ كىتىۋاتقان ئىشق ئۇلۇغۋارلىقتا ھۇ ـ
رۇپ تۇرىدىغان شەيدالىق بىلەن تولغان كۆڭۈل بولمايد ـ
كەن، ئۇنىڭدا سان ـ ساناقسىز ھۈنەر قايناپ تۇرسىمۇ،
ئۇلار ھەرگىز سىزگە ئۆزىنى كۆرسەتمەيدۇ.

گۈزەللىك سىرەتنى (ماھىيىتىنى) كۆرۈش. مەلۇمكى،
كىشى ئۈچۈن كۆڭۈلدە سۆيۈلگەن نەرسە ھەممىدىن گۈزەل ـ
دۇر. .بۇنى بىر ئادەمگە ئوخشاتساق، سۆيۈلگەن كىشى گۈ ـ

www.uyghurkitap.com

زەلدۇر. ئەكسىچە بولمايدۇ. يەنى ھەممە گۈزەللەرمۇ سۆيۈلىۋەرمەيدۇ ۋە سۆيۈلۈشى شەرتمۇ ئەمەس. گۈزەللىك سۆيۈملۈكنىڭ بىر قىسمىدۇر. سۆيۈملۈك بولماق ئەسلىي ماھىيەت. بۇ بولغاندىن كېيىن گۈزەللىكمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. ھەربىر نەرسىنىڭ جۇزئىي (ئايرىم قىسمى، بۆلىكى) كۈللى (پۈتۈنى) دىن ئايرىم بولالمايدۇ، ئۇلار بىللىدۇر، يەنى جۇزئىي كۈللى بىلەندۇر. مەجنۇننىڭ زامانىدىمۇ گۈزەللەر بار ئىدى ۋە ئۇلار لەيلىدىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. مەجنۇن ئۇلارنى سۆيمىدى. ئۇنىڭغا «لەيلىدىن گۈزەلرەكلەرنى ساڭا كۆرسىتەيلى، بېرەيلى» دېيىشتى. مەجنۇن بولسا: «مەن لەيلىنىڭ سۈرىتىنى سۆيگىنىم يوق ۋە ئۇ شۇ كۆرۈنۈشىدىنلا ئىبارەت ئەمەس. لەيلى مېنىڭ كۆزۈمدە بىر قەدەھ كەبىدۇر. مەن بۇ قەدەھتىن شاراب ئىچىۋاتىمەن، چۈنكى مەن شارابقا ئاشىقمەن. سىزنىڭ كۆزىڭىز پەقەت قەدەھتە، ئىچىدىكىدىن خەۋىرىڭىز يوق، غاپىلسىز» دېدى. مېنىڭ قولۇمغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بىر قەدەھ تۇتقۇزسا ۋە ئىچىدىكى شارابتىن باشقا نەرسە بولسا، بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ مەن ئۈچۈن شاراب تولدۇرۇلغان كونا ۋە سۇنۇق بىر ئىدىش ئالتۇن بېزەكلىك بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان يۈز قەدەھتىن ياخشىراقتۇر. قەدەھتىكى شارابنىڭ مەززىسىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشق ۋە شەۋق كېرەك بولىدۇ. ئالايلى، ئون كۈندىن بېرى ھېچنەرسە يېمىگەن ئاچ قورساق بىلەن كۈنگە بەش قېتىم غىزالىنىپ يۈرگەن توقنىڭ نانغا بولغان قاراشلىرى بىر خىل ئەمەس. چۈنكى توق ناننىڭ سۈرىتىنى (تاشقى كۆرۈنۈشى) كۆرسە، ئاچ ئۇنىڭ سىيرەتىنى (ماھىيىتىنى) كۆرىدۇ. نان قەدەھ بولسا، مەززىسى قەدەھتىكى شاراب كەبىدۇر. بىراق شاراب پەقەت ئىشتىھاسى ۋە شەۋقى بولغان كۆزگىلا كۆرۈنىدۇ. سەنمۇ ئۆزۈڭدە ئىشتىھا ۋە شەۋق ھاسىل ئەتكى، پەقەت سۈرەتنى ئەمەس، بەلكى سىيرەتنىمۇ كۆرگەيسەن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ سۈرىتى قەدەھكە ئوخشايدۇ، ئىلىم ۋە بىلىملىرى بولسا ئەنە شۇ قەدەھكە چېكىلگەن نەقىشلەر كەبىدۇر. قەدەھ سۇنۇشى بىلەن نەقىشلەردىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. دېمەك، قىيامەت قەدەھ كەبى بولغان ۋۇجۇدلاردىكى شارابىدۇر ۋە بۇ شارابنى ئىچكەن كىشى ئۇنىڭ ئۆلمەس ياخشى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»⑯.

قاراڭ ھەر كۈنى جاۋىلداپ تۇرىدىغان، ئەمما، چوڭقۇرلاشقان يېڭى پىكىر بايان قىلمايدىغان ۋالاقتەككۇرلەرگە، ئۇلار ئۆز دىلىدىن ئەقىل تاپىدىغان مۇشۇنداق بىر يول ئاچمىغاچقا، شۇنداق يادلايدۇ، تەكرارلايدۇ، ھەتتا قاتمال كىتابى بىلىملەردىن ھالقىغان دانالىقلارنى ئاڭقۇرۇپ ئالالماي تار ۋە مەكرۇ پىكىرلىرىنى كىشىلەرگە تېڭىپ جاۋىلدايدۇ. سۆكۈتتىكى ئادەمچۇ؟ بۇنداق بىلىمسىز ۋالاقتەككۇرلۇكلەردىن جاق تويغانكى، ئۇلار سۆكۈناتلىرىدا: مەن ئالەمنىڭ، ئادەمنىڭ سىرلىرىنى ئۆز كۆڭلۈمدىن تەجرىبە قىلىپ بىلدىمۇ؟ ئەگەر بىلگەن بولسام، نېمە ئۈچۈن باشقىلار دېمىگەن بىر خىل گەپ، بىر خىل ھۈنەر، بىر خىل تەلىمات، بىر خىل مۇدىلىم يوق؟ بىز ھازىرقى ئىنسانلارمۇ ئۆز ئارا توقۇنۇشىۋاتقان تۈرلۈك ئەقىدىلەرنىڭ ھامىيسى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئۆگلۈكىمىزدە نىقاپ بىلەن ئادەم ئولتۇرىدىغان بىر سىگە يان باسىمىزكى، يەنە بىر ئادالەتچىنىڭ كېپىنى بۇرمىلايمىز. بۇ زادى قانداق ئاقىۋەت؟ بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتلەرگە پايدىلىق ئۆتكۈنچى نەزەرىيىلەرگە ئېشىنىپ كېتىمىزكى، مەھشەرلىك ھەقىقەتلەر ئالدىدا جاھىللىق قىلىمىز، بۇ قانداق كۆرۈنۈش؟ تۆۋەن سەۋىيىلىك ئەنئەنىۋى مەزھەپلەر بىزنىڭ كاللىمىزدا تۇرغۇزغان قەپەزلەر كۆرۈنۈشى. كاللىمىزدىكى بۇنداق قەپەزلەرنى چاقماي دەنالىق يولىغا كىرگىلى بولامدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار بىلەن ئۆزىدىكى ئىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ - دە، بۇ ناكەس روھلاردىن قەدەممۇقەدەم ئۆزىنى پاكلاپ ئويغىنىپ ماڭىدىكى، بۇ يولدا ۋاھىغا يەتكەندە: «ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» (ھەدىس) دېگەن يەرگە بېرىپ قالىدۇ. مانا بۇ سۆكۈناتلىرىدا ئالەم سىرلىرىغا، ئادەم سىرلىرىغا تىۋىنغۇچى پەقىر ئىگە بولىدىغان ئۆلمەس سىيرەت (ماھىيەت ياكى مەنا) دۇر. بۇنداق مەناغا كىتابى مەنالارنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇ سۆكۈناتتا ئەنئەنىۋى ئۆزلۈكىدىكى گۇناھلىرىدىن پاكلىنىپ يېڭى بىر روھقا كەلگەن ۋە بۇ روھنى كېلەچەككە ماياك قىلغان ئادەمكى، «بۇنداق ئادەم سۇدا تۇنجۇققان ۋە سۇ ئۇنىڭدىن غالىب كەلگەندۇر. سۇ ئۈزگۈچى ۋە سۇدا تۇنجۇققان كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككىسىمۇ سۇدىدۇر. پەقەت تۇنجۇققان كىشىنى سۇ ئېلىپ كېتىدۇ، سۇ ئۈزگۈچى بولسا ئۆز كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. دېمەك، سۇغا غەرق بولۇۋاتقان ئادەمنىڭ ھەربىر قىلغان ئىشى ۋە ئېيتقان سۆزى ئۆزىدىن بولماستىن، بەلكى سۇدىندۇر. ئۇ (ئادەم) ئوتتۇرىدا بىر باھانىدۇر. مەسىلەن: تامدىن بىر ئاۋاز كەلسە، بۇنى تام سۆزلىمىگەنلىكىنى بىلىسەن. چۈنكى تامنىڭ ئارقىسىدا كىمدۇر بار ۋە ئۇلارنىڭ گەپلىرى تامنىڭكىدەك تۇيۇلىدۇ. ئەۋلىيالارمۇ خۇددى شۇنداق (ئۇلار سۆكۈناتلىرىدا كۆڭلىدىن يېڭى مەنالارنى تېپىپ ماڭىدۇ - ئا)». «ئۇلار ئۆلمەستىن ئاۋۋال ئۆلگەندۇر» (ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزلۈك نەپسىنى يىغقاندۇر - ئا)، تام ۋە ئىشىك ھۆكمىنى ئالغاندۇر. ئۆزلىرىدە بولسا بارلىقلىرىدىن قىلچىلىكمۇ نەرسە قالمىغان. ئۇلار تەڭرىنىڭ قۇدرەتلىك قولىدا بىر باشپاناھ (دالدا) كەبىدۇر. باشپاناھنىڭ ھەرىكىتى ئۆزلۈكىدىن ئەمەس. «ئەنەل ھەق» (مەن خۇدامەن) سۆزىنىڭ مەنىسىمۇ شۇنداق. باشپاناھ: «مەن ئارىدا يوقمەن، ھەرىكەت ئاللاھنىڭ قولى بىلەن ھاسىل بولماقتا» دەيدۇ. باشپاناھنى (ئېنېرگىيەنىڭ ئالەملىك ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى - ئا) ھەق بىلىڭ، تەڭرىگە (ئېنېرگىيەنىڭ ئالەملىك ئايلىنىش

قانۇنىغا ـ ئا) قارشى چىقمالى. چۈنكى بۇنداق باشپاناھنى يارىلاندۇرماقچى بولغانلار ئەسلىدە تەڭرىگە (ئېنېرگىيەنىڭ ئالەملىك ئايلىنىش قانۇنىغا ـ ئا) ئىسيان كۆتۈرگەن بولىدۇ. ئادەم (ئەلەيھىسسالام) زامانىدىن شۇ ۋاقىتقىچە ئىسيانكارلارنىڭ باشلىرىغا قانداق بالالار كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندۇرسىلەر. فىرئەۋن، شەددا، نەمرۇد ۋە ئاد قەۋمى، لۇت ۋە سەمۇد ۋەھاكازالار قانداق مۇسىبەتلەرگە مۇپتىلا بولۇشتى؟ باشپاناھلار ئىتائەتكۆينى ئىسيانكاردىن، دۈشمەننى ئەۋلىيادىن پەرق ئېتىش ئۈچۈن ھەمىشە تىك تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى نەبىي ۋە بەزىسى ۋەلىي (ئالەم ۋە ئادەم نېمە بولسا، شۇنداق ئوبيېكتىپ چۈشەندۈرگۈچى دوستلار ـ ئا) بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەربىر ئەۋلىيا خەلقنىڭ ھۆججەتلىرى (دەلىلى) دۇر. خەلقنىڭ ئورنى ۋە دەرىجىسى ئۇنىڭغا بولغان مۇناسىۋىتى دەرىجىسىدە بولىدۇ»⑰. بۇنداق ئىكەن، كۆز ئالدىدا مىڭلىغان بىلىنمىگەن نەرسىلەر تۇرغان ۋە ئۇلاردىكى ئىچكى گۈزەللىكنى (ماھىيەتنى) دىل كۆزگىسى بىلەن كۆرەلمەيدىغان ئادەم قانداقمۇ ئۆگلۈشەلەيدۇ (تەبىئى قانۇنلارنى دېگەن ۋە ئىشقا سالالايدىغان نىسپى ھەقىقەت ئىگىسى بولالايدۇ)؟ ئۆگلۈك تەكىتلەۋاتقان سۈكۈنات ئىنسانىيەتنىڭ تۈمەن يىللىق تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئەنە شۇ بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى ئۆز يۈرىكىدىن، تەبىئىتىدىن ئىزدەش ئۇسۇلى بولۇپ، بىز ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا غەرق بولغاندا، ئۇ بىزگە شۇ بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى ئوقتۇرۇپ دىلىمىزنى يورىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز كۈنىمىزگىچە بېكىنىپ كەتكەن چىرىك بىلىم زىندانلىرىدىن چىقىپ، نۇرانە كېلەچەككە بارىدىغانغا ماياك بولىدىغان پىكىر باتۇرلۇقىغا ئىگە بولالايمىز، يولىمىزنى تاپالايمىز. شۇڭا، بىز ئۆگلۈكنىڭ سۈكۈنات ئۇسۇلىنى ئۆز تەبىئىتىمىزدىن دۇر ئىزدەش ياكى دىل ئەينىكىمىزدە ئۆزىمىزنىڭ تەڭرىلىك لايىھەلەشتىكى گۈزەللىكنى كۆرۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتايمىز.

**زېرەكلىك ۋە ئەخمەقلىق.** چۈنكى بىز بۇ ئارقىلىق بىز دىل ئەينىكىمىزدە ھېچقانداق خاتىرە، ماتېرىيال، كىتاب ئاساسلىرى يوق بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولىمىز. ئەگەر بۇ كىشى سىز بولۇپ قالسىڭىز، بىلىنمىگەن شۇ نەرسە ئالدىدا قانداق ئىنكاستا بولىسىز؟ دانىشمەنلەرچە سۆزلەيسىز ياكى ئەخمەقلەرچە بىلجىرلايسىز. بۇ يەردىكى دانىشمەنلەرچە ئىنكاس سۈكۈناتتىكى يېڭىدىن پاكلانغان دىل ئەينىكىدىن كېلىپ ھەممىمىزگە بىر يېڭىلىق ئېلىپ كەلسە، ئەخمەقلەرچە بىلجىرلاش كىشىلەر بىلىدىغان ئۆزلۈك ئادەتلىرىدىكى گەپلەرنى ئۆلۈك ھالدا تەكرارلاشتىن كېلىپ چىقىپ ھەممىمىزنى بىزار قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، كونا بىلىملەر تىزىملىكى بولغان مېڭىمىز پەقەت دىل ئەينىكىدە بايقالغان مۇشۇ يېڭى سىرلارغا ــ بايقىغۇچى قەلبكە ھەمدەم بولۇپ بېرىدىغان قورالغا ئايلانغاندىلا، ئۆزىدىكى تەكرارلاش ئەخمەقلىقىدىن قۇتۇلۇپ ساختا ئۆزلۈك چىقىپ كېتەلەيدۇ. بۇنى تونجۇققان سۇدىن چىقىۋاتقان ئەۋلىيالار بىلەن تونجۇققانچە ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ پەرقىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. دېمەك، بۇ يەردە دانىشمەنلىك ئاتالغان يېڭى ئىنكاس سىزدىكى بىر خىل كۆزىتىش پەزىلىتى (زېرەكلىك) بولىدۇكى، ئۇ بۇ كۆزىتىشىدە مېڭىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭغا يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىنكاس ياكى يېڭى مەنا (زېرەكلىك) ئادەمنىڭ سۈكۈنات ھالەتتىكى پۈتۈنلەنگەن ۋۇجۇدتىن تۆرەلگەن ھەقىقىي مەنا بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ كۆزىتىش ئېلىپ بارسا، مېڭىدىكى كونا خاتىرىلەر تاشقى دۇنيادىن ئادەمنىڭ ئىچىگە قاراپ مېڭىپ، دىلدىكى مەنانى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويىشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەك مەركەزلىكىدە ۋەھدەتى ۋۇجۇد بولۇپ تۇرۇۋاتقان سۈكۈناتتىكى بۇنداق كۆزىتىش پەزىلىتى ياكى يېڭى ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىش مېڭىدىكى جۇغلانمىدىن ھالقىغان ئالاھىدە دەنالىقى بىلەن ھەرقانداق خاتىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى تەلىم ـ تەربىيە نۇقتىسىدىن ئېيتساق، كۈندىلىك تەلىم ـ تەربىيە ھەتتا مەكتەپ مائارىپى سىرتقى شەيئىلەرنى مېڭىگە كىرگۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولسا، سۈكۈنات ئادەمنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىنى ئويغىتىپ ماڭىدىغان ئېنىق ۋە ئۆتكۈر بايقاشلىرى بىلەن مېڭىگە كىرگۈزۈلگەن خاتىرىلەرنىڭمۇ ساختا تەرەپلىرىنى رەت قىلغۇچى زېرەكلىك بولۇپ شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم پەقەت ئۆز ئىچىدىكى دىل ئەينىكىدە مۇشۇنداق بايقاش ــ يېڭى بىر شەيئىنى ئېنىق كۆرۈش دەرىجىسىگە يەتكەندە ھەقىقىي تۇردىكى زېرەك ھېسابلىنىدۇكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىم ئۆز دىلىدىن مۇشۇنداق بىر يولنى ئاچماق لازىمدۇر.

شۇنداق ئىكەن، ئادەم دىلىدىكى بۇ يولنى كېڭەيتىش بىرەر خىل يېڭى ئەقىل زېرەكلىكنى تېپىش بىلەن چەكلىنەمدۇ؟ روشەنكى، سۈكۈنات بىر خىل ئىنكاس ياكى زېرەكلىك بىلەن چەكلەنمەستىن، ئاھاڭ، نازاكەت، ھاياجان، دۇئا ـ تىلاۋەت، مۇھەببەت، ھىممەت، مېھرىبانلىق ... قاتارلىقلار بىلەن باغلىنىدىكى، ئۇلار گويا تەبىئىتىمىزدىكى چەكسىز دۇر كانىغا ئوخشايدۇ. بىز بىر قېتىملىق سۈكۈناتتا تاپقان ئەقىل ياكى زېرەكلىك پەقەت تەبىئىتىمىزدىكى شۇنداق دۇرلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەگەر بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان تەبىئەت بايلىقىمىزنىڭ ھەربىرىنى بىر خىل قابىلىيەت دەپ ھېسابلىساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدە باركى، ئۇلار بىز تېخىچە بايقىمىغان تالانت شاخلىرىدۇر. سۈكۈنات قەلبىمىزدە مېڭىمىزدىكى خاتىرىلەردىن ھالقىغان شۇنداق زېرەكلىك تالانت شاخلىرى (ئىچىمىزنىڭ ئىچىدىكى ۋۇ-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جۇدى ئىنكاس كۆچى) نىمۇ قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاپ بايقاپ ماڭىدىكى، دىلىمىزغا بىز تېخىچە ھېچقانداق كىتابلاردىن كۆرمىگەن يېڭى تۇيغۇلارنى سالىدۇ. بۇ تۇيغۇلار بۇ تالانت شاخلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قىيامىغا يەتكىنىنى كۆرگەندە ئۆزىمىزمۇ ھەيران قالىمىز. بىز يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنىڭ قوزغىلىشچان ئىلھامىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى بىزدىن خېلى ئارتۇق ئاچقانلىقىنى ئۈلگە قىلىشىمىزدا، ئۇلاردىكى مانا مۇشۇنداق تالانت شاخلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە ئېچىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئۇلار مول بىلىم دەرياسىدا ئېقىپ، ھەقىقەت ئوتىدا كۆيگەن دەرۋىشلەردۇر. پەقەت سۆكۈناتتا تۇرۇش ئۇسۇلى بىزنىمۇ ئۆزىمىزدىكى مۇشۇنداق داڭلىق تالانتلارنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى بايقاش يولىغا باشلاپ قويالايدۇ. كۈنىمىزدىكى بىزلەرنىڭ ئىقتىدار تالانتتا ئېگىز ـ پەس بولىشىمىز، مانا مۇشۇنداق يولنى دىلىمىزدىن ئېچىش ـ ئاچالماسلىق پەرقىدۇر. ئەگەر بىز ھەقىقىي تۇردىكى سۆكۈنات ئارقىلىق ئۆزىمىزدىكى مۇشۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت كانلىرىنى تولۇق ئېچىشقا قاراپ ماڭدۇق دېسەك، كېلەچىكىمىزدە بىز باشقىچە بىر جەننەتتى دۇنيادا ياشايمىز.

ئەگەر بىز سۆكۈنات ئارقىلىق مۇشۇنداق دۇر سۈزىدىغان ئەقىل مەركىزىمىزگە قايتىپ كەلدۇق دېسەك، بىزنى ئوراپ تۇرغان جەمئىيەت ئۆز خاھىشىدىكى نەرسىلەر بىلەن كاللىمىزنى تولدۇرۇپ، بىزنى ئەنئەنىۋى ئۆزلۈك بولۇپ كەتكەن قائىدىلەرگە باشلىسا، بۇ زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىمىز دەمسىز؟ توغرا، بىز يېڭى ئەقىل (زېرەكلىك) تاپقان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ يەنە ئۆزلۈكنىڭ بەزى شەكىللىرىگە ھاجىتىمىز چۈشىدۇ. چۈنكى بىز شۇنداق بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز، لېكىن، بىز ئۆز يۈرىكىمىزدىن ئىبارەت تەبىئىي مەركىزىمىزنى تېپىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇنى يېڭىدىن ئەقىل تاپىدىغان تەبىئىي مەركىزىمىزگە خىزمەت قىلدۇرىمىز ـ دە، ئۆزلۈكنى تۇتىيا قىلىپ كۆرسىتىدىغان ساختا ھەرىكەتلەرگە بويسۇنمايمىز. يەنى بۇرۇن ئۆزلۈك (ساختا مەركەز) بىمىزگە قورال بولۇپ بەرگەن بولساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنى دۇر سۈزىدىغان يېڭىچە ئەقىل مەركىزىمىزگە خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرىمىز. يېڭى مەركىزىمىزدە مەزمۇت تۇرۇپ ساختا مەركەزنى ئىجتىمائى ئادەتلەر ئۈچۈن خىزمەتكە سالىمىز. ئۆزىمىزگە قۇلايلىق يول ئاچىمىز، ئۇنىڭ بىلەن بىر يولدا مېڭىپ بۆلۈنۈپ كەتمەيمىز. يەنى بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزدە بىر ئىستىخىيە بارلىقىنى، يارىتىلىشىمىزدىن ئەركىن ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ تۇرىمىزدە، مۇشۇنداق ئاكتىۋاللىق بىلەن ئۆزىمىزنى ئېسىمىزدە تۇتۇپ ماڭىدىغان بۇ ھال بىزنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ بىزگە پۇرسەت بېرىدۇ، بىزنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىمىزگە ئايلاندۇرىدۇ. سۆكۈنات ئارقىلىق ئۆزىگە ئايلىنىش دېگەن ئەڭ ئاخىرقى چەكتۇر، ئۆزىگە ئايلىنىش دېگەن ئەقىل دۇرلىرىنى سۈزىدىغان مۇتلەقلىقتۇر. شۇڭا، ئادەمدە بولىدىغان بارلىق ئىمكانىيەت ۋە بارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ چوققىسى مۇشۇ مۇقەددەسلىكتە بولىدۇ. مەيلى بۇنى بىز قانداق بىر نام بىلەن ئاتىساق ئاتايلىكى، ئۇ ئۆتمۈش بولۇپ كەتكەن مەلۇم جايدا، كېلەچەك بولىدىغان مەلۇم چاغدا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمىزدىكى مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە دىلىمىزدىن نۇرلىنىپ، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن ماياك بولۇپ قالىدۇ.

ئەيسا مەسىھنىڭ ئىلاھنى ئاتام دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ دېگەن «مەن ئۇنىڭ ئوغلى»، مۇقەددەسلىك ئاتا روھى دېگەن گەپ. بۇنىڭدا مەلۇم ئادەمنى ئاتام دېگەن گەپ بارمۇ؟ ياق، بۇنىڭ مەنىسى، سۆكۈناتتا ياراتقۇچىغا تىۋىنگەن ۋاقتىمدا، ئالەملىك كۈچنىڭ ئايلانمىسىنى تۇيىدىغان يۈرەكتىكى مۇقەددەس سەزگۈ مېنىڭ ئاتام، مەن مۇشۇ تەبىئىي مەركىزىم ئارقىلىق ياراتقۇچى ئالەمنىڭ سىرلىرىنى «قانۇنلىرى» نى بىلىپ كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلايمەن دېگەن گەپ.

بۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىكى بۇ مۇقەددەسلىكنى «ئوغۇل» دەپ بىلىشتۇر، چۈنكى بۇ مۇقەددەسلىكتىكى تۇيغۇلار سېنىڭ سەزگۈڭ ئارقىلىق تالانت گۈلى بولۇپ ئېچىلىدۇ، ئۇلار سەن تەرىپىڭدىن راۋاج تاپىدۇ. كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەيسا مەسىھ دەۋاتقان ئاتا روھى ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلدى، بۇ ئوغۇلنىڭ ئىسمى نېمە؟ يېڭى ئەقىل، يېڭى ئەخلاق، سەن تېخى شۇ چاققىچە بىلىپ يېتەلمىگەن ئالەملىك سىر (قانۇنىي بايقاش) بولمىسا، «ئىنجىل» نەدىن كېلەتتى؟ تەۋرات تەپسىرچىلىرىدىكى خۇراپىلىقنى قانداق توسقىلى بولاتتى؟ «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» نەدىن كېلەتتى؟ شۇڭا، ئۆتمۈش ئاتىغا، كېلەچەك ئوغۇلغا ئوخشايدۇكى، بۇ ئوغۇللار ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى تەبىئىي سەزگۈلەردىن بالا سۈپەت تۇغۇلىۋېرىدۇ، سەندە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ھەربىر ئويغىنىشتا بارلىققا كەلگەن ئەقىل ۋە ئەخلاق شۇنداق ئۇلۇغدۇر. شۇڭا، سەنمۇ مۇقەددەسلىككە ئايلىنالايسەن، مۇقەددەسلىك سەندىن تۇغۇلىدۇ. بۇ ئوغۇل پەقەت سەن ھەقىقىي تۇردە تۇغما ھالدىكى چىنلىقىڭغا قايتقاندا تۇغۇلىدۇ. سەن ھازىر جىسمىڭدىكى گۆش بىلەن سۆڭەك، مېڭە، ھېسسىيات (ئىشق) ۋە قەلب ئايلانمىسىنى بىلىپ ئېلىپ، ئۆزۈڭنى شۇ تەبىئىي ئايلانمىغا سالماقچى بولدۇڭمۇ؟ ئۇنداقتا سەن مۇقەددەسلىككە قاراپ يول ئالدىڭ، ئەقلىي ھۆرلۈككە قاراپ يول ئالدىڭ، ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول، قىڭغايماي، ماڭ!

ئەنئەنىۋى ئۆزلۈككە ساختا مەركەزگە قۇل بولساڭچۇ؟ بۇ مۇقەددەسلىككە بارالمايسەن؟ سېنى ئۇ مۇقەددەسلىككە باشلىغۇچى غايىب بولىدۇ، ئۆزۈڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇمـ

كىنچىلىكنى تاپالمايسەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزۈڭدە ئېچىلى-
دىغان گۈل ۋەسلىگە يېتەلمەيسەن. چۈنكى، سۈكۈناتتىكى
زېرەكلىك پەقەت ۋە پەقەت سېنىڭ يۈرۈكۈڭدىكى سىر بو-
لۇپ، ئۇنى ياراتقۇچى ۋە سەندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.
شۇڭا، بۇ ۋىسالغا يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال يېڭى ئەقىل ۋە
ئەخلاقتا ئۇرۇق بولىدىغان ئۆزۈڭنىڭ مەركىزىگە — يۈرە-
كىڭگە — قەلبىڭگە مەنسۇپ بولۇشۇڭ، ئەشۇ زېرەكلىككە
ئىگە بولۇشۇڭ كېرەك. تالانتلىق ئىجادكار بولۇشۇڭدا بىر-
دىنبىر ياردىمى تېگىدىغىنى مانا مۇشۇ. ئەمەلىيەتكە قارا،
بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە سېنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن
باشقا كىمگە ۋە نېمىگە ئەگەشسەڭ يەنىلا ئۆزلۈك گىرداب-
بىدا تۇرۇپ قالىسەن، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدۇڭمۇ، قىلىدى-
غىنىڭ جۇغلاش بولىدۇكى، ئۆسۈش بولمايدۇ. شۇڭا، جې-
نىم دوستۇم، جۇغلاش بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرقنى بىل. ساختا مەركەز بىلەن يۈرسەڭ پەقەت
جۇغلىغۇچى بولىسەن، ماددىي بايلىق جۇغلىيالايسەن، بى-
لىم جۇغلىيالايسەن، ھەرقانداق بىر نەرسىنى جۇغلىيالاي-
سەن، لېكىن ئۆسۈپ يېتىلەلمەيسەن، ئۆسۈپ يېتىلىش
دېگەن پەقەت چىنلىقتا (تەبىئىيلىكتە — ماھىيەتتە) ھا-
سىل بولىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش دېگەن جۇغلاش دېگەن گەپ
ئەمەس، ئۆسۈپ يېتىلىش دېگەن يۇك ئەمەس، جۇغلاش دې-
گەن يۇك.

توغرا، جۇغلىغۇچى بولغان ئىكەنسەن نۇرغۇن ئىشلارنى
بىلگەندەك تۇرىسەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىنىڭ تې-
گىنى بىلمەي ئۆتىسەن، مەسىلەن، سۆيگۈ توغرىسىدىكى
ئىشلارنى ئالساق، سەن بۇ توغرىدىكى گەپلەرنى ۋە ئىشلار-
نى بىلىسەن، لېكىن، ھەقىقىي سۆيگۈنى بىلمەيسەن،
بۇنداقتا سېنىڭ ھۆنىرىڭ بۇ جەھەتتىكى گەپلەرنى جۇغ-
لىغۇچى بولىدۇ، ئەگەر سۆيگۈنى بىلسەڭچۇ؟ بۇنداقتا كۆ-
يۈم، ھېسداشلىقتا ئۆسۈپ يېتىلىسەن، ساختا مەركەز ئار-
قىلىق بىلىنىۋالغان سۆيگۈ ھەققىدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى
كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ تاشلاپ، چىن مەركىزىڭ ئارقىلىق
ھەقىقىي سۆيگۈنى تېتىيالايسەن، بۇ كۆيۈم، ھېسداشلىق
چىن مەركەز بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ،
ساختا مەركەز ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھەرقانداق بىر خىل يو-
غىناش بولىدۇكى، بۇنداق ئۆسۈش، يوغىناش پىشىپ يېتى-
لىش بولمايدۇ! شۇڭا، پەقىرلىق ۋادىسىدا سۈكۈت قىلىۋات-
قان بوۋىمىز نەۋايى «ئادىمى ئەرسە دېمەگىلى ئادىمى، ئۇ-
نىكىم خەلقتىن يوق غېمى» دېگەن.

**قەلب ئەينىكىدە ئۆزىنى كۆرۈش.** مەن ئەنە شۇنداق ئوي-
لىدىم ۋە ئۆزۈمنى ئۆگلەشتۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇنداق قەلب
سەپىرىنى باشلىدىم. مەن بۇ قەلب سەپىرىدە ئۆز ھاياتىمنى
تەكشۇرسەم، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى ئەنە شۇنداق تەك-
تىنى بىلمەسلىك بىلەن ئۆتۈپتۇ. مەن تېخى شۇ ھالدا كى-
تابلار يېزىپتىمەن، دەرسلەر ئۆتۈپتىمەن، ھەتتا تەھرىرلىك

كەسپىم بويىچە ئەڭ ئالىي ئۇنۋانلار ئاپتىمەن، دۆلەت مېنى
شۇ بويىچە رويخەتكە ئاپتۇ. كىشىلەر مېنىڭ شۇ كىتابىي
ھالىمدا تېخىچە نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەن تىۋىشلىرىدىن
قەلب سەزگۇسىگە ئايلاندۇرالمىغانلىقىمنى بىلمەي تۇرۇپ
«بىلىملىك» دېگەن بۆكنىمۇ ماڭا كىيدۈرۈپتۇ. مەسىلەن،
مەن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا يازغان 90 ـ
يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتې-
تى نەشرىياتى نەشر قىلغان «تالانتشۇناسلىق»، «تالانت بو-
سۇغىسى» دېگەن كىتابلىرىمنى ئوقۇغان بولغىيتىڭىز.
مەن ئۇلاردا بىر دۆلەتنىڭ ئۆز خاسلىقىدىن دۇنياغا يۈزلى-
نىدىغان تالانت قۇرۇلمىسى بىلەن ئۆزە بولسا، ھەربىر ئا-
دەمنىڭمۇ ئۆز خاسلىقىدىن جەمئىيەتكە، ھەتتا پۈتكۈل
ئىنسانىيەتكە يۈزلىنىدىغان تالانت قۇرۇلمىسى بىلەن روناق
تېپىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدىم. بۇنىڭدىكى
مەقسىتىم ئۆزۈم ياشاۋاتقان ئەل، مىللەت ۋە ھەربىر ئادەم-
گە خاسلاشقان ھەم ۋايىغا يەتكەن تالانت شاخلىرى گەرچە
ئاددىي كۆزلەرگە كۆرۈنمەس شەكىلسىز كۈچ بولسىمۇ،
ئۆزلىرىنى تىكلەيدىغان، قۇتۇلدۇرىدىغان، تەرەققىي قىل-
دۇرىدىغان ھەقىقىي مەنىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى بېشارەت
قىلمىشىم ئىدى. شۇ چاغدىكى ئويۇمدا ھەرقانداق باي ۋە
كۈچلۈك ئادەم ھەم خەلق ئەگەر تاشقى دۇنيادىكى بايلىق
بىلەن نوقۇل جىسمانىي كۈچىگە قانائەت ھاسىل قىلىپ،
بۇنداق مەنىۋى كۈچنى تەرك ئەتسە تېگىشلىك بولمىغان
زىيان ـ زەخمەتلەر ھەتتا ھالاكەتكە دۇچار بولاتتى. شۇڭا،
بۇ ھەقتىكى ھەقىقەتلەرنى دۇنيادىن بېكىنمە ھالەتتە قى-
لىۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا ئۇختۇرۇشقا تىرىشقان ئىدىم.
لېكىن، شۇ چاغدىكى مەن بىر كىتابى ئىدىم. شۇڭا، بۇ
كىتابلاردىكى بىلىملەر ھەربىر ئادەمنىڭ تالانت تەدقىلىنى-
شىدە كەم بولسا بولمايدىغان تولۇقلىما بولسىمۇ، بۇلار
خۇددى ماڭا ئوخشاش ھەركىم ئۆز ئالدىغا ئاڭلىغان، ئوقۇ-
غان ۋە تورمۇش تەجرىبىسىدە يەكۈنلىگەن بىلىملىرىنى
تولۇقلاش خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ھەربىر ئادەم ئۈچۈن
ئۆز دىلىدىن ئويغىنىش يوللىرى، ماھارەتلىرى كۆرسى-
تىلمىگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈك تەبىر ياكى باش-
قىلارغا دەپ بېرىدىغان قائىدىلەرگە ئايلىنىپ قالاتتى. مەن
بۇ قېتىمقى نەزەرىيەۋى تەتقىق تەدبىقلىرىمدە ئۆزۈم كىتا-
بى توختىغان بوچەكتىن ھالقىمىغاندا ئەشۇ تەقلىتچىلەر-
دەك غاپىل تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمنى بىلدىمدىكى، «مەن
ئۆزۈمنىڭ ئىچىدىن زادى نېمىنى تاپتىم ۋە ئۇنى جەمئىيەت
ئۈچۈن تەقدىم قىلدىم؟» دېگەن سوئال نەزەرىدە ئىلگىرى-
لىدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىمنى
ئېيتسام، زاھىرەن بىلىملەر بىلەن ئۆزۈمنى مەنىۋى باي
چاغلىغان ئويلىرىمدىن ئازاد بولۇش يولىدا كېتىۋاتىمەن،
يەنى مەن ھازىر سىزگە ئۆز تەجرىبەمدە ئۆزۈمگە ئۆزلۈك
قىلىۋالغان «بىلىم قەپەزلىرى» ئىچىدىن چىقىقاندىن كې-

www.uyghurkitap.com

يىنكى قاراشلىرىمنى بايان قىلىۋاتىمەن. شۇڭا، ئۆزۈمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سىزگە ئۆگلۈكنىڭ ساختا ئۆزلۈك (زاھىرەن تۇرمۇش بىلەن يۇرەك مەزگۇسى ياكى تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن ئىچىدىكى دۇنياسىدىكى مەنىۋىلىك بۆلۈنۈپ كەتكەن ئەھۋال) دىن چىقىپ ياراتقۇچىغا زەررىۋى قوشۇلۇپ كېتىش ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلىمەن.

ئۆگلۈكنىڭ بۇ ئۇسۇلىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ھۆرلىكىگە ئىرشادلىق قىلغان ئەۋلىيائى ئەئزەملەر قولغا كەلتۈرگەن «فانا» غا ئوخشاش تارىخىي ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ كۈنىمىزدىكى ئىلمىيلاشقان شەكىللىرى بىرلەشكەن بولۇپ، ئومۇمەن ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن دور ئىزدەش (ھەقىقىي مەنانى تېپىش) ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى، ھازىر بىز تونۇۋاتقان ئەقىل ھۆرلۈكىدە مۇھىم نۇقتا ھەركىمنىڭ بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبىسىدىن ئالغان سەزگۈدە، تەجرىبىلىرىدە بولۇپ، ساماۋى ۋە پەننىي بىلىملەر كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنلارنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئەقىل تەرەققىياتىغا «ھە، مۇنداق ئىكەن-دە» دېگەن بىر يېڭى تۇيغۇ - زېرەكلىكنى ئاتا قىلالمايدۇ.

بۇنى ئادەمنىڭ يارالمىش ئەمەلىيىتىدىن چۈشەنسەك ئەھۋال شۇكى، «ئالدى بىلەن ئادەم ساپ ئەقىل تەرىپىدىكى مەلەكلەر ۋە ياكى ئەقىلنى تەرك ئەتكەن ھايۋانلار قاتارى يارىتىلماستىن، بۇ ئىككىسى ئارىسىدا يارىتىلغان ۋە ئىچكى دۇنياسىدىكى مەنىۋى كۈرەش ئارقىلىق ھايۋانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغاندۇر.

ئالايلۇق، يارىتىلغانلار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى، مەلەكلەر. بۇلار ساپ ئەقىلدۇر. ئىبادەت، قۇللۇق ۋە زىكىر تەبىئەتلىرىدە بار. مەلەكلەر شۇلار ئاساسىغا ياشايدۇ، گويا بېلىقتەك. بېلىقنىڭ تىرىكلىكى سۇدىن، ياتىقى — سۇ، مەلەكلەر شەھۋەتتىن يىراقتۇر. شەھۋەت بىلەن مەشغۇل بولماسلىق، نەپس ئىستەكلىرىنى ئادا ئەتمەسلىك، بۇلارنىڭ بارچىسىدىن پاكىز بولماقلىق — بۈيۈك بىر دۆلەت! شۇنداق ئىكەن، مەلەكلەر ئۈچۈن ئۆز تەبىئەتلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇجاھەدە (كۈرەش) بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار ئىبادەتلىرىنى ئىبادەت ھېسابلىمايدۇ، چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ يارىتىلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتىدۇر ۋە ئىبادەتسىز ياشىيالمايدۇ.

ئىككىنچىسى: ھايۋانلار. بۇلار نوقۇل شەھۋەتتىن ئىبارەت. ئۇلارنى يامانلىقتىن قايتۇرغۇچى ئەقىللىرىمۇ يوق.

ئۈچىنچىسى: ئەقىل ۋە شەھۋەتتىن تەشكىل تاپقان زاۋاللىق ئىنساندۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسان ئۈچۈن تەكلىپ بار (بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا تاللاش ئىمكانى بار)، ھايۋان ۋە مەلەكلەر ئۈچۈن بۇ ئىستىسنا ئىدى. دېمەك، ئىنساننىڭ يېرىمى شەھۋەت، يېرىمى ھايۋان، يېرىمى يىلان، يېرىمى بېلىق. بېلىق قىسمى ئۇنى سۇغا تارتسا، يىلان قىسمى تۇپراققا سۆرەيدۇ. ئەنە شۇ تەرزدە (ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا-ئا) دائىم جەڭ بولۇپ تۇرىدۇ. «ئەقلىي شەھۋىتىدىن ئۈستۈن كەلگەن كىشى مەلەكلەردىن ئەۋزەل، شەھۋىتى ئەقلىدىن غالىب چىققان كىشى بولسا ھايۋاندىن تۆۋەن، دۇر. (ھەدىس). يەنى (مەلەك بىلىمى بىلەن، ھايۋان بىلىمسىزلىكى بىلەن قۇتۇلىدۇ. ئادەم بولسا شۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا ئاراسەتتە قالىدۇ). بۇنى بىلىپ ئويغانغان بەزى ئىنسانلار ئەقلىگە شۇ قەدەر ئەگەشتىكى، نەتىجىدە پۈتۈنلەي مەلەكلەشتى، نۇر بولدى. بۇلار ئەنبىيا ۋە ئەۋلىيالاردۇر»[18].

دېمەك، ئادەم تەبىئىتىدە مەلەكلەردىن ئۈستۈن ھالغا كېلىش بىلەن ھايۋاندىن تۆۋەن ھالغا چۈشۈپ كېتىش ئىمكانى بولۇپلا قالماي يەنە، شۇنداق ئىمكان ھەربىر ئادەمدە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم جەزمەن شۇنداق يارالمىشنى ئۆز تېنىدىن سىناق قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ۋە ئىمكانىنى سەرپلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنداق تەجرىبىدە بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئىمكانى يوق. گەرچە ئەقىللىق بىر ئادەم ئۆزى ھاسىل قىلغان تەجرىبىلىرى ئاساسىدا يەنە بىر ئادەمگە ئۇستازلىق قىلسىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بولۇپ بېرىشكە ئىمكانسىزدۇر. شۇڭا، تەڭرىلىك تەقدىر ئۇنىڭغا ئېيتىدۇكى: «سەن بۇ ئىشنى ئۆز كۈچۈڭ بىلەن ئادا ئەتمەكچى بولغانىدىڭ (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدە تۇرۇۋاتقان مەنانى تاپماقچى بولغان ئىدىڭ - ئا) [19] بۇ مېنىڭ بىر قائىدەمدۇر، يەنى سەن بىزنىڭ بەخشىدىمىزگە (ئاتا قىلغانلىرىمىزغا) يېتىشىش ئۈچۈن (ئىلاھى لايىھەلەشتە ساڭا كۆمۈلگەن مەلەكلىك خۇسۇسىيەتنى ئۆزۈڭدە يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن - ئا) بارلىق ۋە يوقۇڭنى يولىمىزدا پىدا قىلمىقىڭ كېرەك. سېنىڭ بۇ تۈگىمەس يولنى زەئىپ پۇتلىرىڭ بىلەن تۈگىتەلمەسلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈرۈشنى ئەمىر ئەتمەكتىمىز. سەن ھەتتا يۈزمىڭ يىلدىمۇ بۇ يولنىڭ بىر مەنزىلىگە يېتەلمەيسەن»[20]. لېكىن، يارالمىشىڭدا ساڭا نېسىپ ئېتىلگەن ئەقلىڭنىڭ دۇرلىرى سېنىڭ كۆزىتىش ئويغاقلىقىڭ بىلەن سېنى تېگىشلىك مەنزىلگە ئېلىپ بېرىش ئىمكانى مەۋجۇت. ئەنبىيا - ئەۋلىيالار شۇنداق ئىمكانلارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىدۇر. بۇ سەندىن ھەتتا ساماۋى كىتابلارنىمۇ تەجرىبەڭدىن ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەندە «ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە ئەمەلدۇر» كى، كىتابنى ۋاراقلاپ يۈرۈپ ئۆتۈپ كەتسەك، خۇددى بىلىمدە دوكتورلۇققا يېتىپ بارغان مېدىتسىنا ئوقۇغۇچىسىمۇ پىراكتىكا قىلمىسا دوختۇرلۇق قىلالمىغاندەك ئىش بولىدۇ، ئۇنداقتا سېنىڭ بۇ ئىشتا ئۆگلۈك تۇرۇمىغا يېتىپ كېلىدىغان «بۇ ئەمەل نېمىدىن ئىبارەت، ناماز ۋە روزىمۇ؟ بۇلار ئەمەلنىڭ سۈرىتى (شەكلى) دۇر. ئەمەل - ئىچكىرىدىكى مەنا: ئادەمدىن مۇستاپا

زامانىغىچە ناماز ۋە روزا ھازىرقى شەكىلدە ئەمەس ئىدى. ئەمما ئەمەل مەۋجۇت ئىدى. دېمەك، بۇ سۈرەت (شەكىل) ئەمەل بولامدۇ؟ ئەمەل ئىنساندىكى مەنادۇر. مەسىلەن: سەن «دورا تەسىر (ئەمەل) قىلدى» دېسەڭ، ئەمما بۇ يەردە ئەمەلنىڭ شەكلى (سۈرىتى) يوق. بۇ بار - يوقى شۇ گەپتىكى مەنادۇر. «مانا بۇ ئادەم پالانى شەھەرنىڭ ئەڭ كۆپ ئەمەل قىلغۇچىسى» دېگەندە ئۇنىڭ سۈرىتى ئەمەس، بەلكى ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دېمەك، ئەمەل خەلقنىڭ ئۇنىڭدىن چۈشەنگەن نەرسىسى ئەمەس (بەلكى ئۇنىڭدىكى خەلقنى ساۋاپلىنىقا قوزغايدىغان يېڭى ئەقىلدۇر - ئا)، خەلق زاھىرەن كۆرۈنگەن نەرسىنى ئەمەل، دەپ چۈشىنىدۇ. (بۇنداقتا) ئىچى باشقايۇ، تېشى باشقا بولغان ئادەم ئەمەلىنىڭ كۆرۈنۈشىنى بەجا كەلتۈرسە بۇنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولامدۇ؟ (بولمايدۇ!) چۈنكى ئۇنىڭدا باغلانغانلىق، توغرىلىق ۋە ئەشەنچنىڭ مەناسى يوقتۇر»[21].

دېمەك، سەندىكى مەنا ئۆزۈڭنىڭ بىۋاسىتە ئەقلى ئارقىلىق قەلبىڭدە ئىمان كەبى ھاسىل بولغان يېڭى سەزگۈ (تۇيغۇ) كى، بۇ ئەمەل بۇ ياراتقۇچى كۈچنىڭ ئايلانمىسى بىلەن توغرا باغلانغان بولىدۇ. بۇنداق بىر ئەمەلنى بىر ئادەمگە يەنە بىر ئادەم ۋاكالىتەن ئورۇنداپ بېرىش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ يەردىكى ھالقىش ھەرگىز ئىشنى شەكلەن چۈشىنىدىغان كىشىلەر بىر ئىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغاندا ياكى كىتابىي بىلىملەرنى كۆپرەك بىلىپ ئالغاندا ۋە ياكى تالانت يۇلتۇزلىرىنى دوراپ يۈرۈپ بىرەر ئىشتا داڭ چىقارغاندا دەيدىغان «ئۈتۈق» شەكلىدىكى «ھالقىش» ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق ئاددىي ئىش ئۈستىدىكى زېرەكلىك بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق بىر ئادەم باشقا بىر ئەنبىيا، ئەۋلىيامۇ بايقىمىغان بىر زېرەكلىك — مەنا ئاساسىدىكى ھالقىشتۇر.

قىسقىسى، بۇ دورەمدىكى قەلب سەپىرىم ئاشۇنداق داۋام قىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزۈمنى چىرماپ ئالغان ئۆزلۈكنىڭ كاللامدىكى كىتابىي خاتىرىلەر، جان ساقلاش يولىدىكى تەجرىبىلەر، ھاياتلىق توغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمە يەكۈنلەر، ئۆزلۈك ھالىتىمدە پايدا ۋە شۆھرەت ئىزدەپ كېتىۋاتقانلىرىمدا ھاسىل بولغان دىل جاراھەتلىرى، بىمەنىلىك ئاسارىتىدە قىلغان ئىشلىرىمدا تارتقان دەرد - ئەلەملەردىن باشقا ئۆزلۈكلەرگە توغۇلغان ئۆچمەنلىك، جىسمانىي نەپسىمنى باشقۇرالماي يۇقتۇرۇپ ئالغان يامان ئادەتلەر ... ۋەھاكازالار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىمكى، بۇ ھالىمنى مەھەللىۋى، دىنىي، مىللىي ۋە ئىرقى ئۆگلۈكلەرگە قارىتا ئويلىغىنىمدا ھەتتا «مەنتىقى ۋە ئىلمىي بىلىش دەرىجىسىگە يەتتى»، «ئەقلى پىشتى» دېگەن ئۆزلۈكلەرنىڭمۇ يەنە بىر مۇنچە سۈبىيېكتىپ يەكۈنلەر، ئېتىقاد جەھەتتىكى چىرىشلەر، قاتماللاشقان دوگمىلارغا بوغۇلۇپ قېلىپ، «ئىلمىي تەرەققىيات» ۋە ياكى «كىرىزىستىن ئۆتۈش»، «زامانىۋىلاشتۇرۇش» دېگەنلىرىدە يەنىلا ھەقىقىي ۋە ئومۇمىي ئەقىل ھۆرلىكىگە يېتىپ بارالمىغانلىقىنى، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنىڭ يىلتىزى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزى تىكلىگەن «ئۆزلۈك» نىڭ ھېسسىي تەپەككۇر گىردابلىرىدا دەۋر قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئۇلۇغ قەلب يورۇشلىرىنى سېزەلمەيدىغان شەخسىيەت غاپىللىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئالدىم - دە: «توۋا» دېدىم. «توۋا» دېگەن بۇ ئىقرارىمدىن بىلىكىكى، مەن مۇشۇ ھالدا تاشقى ئالەمنى بىر چۈرگىلەپ كۆڭۈل خانىدانلىقىمغا قايتىپ كەلدىم - دە، دىل ئېينىكىمدە ئۆزۈمنى يېڭىدىن كۆرۈشكە باشلىدىم.

كۆڭلۈم دېدىكى: «سەن تەڭرىلىك لايىھەلەشتە يارىتىلغان يېگانە بۇ ئۇرۇقسەن، شائىرلىڭ ئوسمانجان ساۋۇت ئېيتقان «ئالمىدەك يۈرەكتە ئالمىچە تۇيغۇ» » دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنى بىلىش ۋە ئۆزۈڭدىكى يېگانە ئۇرۇقنى قەۋمىڭدىن ئىنسانلارغا كۆيۈم قىلىدىغان دىيانەتكە ئۆزگەرتىشنىڭ سەندىن تۇغۇلىدىغان ئىلىملەرنىڭ ئانىسى، سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىن دىلىڭغا، دىلىڭدىن كۆز ئالدىڭغا ئۆتۈپ تورۇۋاتقان ئۆزلۈكلەر ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى غەۋغالار دەلمۇدەل مانا مۇشۇ ئوبىيېكتىپ ھەقىقەتنى چۈشەنمەي، ئۆزلۈكتىكى سۇبىيېكتىپ دوگمىلارغا چىرمىلىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. قارا ئۇلارنى، بۇ ئۆزلۈك ئەزەلىرى ھەتتا تېرىقچىلىك پايدىسى ئۈچۈنمۇ ۋاپادارلىرىدىن كېچىدۇ، شۇ تۇپەيلى دۇنيادىكى كۆيۈم، مۇھەببەت شەپقەتلىرى ئۆچىدۇ. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭنى چۈشەن، چۈشەنگەندىمۇ ئۆزۈڭنى تولۇق بىر بىلىپ ئالغىنىڭكى، قەلب سەپىرىڭدە خاسلىقىڭنى پەرۋىشلەپ تۈرمۇشىڭنى ھاسىل قىلىۋاتقان ئېلېمېنتلارنىمۇ قويماي تەپسىرلەپ چىق، قەلب روجەكلىرىڭنىڭ پەردىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېچىۋەتكىنىكى، روھىي مەۋجۇتلۇقنىڭ مەناسى ماددىي مەۋجۇديەتتە، ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ سىرى روھىي مەۋجۇدىيەتتە ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ بەرگىدەك دەرىجىگە يەت! كۆڭلۈڭنى ھېچنەرسە تىزگىنلەپ ئالالمايدىغان دەرىجىگە يەتكى، «بۇ دىل مەن، بۇ دىل مېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىم!» دېگىن.

دىل قەسىرىمدىكى شۇ ئويلار بىلەن سۆكۈناتقا چۆشتۈم. كۆڭلۈم گويا كۆلدىكى سۇپسۈزۈك سۇ تېپتىنىچ تۇرغان ھالەتتە تىنچلىنىشقا باشلىدى. سۆكۈنات كۆپ قېتىم تەكرارلاندى، ھەر قېتىمدىكى زىكرلەردە ئۇنىڭدىكى بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان سۇنئىي نەرسىلەر ئاز - ئازدىن چېكىنىشكە باشلىدى. قەلبىمدىكى بۇنداق تازىلىنىش خۇددى سۈزۈك سۇغا تولۇپ تۇرغان ئاشۇ كۆلگە بىر دانە چېقىلدىرىغۇچ تاشنى ئاتسا، ئەركىن جىمىرلاپ توختاپ قېلىۋاتقان ھالىتىگە ئوخشايتتى. بارا - بارا ھېس قىلدىمكى، بۇ قەسىردە قۇلىقىمنىڭ ئاڭلىشىدىن چوڭقۇرراق ندالارنى ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم. بۇ ئېھتىمال قو-

www.uyghurkitap.com

لىقىم ئاڭلىغان نەرسىلەرنى دىل زىكرى قىلماي قوبۇل قىلغان ھالىتىمدىكى «ئۆزلۈك» ئەخلەتلىرىنىڭ «تۇۋا» ئىستىغپارلىرىم ئىچىدە بىر ـ بىرلەپ چېكىنىپ، قەلب قەسرىنى قۇرۇقدىلىۋاتقان چاغدىكى سەزگۈدۇر. دېمەك، كۆڭۈل خانىدانى ئۆزلۈك ئىچىدىن چىققاندا ئۇ شۇنداق قۇرۇقدىلىپ كېتىدىكەنكى، ئۇنىڭدىكى يورۇش «ئۆزلۈك» تەرتىپىدىكى خاتىرە، يەكۈن، دوگمىلاردىن چىقىپ، ھېچقانداق ئالدىن مۆلچەرى بولمىغان بىر روھىي ھالەتنى تۇرغۇزىدىكەن. بۇنداق چاغدىكى قەلب قەسرىدە بۇرۇنقى «مەنلىك» ئىنكاسلىرىدىن ھېچنېمە قالمايدىكەن. شۇڭا، كۆڭۈلگە بىر ئىلھام كەلگەن ھامان قولاقنىڭ ئاڭلاش سەزگۈلىرىدىن باشقا يەنە قولاق بىلەن ئاڭلىغىلى بولمايدىغان نىدالار يۈرەككە تايىن بولىدىكەن ـ دە، ھەرقانداق مەسىلىگە بۇرۇنقى ئەس ـ خاتىرىلەردە زادىلا يوق بىر نىزامدا جاۋاب بېرىلىدىكەن.

لېكىن، بۇ يەردىكى ئەھۋال شۇ ئىكەنكى، شۇ تېپتىنىچ تۇرغان كۆلگە ئېتىلغان تاش چۈشكەندە جىمىرلىغان ۋە قولاق ئاڭلىيالمايدىغان، ئەمما يۈرەك ئاڭلىغان بۇ نىدا شۇنداق تېزلىكتە كۆڭۈلدىن ئۆچىدىكەنكى، شۇ دەقىقە بىزگە شىۋەقەترە بولۇپ قالىدىكەن. نېمە ئۈچۈن؟ كۆڭۈل شەرقتىن غەربكە، غەربتىن شەرققە بىردەمدە بېرىپ كېلىدىغان چاپارمەن بولغاچقا، دەرمەھەللىك بۇ خىيال «لىپ» قىلىپلا ئۈچۈپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلنى تەكرار تىندۇرۇش، ئۆپكىنى ئەركىن ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ راھەتلەندۈرگەندەك، كۆڭۈلنى ئەركىن تەپەككۇر قىلىدىغان مۇھىتلارغا ئىگە قىلىش، بۇ ئارقىلىق كۆڭۈلدە كۆرۈلگەن ئۆزلۈك ئەخلەتلىرى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىكنى ۋاقتى ـ سائىتىدە نېرى قىلىش دەرىجىسىگە يەتكىچە مەشىق قىلدۇرۇش لازىم ئىكەن.

چۈنكى، بىزنىڭ «ئۆزلۈك» چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئاشۇ چاغلىرىمىز ئاللاقانداق تىزگىنلەر بىلەن يۈرىكىمىزنى ئاسارەتلەپ كەتكەن بولۇپ، ئەگەر بىز شۇ چاغدىكى ئاسارەتلەرنى ھېسسىي ياكى كىتابىي بىلىم دېسەك، بۇ بىلىملەر بۇ پەن، ئۇ پەندىن تاكى «سەن ئۇنداق»، «مەن بۇنداق» دېگەنلەرگىچە سوزۇلۇپ تۇرسىمۇ، ھاياتلىقنى ئاشۇ بۆلەكلەر بويىچە پارچىلاپ چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ھاياتىمىزدىكى نەق مەسىلىلەرگە ھازىر جاۋاب بولمايدىكەن. سۈكۈناتتىكى يۈرەك بىز چوقۇنغان ئاشۇ بىلىمدىكى پارچە-پۇراتلارنى تاسقاپ رەتلىك بىر ھايات كارتىنىسىنى سىزىش، بىر پۈتۈنلەنگەن ھاياتلىق مەشئىلىنى تىكلەش ئۈچۈن جەزمەن شۇنداق بىر مەشىقتىن ئۆتۈش كېرەك ئىكەن. ئوخشىتىش بىلەن ئېيتساق، مەسىلەن، بىز كۆلگە كىچىكرەك بىر تاشنى ئاتايلى، سۇ يۈزىدە كىچىكرەك بىر جىمىرلاش چەمبىرى ھاسىل بولىدۇ، چوڭراقىنى ئاتساقچۇ، تېخىمۇ چوڭراق چەمبەر ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كۆل ئوتتۇرىسىدا خۇددى موتوردەك بىر كۈچ مەركىزى ئاپتوماتىك ھەرىكەت قىلسىچۇ؟ جىمىرلاشلار توختىماستىن لەرزە ئۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قىرغاققا ئۇرۇلىدۇ ـ دە، بۇنى ئۈزۈلمەس رىشتىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. دېمەك، سۈكۈتتە پىكىر تۇغمىدىغان كۆڭۈل ئەينىكى تاشقى تەسىر ياكى ئىچكى دوگمىلاردىن قۇتۇلۇپ مەشىق ئارقىلىق سۈپسۈزۈك تاۋلانغاندا، ئەنە شۇنداق لەرزە ئۇرۇپ تۇرىدىغان دولقۇنغا ئايلىنىدىكەنكى، بۇ چاغدىكى ھور ئەقىل ئادەم قولاقنى ئۆزىگە مۇسابىقە بولۇۋاتقان ئادەملەرگە دىڭلاشتىن باشقا، ھەربىر ئىشقا يۈرەكىدىن ئەقىل سوراشنى شەرت قىلىدىغان بولىدىكەن ـ دە، بۇ مەشىق ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆڭلى كەڭرىپ بارىدىكەنكى، ئاخىرى ئالەم سىغمىدىغان بولىدىكەن. ئەگەر بۇ ھالنى «مەشۇق» نى ئىزدەۋاتقان «ئاشىق» نىڭ كۆڭلى دېسەك، بۇنداق كەڭلىكنى ئىزدەپ كېتىۋاتقان كۆڭۈلدىن «مەن» لىك كۆتۈرۈلىدىكەن ـ دە، سەن مەن بولىدىكەن، مەن سەن بولىدىكەن. شۇ چاغدا ھەربىرىمىز ئاشۇ «ئاشىق» لارغا ئىزچى بولۇپ قالىدىكەنمىز. بۇ ھالدىكى ئەقىل ھۆرلىكىمىز بەلكىم داڭدار پەيلاسوپلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن. «مەشۇق» نى ئىزدەۋاتقان «ئاشىق» ئىستىغراق بولۇپ ياراتقۇچىغا قوشۇلۇشى بىلەن ئۇنىڭدىكى سىرلارنى بىر پۈتۈنلۈك ھالىتىدە تۇيغان بولسا، پەيلاسوپ ئىگىلىگەن بىلىملىرى ئارقىسىدا مەلۇم بىر نەرسىنى نەچچە قاتلامغا ئايرىپ بىلگۈچى ئىكەن. دېمەك، بۇ ئويلىرىمدا دىل ئەينىكىم ئەنە شۇنداق يورۇشقا باشلىدىكى، ھەربىر يورۇشتىكى ئىدىيىۋى ئازادلىق مېنى تەن تىۋىشلىرىدا بىلىنمىدىغان سەزگۈلەر دۇنياسىغا مەپتۇن قىلدى.

---

ئىزاھلار:

① جالالىددىن رۇمى: «ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر» شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2007 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 76 ~ 77 ـ بەتلەر.

② ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جىڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە» مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 165 ـ بەت.

③ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «فارابى شېئىرلىرىدىن نەمۇنە» دېگەن ئەسىرىدە بۇنى خۇلاسە خاراكتېرلىك بايان قىلغان. بۇ نەقىل فارابىنىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 310 ـ بەتتىن ئېلىندى.

④ ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جىڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 148 ~ 149 ـ بەتلەر.

(ئاخىرى 9 ـ بەتتە)

# مەسئۇدنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نابۇت قىلغان خاتا تاللىشى

لىيۇ شياڭخۇي  چېن ۋۇگو

مەسئۇد مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۆتكەن ئالاھىدە شەخس. ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ناھايىتى زېرەك بولۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، ئەمما قابىلىيىتىنى ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئىشلەتمەي، سىرتتىن كىرگەن «پانتۈركىزم» گە مەھلىيا بولۇپ قېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش نىيىتىدىن بىر ئۆمۈر يانمىدى. مۇشۇنداق بىر ئۆمۈر شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش كويىدا يۈرگەن ئادەم گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ھوقۇق تۇتۇپ گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. مەسئۇد شىنجاڭدا ئەزەلدىن زادىلا ۋەزىپە ئۆتەپ باقمىغان بولسىمۇ، بىراقلا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىكىگە تەيىنلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىك ئورنىغا چىقىپ، مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭدا ئەڭ ئالىي ۋەزىپە ئۆتىگەن ئۇيغۇر بولۇپ قالدى. ئەمما ئالىي ۋەزىپە ئۆتىگەن بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت ئېلىپ كەلمەي، ئەكسىچە كۆپ ساندىكى قېرىنداشلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، شىنجاڭدا تېخىمۇ چوڭقۇر سىياسىي كرىزىس پەيدا قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى گومىنداڭ پارتىيىسى بەرگەن ھوقۇقتىنمۇ ۋاز كەچتى...

مەسئۇد ئەسلىدە ئاتاقلىق دوختۇر ياكى يېتۈك ئالىم، مائارىپچى بولالايتتى. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنى قۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا ھەر مىللەت ئاممىسىغا بەخت ئاتا قىلالايتتى. ئەمما ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىش قىلالمىدى. ئۇنىڭ تىراگېدىيەلىك ھاياتىغا دەل ئۇنىڭ خاتا تاللىشى سەۋەب بولدى.

## ئۇ ئائىلە ۋە تەربىيەلىنىش مۇھىتى سەۋەبىدىن تۈيۇق يولغا كىرىپ قالدى

ئۆزگىچە ئائىلە ۋە تەربىيەلىنىش مۇھىتى مەسئۇدتا پانتۈركىزم ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى. مەسئۇد سابىرى — ئۇيغۇر، 1886 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى — باھاۋۇدۇن ھۇسەن باي ھاجىنىڭ كىچىك ئوغلى ئىدى. ھۇسەن باي شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق باي سودىگەر ۋە پومېشچىك بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە ئاتۇشلۇق كاتتا باي ئىدى. ئۇنىڭ غۇلجىدىمۇ نۇرغۇن مال - مۈلۈكى بولۇپ، بىر چوڭ دۇكان ۋە «زامانىۋى» خورۇم ئىشلەش زاۋۇتى قۇرغان ئىدى. 1908 - يىلدىن بۇرۇن ئۇنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئاتۇشتا بولۇپ، كېيىن گۈزەل شەھەر غۇلجىغا كەلدى، مال - مۈلۈكى ۋە جەمەتىنىمۇ ئاستا - ئاستا غۇلجىغا يۆتكىدى، ئائىلە ئەزالىرى ئىككى جاي ئارىسىدا قاتناپ تۇردى.

ھۇسەن باي تىجارەت بىلەن ياۋروپاغا كۆپ قېتىم بېرىپ پارىژ، بېرلىن، موسكۋا، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلارنى ئايلاندى. دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئىستانبۇلغا نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت قوزغالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى مەنبە قىلىپ تارقالغان پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئەۋج ئالغان مەزگىلدە ھۇسەن باي كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچرىغان ھەمدە پانتۈركىزمنى سىرتقا تەشۋىق قىلىشنى پائال قۇۋۋەتلىگۈچى تەشكىلات — «بىرلىككە كېلىش ۋە ئالغا بېسىش پارتىيەسى» (ياۋروپادا ياش تۈركلەر پارتىيەسى دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن) نىڭ مۇھىم خادىمى مۇھەممەد تارات بىلەن تونۇشتى. بۇ ۋاقىتتا تارات مەخسۇس «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى جان جەھلى بىلەن سىرتقا تەشۋىق قىلىدىغان بىر مەخپىي تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلىۋاتقاچقا، تەبىئىيكى ئالدىغا كەلگەن ئادەمگە تەربىغات قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيتتى. نەتىجىدە ھۇسەن باي ناھايىتى تېزلا تاراتقا ئالدىنىپ قالدى، ئۇ ئۆزى تاراتنىڭ قەلب قەسرىنىڭ مالىيى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بۇ ئىدىيەنى دۆلەت ئىچىگە تارقاتتى ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ باي سودىگەر ئاغىنىلىرىگە پائال تونۇشتۇردى، ئۇلارنى ئىستانبۇلغا باشلاپ كېلىپ تارات بىلەن كۆرۈشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى. 1913 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بەزى قەشقەرلىك ھاجىلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىن ئوبۇل ھەسەن قاتارلىقلار ھۇسەن باينىڭ يېتەكچىلىكىدە تارات بىلەن ئايرىم - ئايرىم تونۇشتى. ئەينى ۋاقىتتا تارات رەھبەرلىكىدىكى مەخپىي تەشكىلات «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسى ئۈچۈن خېرىدار ئىزلەۋاتقاچقا جۇڭگو شىنجاڭدىن كەلگەن بۇ زىيارەتچىلەرگە قىزغىن مۇئامىلىدە بولغان ئىدى.

تارات بۇلارنى ئۆزى قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنى ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈشكە ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنى بالقان ئۇرۇشىدا ئاتالمىش «تۈركلەرنى قەستەن ھالاك قىلغان دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇزلۇقى» نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خارابىلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا باشلاپ باردى ھەمدە بۇ خارابىلىكلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئۇلارغا تەلىم - تەربىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلىدى، بارلىق تۈرك تىللىق مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىشىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىپ، مىللىي ئىتتىپاق تەشكىللەپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى قۇدرەت تاپقان ۋە گۈللەنگەن ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تەشەببۇس قىلدى. نەتىجىدە بۇلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. بولۇپمۇ ھۆسەن باينىڭ ئىنىسى ھەسەن شۇ مەيداندىلا تاراتىنىڭ تەشۋىقاتىنى ماختاپ قالماستىن، بەلكى يەنە تاراتتىن تەشكىلاتىدىن مەخسۇس خادىم ئاجرىتىپ يىراق جۇڭگو شىنجاڭدا مەكتەپ ئېچىش، دەرس ئۆتۈش تەلىپى ۋە ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تالات تەربىغاتىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، نەق مەيداندا ئىپادە بىلدۈرۈپ، «ياش تۈركلەر پارتىيەسى» دە خىزمەت قىلىۋاتقان «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» تەرغىباتچىلىرىدىن ئەھمەت كامالنى جۇڭگو شىنجاڭدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

كامال شىنجاڭغا كەلگەندە مەسئۇدنىڭ دادىسى، ھۆسەن باينىڭ ئىنىسى باھاۋۇدۇن باينىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى باي سودىگەرلەر بىلەن پائال ئالاقىلاشتى، باي سودىگەرلەر پۇل - پىچەك ۋە نەرسە - كېرەك چىقىرىپ، قەشقەردە مەكتەپ قۇرۇشنى باشلىدى، كامال ئوقۇتۇش داۋامىدا يەرلىك مۇسۇلمان باللارغا ئوسمان تۈركلىرى خەلىپەسىنى مەنىۋى ئاتا قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھۆسەن باي جەمەتى «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى شىنجاڭغا تارقاتقان. مەسئۇد مۇشۇنداق بىر جەمەت ئىچىدە چوڭ بولغان ئىدى.

مەسئۇدنىڭ ئائىلىسى باي بولغاچقا، جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى چەتئەلدە ئوقۇدى ۋە تىجارەت قىلدى، ياۋروپا، ئاسىيالارغا باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا تەبىئىيلا مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئەنئەنە شەكىللەندى. ئۇلار 1904 - يىلى 18 ياشقا كىرگەن مەسئۇدنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شىنجاڭنىڭ دىنى ۋە سودا ساھەسىدىكى يۇقىرى تەبىقە زاتلىرى ئىنتىلىدىغان ئوسمان تۈركلىرىنىڭ پايتەختى ئىستانبۇلغا ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەردى.

مەسئۇد ئاۋۋال ئىستانبۇلدىكى مەدھىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇدى. بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوفىتسېرلار مەكتىپىنىڭ مەخسۇس سىنىپىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن ئالىي دەرىجىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومى بىلەن ئىمتىھان ئارقىلىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىردى. 2 - مەۋسۇملۇك ئوقۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتى تىببىي ئىنستىتۇتىنىڭ ئىمتىھانىغا تىزىملىتىپ، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ئىلىم بويىچە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەسئۇد ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي پەنلەر فاكۇلتېتىنىڭ دىپلومىنى ئالدى. كېيىن تۆت يېرىم يىل تىرىشىپ ئوقۇش ئارقىلىق ھەيدەر پاشا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، تىببىي پەنلەر بويىچە دىپلوم ئالدى. تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە مەسئۇد ئىنتايىن تىرىشىپ ئوقۇدى، يەنە كېلىپ ئۇ زېھنى ئۆتكۈر بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا ناھايىتى ئوڭايلا ئىككى خىل پەندە ئوقۇپ، مەكتەپ ئۇنىڭغا «ئەخلاق ۋە ئۆگىنىشتە مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى» دەپ نام بەردى. بۇ ۋاقىتتا مەسئۇد 29 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇۋاتقىنىغا توپ - توغرا 11 يىل بولغان ئىدى.

مەسئۇد ئىستانبۇلدا ئوقۇغان مەزگىل دەل ياۋروپالىقلار «قانخور سۇلتان» دەپ نام بەرگەن ئابدۇللا ھەمىد ① ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەر ئىدى. ھەمىد II زاۋاللىقتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن 19 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ پانئىسلامىزمنى تەرغىپ قىلىپ، ئۆزى قوشۇمچە ئۆتۈۋاتقان دىنىي ۋەزىپە — خەلىپىنىڭ تەسىرىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ «ھۆكۈمرانلىق بوشلۇقى» نى تولدۇرۇش خىيالىدا بولدى. ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن دۆلەت ئىچىدە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، ھەدەپ «پانئىسلامىزم» تەسىرىنى كېڭەيتىپ، غەيرى ئىسلام مىللەتلىرىنى ۋەھشىيلەرچە قىردى. پەقەت 1894 - يىلىلا 60 مىڭدىن ئارتۇق خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرمېنىيەلىك ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق كەنت كۆيدۈرۈلۈپ دۆلەت ئىچىدە قورقۇنچلۇق ۋەھىمە پەيدا قىلدى.

1909 - يىلى «ياش تۈرك پارتىيەسى» ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققتى، مەزكۇر تەشكىلاتتىكى تەدبىرچى ئەنۋەل «پانتۈركىزم» نى دۆلەت سىياسىتى سۈپىتىدە يولغا قويۇپ، ئاسىيانى تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى. بىر مەزگىل ئىمپېرىيە دائىرىسىدە پانتۈركىزمنى تەرغىب قىلىدىغان گېزىت، ژۇرنال، كىتابلار يامراپ، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. بۇ تەشۋىقات بويۇملىرىدا شىنجاڭنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىيالىدىكى تەسىر كۈچ دائىرىسىگە كىرگۈزدى. ئۇلار بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن 1 - دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بو-

لۆپ، گېرمانىيەنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ پانتۈركىزمنى كېڭەيتتى. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئوسمان ئىمپېرىيەسى رۇسىيە بىلەن ئۇرۇشۇشتىن ساقلىنالمىدى. «ياش تۈرك پارتىيەسى» نىڭ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش ھەرىكىتىمۇ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. 1915 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيەسى دائىرىسىدىكى 1 مىليوندىن ئارتۇق خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئەرمېنىيەلىك ئارمىيە ۋە ساقچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، خانىۋەيران بولىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ، دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئەرمېنىيە پاجىئەسى» يۈز بەردى.

مەسئۇد ئىستانبۇلدا 11 يىل ئوقۇش داۋامىدا، ئاۋۋال پانئىسلامىزم تەربىيەسى ئالدى، كېيىن پانتۈركىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئەمما مەيلى پانئىسلامىزم بولسۇن ياكى پانتۈركىزم بولسۇن، ئۇلارنىڭ مەقسىتى تۈركلەردىن تەشكىللەنگەن ئىسلام ئىمپېرىيەسى قۇرۇش ئىدى. ئائىلە تەسىرى تۈپەيلىدىن ئەينى چاغدىكى كۈچلۈك ئېقىم پانتۈركىزمنى ئاسانلا قوبۇل قىلدى. كەسپى ئۆگىنىشىدىن باشقا چاغلاردا پۈتۈن زېھنىنى بۇ ئېقىمنى قوبۇل قىلىش ۋە ھەزىم قىلىشقا قاراتتى. «ياش تۈرك پارتىيەسى» نىڭ پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللىرى ۋە كىتابچىلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئوقۇپ، جانلىنىۋاتقان پانتۈركىزم تەشكىلاتى ـــ «تۈرك يۇرىكى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ، پانتۈركىزمچىلار تەشكىللىگەن تۈرلۈك نۇتۇق سۆزلەش ۋە پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى، بولۇپمۇ «تۈرك يۇرىكى» ئورگىنىنىڭ نەشر ئەپكارى ـــ «تۈرك يۇرتى» غا مەھلىيا بولۇپ، ھەربىر سانىدىكى ماقالىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتى.

1913 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «ياش تۈرك پارتىيەسى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تارات جۇڭگو شىنجاڭنىڭ سودا ۋە دىنى ساھەسىدىكى زاتلىرىدىن ئوبۇل ھەسەن قاتارلىقلار ھەم ئىستانبۇلدا ئوقۇۋاتقان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەپ، ئېدىلنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىنى ۋە مىللىي ئۆچمەنلىككە قوتراتقاندا، مەسئۇدمۇ بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «پانتۈركىزم» ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە خۇدىنى يوقاتتى. ئۇ ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بۇ ئىمپېرىيەنىڭ ئىلگىرىكى سەلتەنىتىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە ئۇنىڭ گۈللىنىشىنى، تۈركى تىلدىكى مىللەتلەرنىڭ بىرلىشىپ، يوقالغان جەننىتىنىڭ قايتىدىن ئەسلىگە كېلىشىنى خام خىيال قىلدى. ئوسمان تۈركلىرى بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلىغاندا «ياش تۈرك پارتىيەسى» ئۇرۇشۇش تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ، ئۇرۇش ئېلان قىلىش مىللىتىمىزنىڭ غايىسىنى ئىپادىلەيدى، ئىمپېرىيە ئۈچۈن مۇۋاپىق چېگرىغا ئېرىشىش، چېگرا دائىرىسىدە ئۇلارنىڭ ئىرقىدىكى بارلىق قوۋملارنىڭ بارلىق تارماقلىرىنى سىغدۇرۇش ئۈچۈن رۇسىيەدىن ئىبارەت دۈشمەننى ھالاك قىلىش لازىم دەپ داۋراڭ سالدى. مەسئۇد بۇ داۋراڭلارنى ئالقىشلاپ قۇۋۋەتلىدى. ئىلگىرى ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «خەلىپىسى» دەۋالغان نەيرەڭۋاز ـــ ھەمىدى II گە چوقۇنغان بولسا، ئەمدىلىكتە «ياش تۈركلەر پارتىيەسى» نىڭ تەدبىرچىسى ئەنۋەرغا باش قويدى، ئۇ چاغدا ئۇ ئۆز ۋەتىنىنى ئاساسەن ئۇنتۇپ قالغان بولۇپ، ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، ئۆزىنى بۈيۈك تۈرك ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇشقا بېغىشلىدى. ئۇنىڭ رۇسىيەگە بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ مۇشۇ چاغدا بىخلانغان بولۇپ، كېيىن بۇ ئۆچمەنلىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئۆچ بولۇشقا ئۆزگەردى.

## يۇرتىغا قىلغان سوۋغا ـــ «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» نى بازارغا سېلىش

1915 ـ يىلى ئىككى خىل دىپلومغا ئېرىشكەن مەسئۇد يۇرتىغا قايتىشقا تەييارلىق قىلدى. 18 ياشتىن 29 ياشقىچە بولۇپ 11 يىل ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئوقۇش مەسئۇدنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىلا ئەمەس، بەلكى ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان بىر تامغا بېسىلدى، ئۇنىڭدا ھوقۇققا ئىنتىلىش ۋە سىياسىي قارا نىيىتى يېتىلگەن ئىدى. ئۇ ئوقۇغانلىرى بويىچە تۈركىيەدە قېلىپ بىر ياخشى خىزمەتكە تامامەن ئېرىشەلەيتتى. ھېسسىيات جەھەتتىن ئالغاندىمۇ ئۇ بۇ دۆلەت، بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى، ئەمما ئۇ يەنىلا يۇرتىغا قايتىشنى قارار قىلدى. ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ پاك زېمىنغا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئۇرۇقىنى چېچىپ، چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىش، «ياش تۈرك پارتىيەسى» دىكى داڭلىق شەخسلەردەك ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

مەسئۇد ئەسلىدە تېببىي پەن، بولۇپمۇ تېببىي ئىلىم بويىچە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىنى سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمغا ئائىت كىتاب ـ ماتېرىياللارنىمۇ كۆپ يىغدى، ئۇ بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىپ كەل-

www.uyghurkitap.com

دى.

ئەينى چاغدا مەسئۇدقا ئوخشاش چەت ئەلدە ئۇزۇن يىل ئوقۇغان بىلىملىك كىشىلەر ئىلىدا ھەقىقەتەن ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى غايەت زور داغدۇغا پەيدا قىلدى، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭدىن دوختۇرخانا ئېچىپ زامانىۋى تېببىي تېخنىكىلار بىلەن مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىستانبۇلغا ئەمدىلا بېرىپ تېببىي ئىلىملەرنى ئۆگەنگەن چاغدا مەسئۇددىمۇ ياخشى ئوقۇپ يۇرتىغا قايتىپ بىمارلارنى قۇتقۇزۇش ئارزۇسى بار ئىدى، ئەمما «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئىدىيەسى ۋە چەت ئەلگە چىققان چاغدىكى دەسلەپكى ئۈمىدى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» نى تارقىتىش ئارقىلىق تارىختا غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەن ئوسمان ئىمپېرىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خام خىيالى چىرمىۋالغان بولۇپ، ئۇ يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن دوختۇرخانا ئېچىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مەكتەپ ئېچىشقا ئورۇندى . ئۇ «ياش تۈرك پارتىيەسى» نىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا ئوخشاش مائارىپ ئارقىلىق پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى.

1915 - يىلى شىنجاڭدىكى قالايمىقانچىلىق بېسىققان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تۇتۇقى بولۇپ تۇرىۋاتقان ياڭ زېڭشىن پۈتكۈل جۇڭگو ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىدە، شىنجاڭدا مائارىپنى تەرتىپكە سېلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. شۇڭا مەسئۇدنىڭ مەكتەپ ئېچىش ئىلتىماسىنى يەرلىك ھۆكۈمەت ناھايىتى تېزلا تەستىقلىدى. بۇ چاغدىكى ئىلىدا نۇرغۇن تۈركىيەلىك مۇھاجىرلار ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ مالىيە جەھەتتىن قوللىشى بىلەن مەسئۇد بەزى تۈركىيەلىكلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تولۇقلاپ بىرلىكتە «تۇران مەكتىپى» ② نى ئاچتى. مەكتەپنىڭ ئىسمىدىنلا مەسئۇدنىڭ نېمىگە تىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى، ئەمما ئۇ بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەكتەپ ئېچىشتىكى مەقسىتىنىڭ زامانىۋى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يۇرتداشلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلدى. «مىللىي مائارىپنى گۈللەندۈرۈش» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىش ھەم بازارغا سېلىش مەسئۇدنىڭ ئانا يۇرتىغا قىلغان «سوۋغىسى» بولدى.

«تۇران مەكتىپى» گەرچە ئۆزىنى زامانىۋى مائارىپ دەپ پەش قىلغان بولسىمۇ، ئەمما تەسىس قىلغان دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە زامانىۋى ئىلىم - پەنگە ئائىت مەزمۇنلار كۆپ بولماستىن، پانئىسلامىزم، پانتۈركىزم تەشۋىقاتى ئاساسلىق دەرس مەزمۇنى قىلىنغانىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدىغان ۋە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدىغان مۇنبەر ھەم بازا بولۇپ قالدى. ئوسمان تۈركلىرى ھاكىمىيىتى مەزگىلىدىكى مەيلى ھەمىد II بولسۇن ياكى «ياش تۈرك پارتىيەسى» بولسۇن ھەممىسى تۈرك تىلىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى قانۇن - نىزاملارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەتنىڭ ھۆكۈمەت تىلى — تۈرك تىلىنى بىلىش ھۆكۈمەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىندى؛ ئاۋام پالاتاسىدا مۇزاكىرىلەشكەندە چوقۇم تۈركىي تىلىنى ئىشلىتىش، بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تۈرك تىلىنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىش بەلگىلەنگەنىدى. مەسئۇد بۇ ماددىلارنى پىششىق بىلەتتى. پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىش ئىدىيەسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەكتىپىدىمۇ تۈرك تىلىنى زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ بېكىتتى. مەسئۇدنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئارقىسىدا ئىلىدە ناھايىتى تېزلا مەسئۇدنى مەركەز قىلغان پانتۈركىزم تەشكىلاتى شەكىللەندى. مەسئۇد بۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماي يەنە ئائىلىسىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تۈركىيەلىك ئەخمەت كامال بىلەن بىرلىشىپ، يىراقتا تۇرۇپ ماسلىشىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «ئەجدادىمىز — تۈرك، ۋەتىنىمىز — تۈركىستان» دەپ ئاشكارا تەشۋىق قىلدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا يامراپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە ئەخمەت كامال ئۆزى كۆچ چىقىرىپ ئىستانبۇلدىن ئاتايىتەن بىر يۈرۈش باسما زاۋۇتى ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشلۇق ماتېرىياللىرى ۋە «بۈيۈك دىن» قاتارلىق ژۇرناللارنى باستۇردى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش داۋامىدا سۇلتان ئوسماننى داھىي قىلىش ئىدىيەسىنى قايتا - قايتا سىڭدۈرۈپ، تۈركىيە ناخشىسىنى ئۆگەتتى.

كامال، مەسئۇدلار تارقاتقان بىر يۈرۈش سىياسىي ئىدىيەلەر دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، شىنجاڭدىكى ياشلارنى ئۆز دۆلىتى، ئۆز مىللىتىگە ئاسىيلىق قىلىشقا قۇتراتتى. ئۇ مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قالپاق قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەكتەپ ئېچىشنى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىدىغان ۋاستە قىلدى.

يېڭىچە مەكتەپ ئېچىش شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق

پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيەسىنى تارقىتىش ئالدى بىلەن مۇتەئەسسىپ ئىدىيە ئەنئەنىسىگە ئىگە ئۇيغۇر مۆتىۋەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار مەكتەپتە تەسىس قىلىنغان تارىخ، جۇغراپىيە، تۈرك تىلى دەرسلىكلىرىگە، تۈرك ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا ۋە غەربچە كىيىنىشكە قارشى تۇرۇپ، مەكتەپنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ مەكتەپكە بېسىم چۈشۈرۈپ، ئۆلكە تۇتىقى ياڭ زېڭشىنغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىش بىلەن بىر چاغدا يەنە رۇسىيەنىڭ باش كونسۇلى ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇمات يوللىدى.

ياڭ زېڭشىن بۇ مەسىلىنى دەسلەپتە رۇسىيە كونسۇلىنىڭ بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن مەلۇماتى ئايلىنىپ قولىغا تەگكەندە چۈشەندى. كېيىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى يەرلىك خەلقنىڭ مەلۇماتلىرىنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تاپشۇرۇۋالدى. ياڭ زېڭشىن تەكشۈرۈپ سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق: ھازىر ياۋروپادا ئۇرۇش بولىۋاتىدۇ، بۇ تۈركىيەلىكلەرمۇ ئۇرۇشقا باغلىنىپ قالدى، ئەگەر ئۇنىڭ قاتتىق ئالدى ئېلىنمىسا، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنى دىن ئارقىلىق بىخۇتلاشتۇرمىسا تۇتۇپ تۇرماق قىيىن. تاشقى ئىشلار تۇسقۇنلۇققا ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىچىدىمۇ يوشۇرۇن خەۋپتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەكتەپنى تاقاپ ئالاقىدار خادىملارنى قاتتىق جازالىدى. ھەتتا بەزىلىرىگە پالاق بىلەن ئۇرۇش جازاسى بېرىلدى. كامال قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر قاماققا ئېلىنىپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. مەسئۇدقا نىسبەتەن ياڭ زېڭشىن «تۇران مەكتىپى» نىڭ تەربىيە مەزمۇنلىرى پۇقرالارغا زىيان يەتكۈزىدۇ دەپ قاراپ، تاقىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. 1917 - يىلى مەسئۇدنىڭ مەكتىپى پېچەتلەندى، ئەمما مەسئۇد جازالانمىدى. كېيىن شىنجاڭدىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن ياڭ زېڭشىنغا خەت يېزىپ مەكتەپنى تاقىۋېتىش پاراكەندىچىلىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كىرىزىسنى پەسەيتىش ئۈچۈن شەخسىي مەكتەپلەرنى تاقاش بۇيرۇقى ئاستا - ئاستا بىكار قىلىنىدى. ئەمما مەكتەپلەردە تۈركىيەگە سادىق بولۇش خاراكتېرىدىكى ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەتلەر كۆرۈلمەسلىك، چوقۇم خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىش ئېنىق بەلگىلەندى.

ئەسلىدە مەسئۇد ئاچقان مەكتىپىگە زور ئىشەنچ باغلاپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مۆجىزە يارىتىشنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. ئەمما ئىككى يىلدىن ئارتۇق كۈچىگەن بولسىمۇ مۆجىزە يارىتالمايلا قالماي، ئەكسىچە مەكتەپ تاقالدى. ئۆزىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ تەنبىھىگە ئۇچرىدى. ئۇ روھى چۈشكۈن ھالدا ئىختىيارسىز دوختۇرخانا ئېچىش نىيىتىگە كېلىپ، نەچچە يىل قېتىرقىنىپ تېبابەت ئىلمىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى، بۇ ساھەدە بىلىمىنىڭ موللىقىنى، مەكتەپ ئاچىمەن دەپ ئىگىلىگەن تېبابەت بىلىملىرىنى ئىشلەتمىگەنلىكىنى ئويلاپ، مەكتەپ تاقالسا نېمىشقا كونا كەسپىم بىلەن شۇغۇللانمايمەن، بۇ ئاسان ئىش بولسىمۇ ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىدۇ ئەمەسمۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ھەمدە بۇ نىيەت بىلەن تېز ھەرىكەتلەندى. ئۇنىڭ مال - مۈلۈكى كۆپ بولغاچقا مەبلەغتىن ئەنسىرىمەيتتى. شۇڭا تېزلا تۈركىيەدىن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە دورا كىرگۈزۈپ، زېرەك ياشلارنى ياردەمچىلىككە تەربىيەلىدى. دوختۇرخانىنى تېزدىن ئىشقا كىرگۈزۈپ، «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دەپ نام قويدى. بۇ غۇلجا شەھىرى بويىچە تۇنجى قېتىم غەربنىڭ تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەن مۇنتىزىم دوختۇرخانا ئىدى. بۇ دوختۇرخانا تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن چەت رايونلاردىكى كىشىلەر پىچاق، قايچا، يىڭنە، ئامبۇر ۋە تىڭشىغۇچ، ئىشپىرىس قاتارلىق بىر مۇنچە ئەسۋابلارنى كۆرۈپ بەدىنىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ كۆپىنچىسى ئەيمىنىپ يۈردى. مەسئۇد بىر نەچچە بىمارنى ئالاھىدە داۋالاپ داۋالاش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاندا ئاندىن كىشىلەر بۇ دوختۇرخانىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىسى ئاۋۋال داۋالانغان بىمارلارنىڭ ئاغزىدىن تارقىلىپ ھەممىگە پۇركەتتى. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا كېلىپ داۋالىنىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىپ مەسئۇد كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر شەخسكە ئايلاندى.

بۇ يەردىكى خەنزۇلار ئەسلىدە پەقەت جۇڭگو تېبابىتى ئورۇنلىرىغا كېسەل كۆرسەتتى. بىر تەرەققىيپەرۋەر مۆتىۋەر ئۇيغۇر يۇرتداشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالتاي دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسەتكىلى بارغانلىقىنى كۆرۈپ سىناپ بېقىش پوزىتسىيەسى بىلەن داۋالانغىلى باردى. ئويلىمىغان يەردىن بىر نەچچە تال دورا يەپ، بىر نەچچە كۈن ئوكۇل ئېلىپلا ياخشى بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى بىر نەچچە مۆتىۋەرگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئاجايىپ ياخشى ئۈنۈم كۆرۈلدى. ئىلگىرى جۇڭگوچە تېبابەت دورىلىرىنى يېگەندە ئون كۈن ھەتتا يېرىم ئايغىچە دورىنىڭ مەنپەئەت قىلغان ياكى زىيان قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئەمما بېشى ئاغرىغان، بەدىنى قىزىغان ياكى قارىماققا ئىنتايىن ئېغىر كۆرۈنگەن بىمارلارنىڭ دورا يەپ ئوكۇل ئۇرۇلسىلا ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ كېسىلى ياخشىلانغان-

لىقى ھەقىقەتەن مۆجىزە ئىدى. يەنە كېلىپ مەسئۇد غەربچە داۋالاشتا مەخسۇس تەربىيەلەنگەچكە داۋالاش تېخنىكىسىدا كامالەتكە يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەنە كەسپىنى قەدىرلەش روھى بىلەن بىمارلارغا سەۋرچان، سەمىمىي پوزىتسىيەدە ئىللىق مۇئامىلە قىلغاچقا بىمارلار يېقىن دوستلىرىغا ئۇنى تونۇشتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا دوختۇرخانىنىڭ نامى پۇر كېتىپ، خەلقنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. دوختۇرخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىر نەچچە بىمارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرى بىرلىكتە دوختۇرخانىغا لەۋھە تەقدىم قىلىپ، ئۈستىگە «خەيرى ساخاۋەتچى» دېگەن خەتلەرنى يازدى. ئەينى چاغدا مەسئۇد خەنزۇچە خەت تونىمىغاچقا لەۋھە بىلەن «ئالتاي دوختۇرخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى بىرگە ئاستى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ دوختۇرخانىنى «خەير ساخاۋەت» دوختۇرخانىسى دەپ ئاتىدى ۋە قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بۇ دوختۇرخانىنىڭ نامى پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە پۇر كەتتى. قەدىمكىلەرنىڭ «ئەجىر قىلىپ تىكىلگەن گۈل ئېچىلماس، مەقسەتسىز تىكىلگەن سۆگەت سايىۋەن بولار» دېگىنىدەك مەسئۇد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مائارىپ ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ مائارىپ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ھەممىسى يوققا چىقتى. ئەمما ئەسلىدە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاچقان دوختۇرخانا ناھايىتى زور ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپ كەڭ خەلقنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ قالدى.

مەسئۇد يەنىلا تاقەتسىزلىك بىلەن مەكتەپ ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرالماي يۈردى. 1917 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىگە ئېرىشتى. سوۋېت روسىيەسىنىڭ قايتا ـ قايتا غەلىبىگە ئېرىشىشىگە ئەگىشىپ «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسى بىلەن چىقىشالمايدىغان بىر خىل ئىنقىلابىي ئىدىيە ئېقىمى شىنجاڭدا تەدرىجىي تارقىلىشقا باشلاپ، چېگرىغا جايلاشقان غۇلجىغا بارغانسېرى تەسىر كۆرسەتتى. مەسئۇد تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئوسمان تۈركلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان روسىيەگە ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. بولشېۋىكلار ھاكىمىيەت ئورنىغا چىققاندىن كېيىن ئۇ روسىيەنىڭ كوممۇنىزم نەزەرىيەسى ۋە ئىنقىلابىغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولدى. بولۇپمۇ ئۇنى تېخىمۇ بىئارام قىلغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كوممۇنىزم پرىنسىپى بويىچە «يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى» ③ نى يولغا قويۇش ئىدى. بۇ خىل يېڭى ئىدىيەنىڭ شىنجاڭدىكى يەرلىك مۇسۇلمانلارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇد يەنە مەبلەغ چىقىرىپ تۆت ئورۇندا «دەرنەك» ④ ئېچىپ، پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تارقىتىش ئارقىلىق سوۋېتنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ تەسىرىنى توسۇشنى سىناپ باقماقچى بولدى.

ياڭ زېڭشىن ھەممە ھوقۇقنى قولىغا ئېلىۋالغان مۇستەبىت، يەنە كېلىپ خۇسۇسىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن گىجىڭ ئادەم بولۇپ، شىنجاڭنى ئالىقىنىغا ئېلىۋالغىنىغا شۈكرى قىلاتتى. ئۇ ئادەم بولغاچقا بارلىق يېڭى ئىدىيەلەرنى چەتكە قاقاتتى. شۇڭا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنقىلاب دولقۇنىغا باشتىن ـ ئاخىر ئۆچمەنلىك قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ كەلدى. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەسئۇد بىلەن بىرلىككە كېلەلەيتتى، ئەمما دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ئۇ يەنىلا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىگە سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ پانئىسلامىزمنىڭ ئىتتىپاق دۆلەت قۇرۇش سەپسەتىسىدە باشقا مەقسەت بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى «چوڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش» ئارقىلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ياۋروپا، ئاسىيادىكى ئىسلام ئەللىرىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت «چوڭ ئىتتىپاقداش قۇرۇش» تەشەببۇسى يەرلىكنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە شىنجاڭنىڭ بىرلىكىگە چوڭ تەھدىت، شۇڭا مەسئۇد ئاچقان مەكتەپنى قەتئىي تاقىۋېتىش كېرەك دەپ قارىدى.

مەسئۇد ئىنتايىن جاھىللىق بىلەن ئىككى قېتىم مەكتەپ ئېچىپ ھەر ئىككىلىسى تاقىۋېتىلگەن ھالەتتىمۇ يەنە نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي دوختۇرخانا ئېچىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سەۋرچانلىق بىلەن مەكتەپ ئېچىش پۇرسىتىنى ئىزلىدى. ئۇ دوختۇرخانا ئېچىش جەريانىدا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسى تەشۋىقاتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1924 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئاستا ـ ئاستا مۇقىملاشتى. مەسئۇد دولقۇنلار ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراپ غۇلجىدا يەنە قايتىدىن مەكتەپ ئېچىپ، ئوخشاش يولدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى جېنىنىڭ بارىچە تارقاتتى. ئۇلار «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيىۋى ئېقىمىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى تۇرۇپ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەن دۆلەتلەرنىڭ ئىبارىلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىق دەپ قاراپ، جۇڭگو مۇستەملىكە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش باياناتىنى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنى ۋە-

تىنىمسىزنىڭ تېررىتورىيەسىدىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولدى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەھۋاللار ئۆلكىگە يەتكۈزۈلدى، يالڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق بۇ ئىشتىن ۋاقىپلىنىپ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۆزىنى چاپان كىيگەن بۇ ئادەم چەكلەش بۇيرۇقىغا ئارقا - ئارقىدىن خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى نېمىدۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا كۇچادىكى مەمەتئېلىخانىنىڭ دىن ۋە مىللەت ئۇقۇمىدىن پايدىلىنىپ، شوئار توۋلاپ توپىلاڭغا قوترىتىش ھەرىكىتى يالڭ زېڭشىن تەرىپىدىن باستۇرۇلغانىدى. سەزگۈر مەزگىلدە تۇرىۋاتقان يالڭ زېڭشىن مەسئۇدنىڭمۇ مەكتەپتە مۇنبەردىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ئويلىدى ۋە مەسئۇدنى دەرھال قولغا ئېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئۆلكىگە يالاپ ئەكەلدى.

مەسئۇد ئۈرۈمچىگە يالاپ ئاپىرىلىپ 10 ئايدىن ئارتۇق سولاپ قويۇلدى. بۇ مەزگىلدە يالڭ زېڭشىن ئۇنى ئۈچ قېتىم ئۆزى سوراق قىلدى. ئۇ مەسئۇدنى كۆرگەندىن كېيىن مەسئۇدنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى خوشامەتچىلەردىن بولماستىن، بەلكى بىلىملىك ۋە ئەدەپ - قائىدىلىك ئىكەنلىكىنى ، تۈرىدىن يېتىلگەن ئىلىم ئەھلىدەك تەسىر بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆزى سوراق قىلىش ۋە ئادەم ئەۋەتىپ كۆپ جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەسئۇدنى ئۆز يېكىرىدە چالڭ تۇرىدىغان، ئۆز مەيلىچە كونىچە مەكتەپ ئاچقان، گەرچە چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارمىغاچقا، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بېرىش كېرەك دەپ قارىدى.

مەسئۇد قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۆز قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئۈستىدە قايتا ئويلانمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يالڭ زېڭشىن قەستەن مەن بىلەن چېقىشالمايۋاتىدۇ دەپ قارىدى. ئەمما ئۇنىڭغا بىر نۇقتا ئېنىق ئىدى: ئەگەر ئۇ يەنە چەكلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، شەخسىي مەكتەپ ئاچسا يالڭ زېڭشىن ئۇنى بۇنداق ئاسان ئۆيگە قايتۇرمايتتى.

قاتتىقلىق ئەپلەشمىسە يۇمشاقلىق قىلىشنى چۈشىنىپ يەتكەن مەسئۇد ئازراق ۋاقىت ئارام ئېلىۋېلىپ، كونا كەسپىنى يەنە باشلاپ دوختۇرخانا ئېچىش ئارقىلىق ئابرۇيىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئاندىن يەنە مەقسىتى ئۈچۈن تىرىشىشنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوختۇرخانىسىنىڭ يېنىغا ئۆي سېلىپ، دوختۇرخانىسىنى كېڭەيتمەكچى بولدى. مەسئۇدنىڭ كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىشى كۆپلىگەن كىشىلەردە ھەسەت ۋە بىزارلىق تۇيغۇسىنى قوزغىدى، ئۇلار غۇلجىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارى چالڭ يوڭچىڭغا خەت يېزىپ مەخپىي مەلۇمات بېرىپ مەسئۇدنىڭ غەيرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇردى. بۇ چاغدا چالڭ يوڭچىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مەسئۇدنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشقا مەسئۇل بولۇپ، ئۇ تاپشۇرۇۋالغان شىكايەتنىڭ راست - يالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرماستىنلا، ئۇنى قاماقخانىغا ئاپىرىپ سولاپ قويدى. مەسئۇد تۈرمىدە بىر نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ كېپىللىكى بىلەن تۈرمىدىن چىقتى.

مەسئۇد بۇ قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى، چوقۇم ئەپلەپ - سەپلەپ ياخشى مۇناسىۋەتنى ساقلاش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋارىچىلىقتىن قورقۇش پسىخىكىسىنى چۈشىنىپ، ئۆزلۈكىدىن دوختۇرخانىنىڭ كۆلىمىنى تارايتتى. ھەمدە بىر تۈركۈم مەدەنىيەتلىك، زېرەك ياشلارنى تاللاپ تېبابەت ئىشلىرى بويىچە تەربىيەلەپ، ئۆزى ئۇلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ پىراكتىكا قىلىش، كۆز پىشۇرۇشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى نەتىجىسىدە بەزى شاگىرتلىرىنىڭ بىر مەزگىل داڭقى چىقىپ، غۇلجا شەھىرى بويىچە داڭلىق دوختۇرلارغا ئايلاندى. ئۇلار ئىلى ۋىلايىتى ئىچىدە كېسەل داۋالاپ، ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، يەرلىك خەلققە نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ھۆكۈمەت مەسئۇدنىڭ بىر قېتىمقا چۈشكەنلىكىنى، داۋالاش ئىشلىرىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قايتا سۈرۈشتە قىلمىدى.

ئۇ گەرچە داۋالاش ئىشلىرىدا ئازراق نەتىجە قازىنىپ، يەرلىكلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دوختۇر بولۇپلا ياشاشنى خالىمىدى، ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزى ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىتىپ ئۇنى جىم تۇرغۇزمىدى. ئىككىنچى يىلى ئۇ چىدىيالماي يەنە ھەرىكەتلەندى . ئەمما ئىلگىرىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پىشىپ يېتىلگەچكە ئۆزى ئالدىغا چىقماي ھۆكۈمەتتىكى ئالاقىسى قويۇق خادىملارنى مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق «دۆلەتمەھەللە خەيرىيەت مەكتىپى ۋە تولۇقسىز مەكتىپىنى» ئاچتى. يەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن داۋاملىق مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرغانلىقتىن، مەكتەپ ئاخىرى ئېتىراپقا ئېرىشتى. بۇ چاغدا مەسئۇد ئۆزى بىۋاسىتە دەرس ئۆتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ تەكلىپ قىلغان خادىملار ئوقۇغۇچىلارغا ئاشكارا ياكى يوشۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇن هالدا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تەرغىپ قىلدى.

مەسئۇد هەمىشە يەرلىك خەلقنىڭ ئىدىيەسىنىڭ قاتمال ئىكەنلىكىنى ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئېچىشقا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلالايتتى. كۈتۈلمىگەندە، بۇ چاغدا رۇسىيە كونسۇلخانىسى ئارتۇق كىنو قويۇش ئاپپاراتلىرىنى ساتماقچى بولدى. مەسئۇد خۇشاللىق بىلەن ئۇنى سېتىۋېلىپ، كىنو قويۇش ئارقىلىق «خەلقنى ئويغىتىش» خىيالىدا بولدى. يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ خۇدۇكسىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇ ئىلى ئامبىلى چاڭ يوڭچىڭنىڭ كونا تۇرالغۇسىنى يۇقىرى باهادا ئىجارىگە ئېلىپ، كىنوخانا قىلدى هەمدە 10 يىللىق ئىجارە هەققىنى ئالدىن تۆلىدى. ئەينى چاغدا چاڭ يوڭچىڭ كىنونىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ئويلىنىپ كەتمەيلا ماقۇل بولدى. كىنو قويۇش باشلانغاندىن كېيىن كىنونىڭ ياخشى نەرسە ئەمەسلىكىنى، هامان ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، ئاۋام ئارىسىغا پاراكەندىچىلىك سالىدىغانلىقىنى هېس قىلىپ، كىنو قويۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق قىلدى، ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ هەممىسىنى مۇسادىرە قىلىپ پېچەتلىدى . مەسئۇد قاتتىق ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، ئامالى بولمىغاچقا بۇيرۇققا ئىلاجىسىز بويسۇنۇپ، دوختۇرخانا ئېچىش، تەربىيەلەش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى.

## رېئاللىق تەرىپىدىن غىدىقلانغان ۋە كۈچىيىۋاتقان رەزىل نىيەت ــ زوراۋانلىق بىلەن هوقۇق تارتىۋېلىش

1928 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ياڭ زېڭشىن ئىچكى قىسىمدىكى هوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا خەلق ئىشلىرى نازىرى ــ گەنسۇ خېجۇلۇق جىن شۇرېن ناهايىتى تېزلا هاكىمىيەت ئورنىغا چىقتى. جىن شۇرېن ئىرادىسى ئۇلۇغ، قابىلىيىتى ئاجىز، ئاچكۆز ئادەم ئىدى. ئۇ ئەمدىلا هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا بار كۈچى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ سىياسەتلىرىنى دوراپ، ئۆزئەينى قوللىنىپ، شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي فورماتسىيەسىدەك بۇرۇقتۇرمىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ئەمما ئۇ ياڭ زېڭشىندەك تالانتلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەزىيەت ئۆزگىرىۋاتقان، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتقان چاغدا ئۇنداق كونا تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن ئەمەسىدى. ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەهكەملەش ئۈچۈن ئۇ ئاۋۋال مەخپىي ساقچى كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئارقىدىنلا ئەسكەر كۆپەيتتى. ئادەم ئىشلىتىش جەهەتتە ئۆز يېقىنلىرىنىلا ۋەزىپىگە قويۇپ، ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە گەنسۇ خېجۇلۇقلارنى زور تۈركۈمدە ئۆستۈرۈپ مۇهىم ئورۇنلارغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پەمسىز ۋە ئاچكۆز جىن شۇرېننىڭ بايلىق توپلىشى باشلاندى.

جىن شۇرېننىڭ ۋەزىيەتكە ماس كەلمەيدىغان نادانلارچە هۆكۈمرانلىقى ۋە ئۆزى بىلگەنچە زورلۇق بىلەن ئالۋان-ياساق سېلىشى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تەسىر قوزغاپ قارشىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. 1929 ـ يىلدىن باشلاپ بۇنداق قارشىلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەردى، 1931 ـ يىلغا كەلگەندە ئاخىرى قۇمۇل قوزغىلىڭى پارتلاپ، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ناهايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى.

ۋاقىت سۇدەك ناهايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. مەسئۇد بۇ چاغدا ئەمدىلا جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتىكى تەجرىبىسىز ياشتىن ئوتتۇرا ياشقا قەدەم قويغانىدى. ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان هېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان هاياتىنى خىيال قىلىپ قالاتتى، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، غايەت ـ ئىتەكلىرى ئەمەلگە ئاشمايلا قالماستىن هەتتا مەكتەپ ئېچىش ئىشىمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانىدى. گەرچە ئۇ دوختۇرخانا ئېچىپ خېلى يۇقىرى نام ـ ئاتاققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى ئارزۇسى ئەمەس ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بۇ ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايتتى. ئۇ مەكتەپنى داۋاملىق ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى خىيالىغا كەلگىنىچە كەڭ ـ كۈشادە سۆزلىيەلمەيتتى. تېخىمۇ ئېهتىياتچان بولمىسا بولمايتتى. مەكتەپ ئېچىش ئۈچۈن ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دايىت ⑤ پۇلىدىن نەچچە ئونمىڭ سەر مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، هېچقانداق كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمىنى كۆرمىگەن ئىدى. مۇشۇ هالەتتە كېتىۋېرىدىغان بولسا ئۇنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرى ئىشقا ئاشمىغان بولاتتى. ئۇ ياڭ زېڭشىننىڭ هەيۋە بىلەن ئىسكەنجىسىگە ئېلىشىغا ئۆچ بولسا، جىن شۇرېننىڭ گەپتىن ـ گەپ چىقىرىپ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىدىن بىزار بولغانىدى.

مەسئۇد چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭچە بۇنداق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تېپىدىكى تەشۋىقات بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىر سەهنىگە ئېهتىياجلىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غىدىقلىنىۋاتقان ۋە كۈچىيىۋاتقان سىياسىي ياۋۇز نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زوراۋانلىق بىلەن هوقۇق-

نى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاشقا باشلىدى. جىن شۇرېننىڭ نادانلارچە يۈرگۈزگەن ھاكىمىيىتى ئۇنى بۇ خىل پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى. 1929 - يىلدىن باشلاپ ئۇ شىنجاڭنىڭ ھەرىكەت ھالىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1931 - يىلدىكى قۇمۇل قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ئۇ زېھنىنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئۇيغۇر دېھقانلىرى قوزغىلىڭىنىڭ داھىيسى بولۇشقا مەركەزلەشتۈردى.

قوزغىلاڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقان ئۇرۇشلار ناھايىتى تېزلا پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىدى. قۇمۇل قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى خوجىنىياز ھاجى قالايمىقان ئۇرۇشلار ئىچىدە تېزدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، جەنۇبىي-شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر قوزغىلاڭچىلىرى ئىچىدە ھۆرمەتلىنىپ، مەنىۋى داھىيغا ئايلاندى. ئەمما مەسئۇد كۆزىتىش ئارقىلىق: خوجىنىياز ھاجى گەرچە ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلگەن، دىنى تۇيغۇغا ئىگە ئادەم بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى سىياسىي كۆزقارىشى يوق سۇيىئىستېمالچى دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى قالايمىقان ئۇرۇشلار جەريانىدا ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىدى. ئەمما ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشتاب باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۆۋاتقان دېۋىزىيە كوماندىرى مامۇت (سىجاڭ) نىڭ ئەمەلىي كۈچى بار ئادەم، ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپلا قالماستىن يەنە پۇللۇق باي. ئۇ ماڭا ئوخشاشلا ئەزەلدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆچ، چۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزمنى تەشەببۇس قىلىدۇ. كوممۇنىزم بولسا دىنغا قارشى تۇرىدۇ. ئەكسىچە ئۇ پانتۈركىزم، ئەسلىدىنلا پانئىسلامىزمنى ياقتۇرىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا ئەگەر مامۇتنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولسا تەستە تاپقىلى بولىدىغان جارچىم بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىدى. مەسئۇد نىشانىنى توغرىلاپ بولغاندىن كېيىن دوختۇرخانا ۋە مەكتەپ ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنى مامۇتنىڭ قوينىغا ئاتتى. مەسئۇد گەرچە تېببىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيەدە دەسلەپتە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ھەربىي مەشىق قىلىپ، چېنىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى بىلىملىرى ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم نەزەرىيەلىرى بىلەن مامۇتقا خىزمەت قىلسىلا، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى.

مەسئۇدنىڭ كەلگىنىگە مامۇت سىجاڭ ناھايىتى قىزغىن ئىپادە بىلدۈردى. بۇ ئىككىيلەننىڭ سىياسىي غەرىزى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچقا، مەسئۇد ناھايىتى تېزلا مامۇتنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلاردىكى مەسلىھەتچىسى بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەسئۇد مامۇتقا چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن باش قاتۇردى. ئويلىمىغان يەردىن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولۇپ، 1933 - يىلى 4 - ئايدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەينىڭ ئامىتى كېلىپ، ئۆلكە باشلىقلىق ئورنىغا ئولتۇردى؛ تېخىمۇ يامان بولغىنى شۇنى، سوۋېت ئىتتىپاقى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، گەنسۇ مىللىتارىستى ما جوڭيىڭ بىلەن يەرلىك قوزغىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرىگە بىرلىكتە ئىختىلاپ سالدى، ما جوڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما خوجىنىياز بۇ چاغدا شېڭ شىسەينى تەبئىيلا ئېتىراپ قىلىپ بولغان ئىدى.

بۇ چاغدا كېرىيە، قاراقاش ئالتۇن كېنى قوزغىلىڭىدىكى مۇھەممەت ئىمىن، سابىت داموللا قاتارلىق پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمچىلار جۇڭگونى پارچىلاش ھەرىكەتلىرىگە جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بەزى قارا نىيەتلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاپ، خوجىنىياز ھاجىنى زۇڭتۇڭلۇققا تەكلىپ قىلدى. مەسئۇد بىلەن مامۇت خوجىنىيازنىڭ سوۋېتلىكلەرنىڭ مۇرەسسەسىنى قوبۇل قىلىپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىغا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ئوخشاشلا رازى بولمىدى. ئەمما بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن سابىت داموللىنىڭ يېنىغا تارتىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى بىلەن ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى» ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە قوشۇلۇپ، قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئارقىدىنلا يەنە مامۇت بىلەن بىرلىكتە ئۈچ مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇننى باشلاپ، ئاقسۇدىن قەشقەرگە بېرىپ ما جەنىاڭغا ھۇجۇم قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلدى.

ئەسلىدە بۇنىڭدىن ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىنى يوقىتىش ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىچكى توقۇنۇش يۈز بەردى: ئەسلىدە شېڭ شىسەي قوشۇنىنى يوقىتىش ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي كۈچى بولغان ما جەنساڭ ما جوڭيىڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىككى كىچىك قىسمى تۆمۈر بىلەن ئوسمانمۇ قەشقەرگە كىرگەنىدى. بۇ ئىككى قوشۇن خوتەن تەرەپتىن كىرگەن بۆلگۈنچىلەر سابىت داموللا، ئىمىنلارنىڭ ئۆزىگە تارتىش ئوبيېكتى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


ما جەنساڭ قىسمى قەشقەردىكى شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراش بىلەن بىر يەنە بۇ پانتۈركىسلارنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرىغاچقا ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن يەرلىك ئوفىتسېر ما شياۋۋۇ بىلەن ماسلىشىشنى خالايتتى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سابىت داموللا، ئىمىن، تۆمۈر، ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرۇشىغا يول قويمايتتى، شۇڭا بۇ بىر نەچچە قېتىم ئەۋەتىلگەن كۈچلەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. مامۇت يېتەكچىلىكىدىكى قىسىم قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى» نىڭ بىر ئۈچۈم بۆلگۈنچىلىرى «دۆلەت قۇرۇش» قوراللىق قىسىمدىكى مۇھىم قىسىمغا ئايلاندى.

«شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى» نى تېزدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن مامۇت سابىت داموللىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆزىنى قەشقەرنىڭ باش قوماندانى قوشۇمچە ئىشتاب باشلىقى دەپ ئاتىۋالغان ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەر قورغىنىدا تۇرۇۋاتقان ما جەنساڭغا ھۇجۇم قىلدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادەم كۈچى كۆپ بولسىمۇ (ئىككىسىنىڭ بىرلەشكەن ئەسكىرى 6 ـ 7 مىڭغا يېتەتتى) ئۇدا بىر نەچچە ئاي ئۇرۇشۇپ يېڭىشەھەرنى ئالالمىدى. مامۇت ئۆزى ئاقسۇغا كېلىپ خوجىنىياز قىسمىنىڭ يېڭىشەھەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ، ئاندىن قورچاق زۇڭتۇڭ بولۇشقا نەسىھەت قىلدى.

1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خوجىنىياز مامۇتنىڭ قوغدىشى ئاستىدا قەشقەرگە كېلىپ، ما جەنساڭنى قورشاش كۈرىشىگە ئاتلاندى. ئەمما يەنىلا مەغلۇپ بولدى. مەسئۇد گەرچە پىلانىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، ئۆز تەكلىپى بويىچە ئىش كۆرۈشكە ھامان ئامالسىز ئىدى. ئۇ ئامالسىزلىق ئىچىدە: بۇ شەھەرنى قورشاش قوماندانىنىڭ ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش دېدى . ئالدى بىلەن مامۇت بىر ئەسەبىي دىنى مۇرت بولۇپ، ئۇنىڭ گەرچە نىسبەتەن كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ناھايىتى قوپال ئادەم ئىدى. ئاسان ئىككىلىنىپ، ھالقىلىق ئىشلاردا ھەمىشە مەسلىھەتچىلەرنىڭ پىكرىنى رەت قىلاتتى. ئالايلۇق: يېڭىشەھەرنى قورشاپ يوقىتىدىغان چاغدا ئۇ بەزى مۇھىم ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن چاغدا قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى، ئاقىللارنىڭ پىكرى بويىچە ئۇ ئۇرۇش قىلىپ غەلىبە قازىنىشى كېرەك ئىدى، ئەمما مامۇت نەسەھەتنى ئاڭلىماي قىسمىنى توپلىشىپ ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلدى. نەتىجىدە ئىشغال قىلىنىپ بولغان بازىلارمۇ قايتىدىن قارشى تەرەپنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن مامۇتنىڭ ھۇجۇمچىلار بىلەن بىرلىشىش روھى كەمچىل بولۇپ ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى چەتكە قاقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايرىم ئۇرۇشۇشنى خالايتتى. ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلاپ ئاز كۈچ چىقىرىپلا ئەمەلدار بولۇشنى خالاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھۇجۇم قىلىشنى ئويلىمىغان ئىدى. خۇددى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى فىتسمورىسنىڭ بايانىدا ئېيتىلغاندەك «ماجەنساڭ، تۆمۈر ، ئوسمانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا ئەسكىلىك قىلىش يەنى بايلىق توپلاش، خوتۇن توپلاش پىلانى بار ئىدى»، يەنە كېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانلار بولۇپ، ئاتالمىش «دىننى قوغداش» بايرىقى ئاستىدىكى بۇ جەڭلەردە ئۆزىنىڭ جېنىنى سېلىپ بېرىشنى خالىمايتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار مۇنتىزىم مەشىقلەنمىگەن بولغاچقا ئاساسىي جەھەتتىن ھەرىكەتتە قالايمىقان ئىدى. ئادەم سانى كۆپ بولسىمۇ، جەڭگىۋارلىقى ئاجىز ئىدى.

مەسئۇد گەرچە ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئۇرۇش قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھەربىي ئىشلاردىن ساۋاتى بولغاچقا ئۇمىدلىك يۈردى. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كۈچلۈك قوراللىنىش ئارزۇسى بار ئىدى. ئەمما بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈمىدسىزلەندى. پەقەت بۇ ئادەملەرگە تايىنىپ قان كېچىپ ئۇرۇش قىلغان بىلەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ مامۇتقا نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، غەلىبە قىلىپ رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلاش تەكلىپىنى بەردى. مامۇت قارشى تۇرمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرىكەتنى ئارقىغا سوزدى. مەسئۇد خاتىرجەمسىزلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل دۆلىتى» ئەمدىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندىن كېيىن ئىچكى قىسىمدىكى كۈچلەر ھوقۇقتا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. شۇلارغا تايىنىپ «شەرقىي تۈركىستان چۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىھۇدە ئىشلىگەنلىك ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەلۋەتتە خوجىنىياز قەشقەرگە بېرىپ ئون كۈن بولمايلا ما جوڭيىڭنىڭ ئاساسلىق قىسمى يېتىپ كەلدى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان شىڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ ھەيدىشى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن ئىدى، گەرچە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى قوللاۋاتقان شىڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرالمىسىمۇ، ئەمما قەشقەرگە كەلگەن ئالدىنقى مەزگىلدە ئارقا ـ ئارقىدىن غەلىبە قىلدى. ئۇلار قەشقەر چېگراسىغا كەلگەندە قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، شۇ-

نىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئاتۇشتا قانلىق جەڭ قىلدى. خوجىنىياز قىسمى بىلەن ئالدىنقى قېتىم ھۇجۇم قىلىنغان ما جەنساڭ بىرلەشمە ئارمىيەسى بىرلىكتە قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ما جوڭيىڭنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرى ئۇزۇل ـ كېسىل يېڭىلىپ، قەشقەردىن قېچىپ كەتتى. 1934 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قۇرۇلغىنىغا ئۈچ ئاي بولغان ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ما جوڭيىڭ تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، ۋەيران بولغانلىقى جاكارلاندى. ئۇنىڭ ئاتالمىش زۇڭلى سابىت داموللا قاتارلىق تايانچ ئەزالىرى شېڭ شىسەي بىلەن كېلىشكىنى بويىچە خوجىنىياز ھاجى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. خوجىنىياز بىلەن مامۇت شېڭ شىسەينىڭ بەرگەن ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىپ، بىرى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، يەنە بىرى 6 ـ دىۋىزىيەنىڭ قوماندانى بولدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە مەسئۇد ئۈمىدسىزلىنىپ ھېچ ئىش قىلىشنى خالىمىدى. ئەمما ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتتە ئامالسىز قېلىپ، نائىلاجلىقتىن ئۆھسىنىشقا مەجبۇر بولدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، ئۆزىگە قارشى بىرلەشمە ئارمىيەنى مەغلۇپ قىلىپ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1934 ـ يىلى يازدا خوجىنىياز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىلىرىنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلىپ، مامۇتنىڭ 6 ـ دىۋىزىيەسىدە مەشىق ئېلىپ باردى. مەسئۇد بىر تەرەپتىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يەنە بىر تەرەپتىن كومپارتىيەگە قارشى تۇرغاچقا سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچلىرىگە تايىنىشتىن شېڭ شىسەيگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ھەممە يەردە تۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ باش پاناھ بولىدىغان جاي تاپالمىدى. شۇنداق قىلىپ 1934 ـ يىلى باش كۈزدە مامۇتقا ئىستېپا بېرىپ، ھىندىستان ئارقىلىق نەنجىڭگە كەلدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇ يەنە مامۇتقا ياردەم قىلىشنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا چارە تېپىپ نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئەسلىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قىلىپ، كېيىن يەنە پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولاتتى. مامۇت گەرچە نەنجىڭگە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن نەتىجىسى ئويلىغاندەك بولمىدى. كېيىن قىسمىدىن چېكىنىپ ۋەتەننى پارچىلاش پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ قالدى.

## شىنجاڭدىن قېچىپ چىقىپ، شېڭ شىسەينىڭ قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ ئۆزىگە گۆپپاكچى ئىزلەش

ھىندىستانغا تۇتىشىدىغان يول قەدىمكى يىپەك يولى بولۇپ يىراق ھەم ئېگىز ـ پەس ئىدى. مەسئۇد جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ قەدىمىي يولنى بويلاپ، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ، ساھىللارنى بېسىپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ، بىر نەچچە ئايلىق جاپالىق سەپەردىن كېيىن 1934 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاننىڭ كالكۇتتا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر مەزگىل ئارام ئالغاندىن كېيىن پىكىر يولىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، نەنجىڭگە سەپەر قىلدى.

ئۇ ئاۋۋال ھىندى ئوكياندىن پاراخوتقا چۈشۈپ، مالاككا بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، سىنگاپور ئارقىلىق يەنە غەربنى بويلاپ تىنچ ئوكياننىڭ شىمالىغا بېرىپ، 1934 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تيەنجىنگە كەلدى. نەنجىڭدە تۇرىۋاتقان شىنجاڭلىق يۇرتداشلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال ئۇنى نەنجىڭگە باشلاپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى ھەمدە ئۇنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە تونۇشتۇرۇپ، ناھايىتى يۇقىرى ھۆرمەتكە ئېرىشتۈردى. بۇ ئەھۋال سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا يۈرگەن مەسئۇدنى پەۋقۇلئاددە تەسىرلەندۈرۈپ، سەپىرىنىڭ بىھۇدە بولمىغانلىقىنى، ياخشى باشلانغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

مەسئۇدنىڭ نەچچە مىڭ چاقىرىم يولغا قارىماي نەنجىڭگە كېلىشى مۇنداقلا ھاياجانلانغانلىقى بولماستىن، بەلكى چوڭقۇر ئويلانغاندىن كېيىن چىقارغان قارارى. ئۇنىڭ سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن سىستېمىلىق پىلانلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. يىگىرمە يىلغا يېقىن ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەن رېئال تۇرمۇشتا ئۇنىڭ ئىدىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە پىششىپ يېتىلگەن بولۇپ، ئەمدىلىكتە رېئاللىققا ئايلىنىدىغاندەك تۇراتتى. ئۇ ياش چاغلىرىدا «ياش تۈرك پارتىيەسى» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىنجاڭدىكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تۈركىيە خەلقىگە ئوخشاشلا پانتۈركىزم ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىشنى، بىر نەچچە مەكتەپ ئېچىپ، تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن دەرس سۆزلەپ، ئەل-جامائەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر چاقىرىق بىلەن ھەممىنى تەڭ ھازىر قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە ، ئۇ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، نەچچە تۈمەن

سەر كۆمۈش سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىر نەچچە مەكتەپ ئاچقان بولسىمۇ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە، ئۇيغۇر قېرىنداشلار بىلەنمۇ چىقىشالماي، تۈرلۈك شەكىلدىكى چەكلىمە ۋە قارشىلىققا دۇچ كەلدى.

1931 ـ يىلى جىن شۇرېنغا قارشى قوزغىلاڭ ـ غۇلغىلانلار تېز ئۇلغىيىپ، ھەر خىل شەخسلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقتى، خوجىنىياز، ئوسمان، تۆمۈر، مامۇت، سابىت داموللا، مۇھەممەت ئىمىن... لار ئۆز كارامەت ـ سېھىرلىرىنى كۆرسىتىپ باقتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى ئۇنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ غايىمنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان پۇرسەت كەلدى دەپ قارىدى. ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ نەنجىڭگە كەلگەندىن كېيىن بۇ «قەھرىمان» لار بىلەن يېقىن ئارىلىقتا ئۇچراشقان ۋاقىتتىلا ئاندىن بۇلارغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى؛ گەرچە ئۇلار سىرتقى جەھەتتىن ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېغىزىدا «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇشنى ئېيتىپ يۈرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە نام ـ مەنپەئەتكە مەپتۇن بولغان، ئەقلىدىن ئازغانلار ئىكەنلىكىنى؛ ئۇلاردا ئېتىقادنىڭ يوقلۇقىنى، پەقەت قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن توقاچ ئوغرىلاشنى نىيەت قىلغانلىقىنى؛ ھەممىشە كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە ئۇرۇشىدىغانلىقى ھەتتا بىر ـ بىرسىنى سېتىشتىن يانمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە نەزىرىنى ئاغدۇردى.

ئەينى چاغدىكى مىللىي ھۆكۈمەت ئۆزىنى سۇن جوڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكىنى ئىجرا قىلغۇچى ھېسابلاپ، ھەممە مىللەت بابباراۋەر، ئاجىز مىللەتلەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى خەلقئارادا باراۋەر ئورۇنغا چىقىرىش كېرەك دېگەننى تەشۋىق قىلىۋاتاتتى. ئەگەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «ئۈچ مەسلەك» نىڭ قانات ئاستىغا ئالدۇرۇش ئىمكانىيىتى بولسا كۈچلۈك شېڭ شىسەينىڭ «ئاشكارا» ھالدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەندىزىسى ئاستا ـ ئاستا ئىنقىلابقا سۆرەپ كىرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. مۇشۇنداق تونۇش ئاستىدا ئۇ شىنجاڭدىن ئايرىلىش ھارپىسىدا ئۆزىنىڭ تۈركىيەدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى نەنجىڭ مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىككى جىيەن ئوغلىنىڭ بىرسىنى نەنجىڭ مەركىزىي ئوفىتسېرلار مەكتىپىگە، يەنە بىرىنى مەركىزىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خەنزۇ تىلىنى كۈچەيتىش بويىچە شىنجاڭ سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۇلار ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوينىغا يوشۇرۇنۇش ئىدى.

ياڭ زېڭشىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مىللىي ھۆكۈمەت شىنجاڭنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى مەركەزگە قايتۇرۇپ كېلىشنى پىلانلىغانىدى. كۈتۈلمىگەندە جىن شۇرېن فەن ياۋنەننى يوقىتىش جەريانىدا پۇرسەتنى ئىگىلىدى. جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ھەربىي بۇيرۇق، مەمۇرىي بۇيرۇقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مەمۇرىي پالاتادىن خۇاڭ مۇسوڭنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، سىرتقى جەھەتتىن شىنجاڭدا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ھال سوراش، شېڭ شىسەي ۋە ما جوڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشنى نىيەت قىلدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ پۇرسەت ئىزلەپ شىنجاڭنى كونترول قىلىشنى مەقسەت قىلدى. ئەينى چاغدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ئاستىدا خۇاڭ مۇسوڭنى نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلاشنى خالىمىغان ما جوڭيىڭنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن قوغلاپ چىقىرىپ، شىنجاڭنى ئۆزىنىڭ چاڭگىلىغا ئېلىش نەيرەڭىنى ئىشلىتىۋاتاتتى. مەركىزىي نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ خىل ۋەزىيەتتە خۇددى كېكىرتەكتە سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك خاتىرجەمسىزلەندى.

خۇاڭ مۇسوڭ شېڭ شىسەينىڭ نەزەربەند قىلىشىغا ئىنتايىن ئاچچىقلاندى. ئۇ نەنجىڭگە قايتىپ مەركەزنىڭ موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغاندا ھەمىشە پالاتاغا، مەھكىمىگە دوكلات بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تەدبىرچىلەرگە شىنجاڭنىڭ يېرىم مۇستەقىللىق ھالىتىگە بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ تۇردى. خۇاڭ مۇسوڭمۇ ۋە ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىقلار شىنجاڭنى مەركەزگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم يەرلىك مىللەتلەردىن پايدىلىنىش كېرەك دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەركەز تەسىس قىلغان نەنجىڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە شىنجاڭدىن ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە تارتىشقا دىققەت قىلدى. بۇ مەزگىلدە مەركەز ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان، جىن شۇرېن مەزگىلىدە جوڭگونىڭ تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدا تەرجىمان بولغان ئەيسا ئالىپتېكىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا ئورناتقان مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ، مەمۇرىي پالاتا باشلىقى ۋاڭ جىڭۋېي ۋە باش كاتىپ چۇ مىنيىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە قەدىرلىشى بىلەن خۇاڭ مۇسوڭغا ھەمراھ بولۇش سالاھىيىتىگە ئېرىشتى، ئۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا تەشۋىق قىلغىلى ۋە ھال سورىغىلى كەلدى، ئۇ نەنجىڭگە قايتقاندا ئۆز ئىشتاتىنىڭ چېگرا ئىشلىرى گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولۇپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى كونترول قىلىش تاكتىكىچىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ قالدى.

ئەيسا خۇاڭ مۇسوڭنىڭ يېنىدا مەركەزنىڭ شىنجاڭنى

ئىدارە قىلىش مەقسىتىنى بىلگەندىن كېيىن نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىدا ۋائىزخانلىق قىلىپ، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا ئالايىتەن تىيەنجىنگە بېرىپ، مەسئۇدنى نەنجىڭگە ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا مەسئۇدنىڭ كېلىشىنى ئۇنىڭ ئامىتى كەلگەنلىك دېيىشمۇ بولاتتى. نەنجىڭ تەرەپ مەسئۇدنىڭ ئوقۇش تارىخى يۇقىرى بولۇپلا قالماي، شىنجاڭدا مەكتەپ ئاچقان، دوختۇرخانا ئاچقان نامىنىڭمۇ بارلىقىنى، بولۇپمۇ سوۋېتقا، كومپارتىيەگە قەتئىي قارشى پوزىتسىيەسىنى بىلگەندىن كېيىن گۆھەر تېپىۋالغاندەك بولدى. مەسئۇد سىياسىي غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يول تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم نەزەرىيەسىنى ۋاقتىنچە يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىنى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ ، نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ئۆزىنىڭ ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن مەزگىلىدىكى مەكتەپ ئاچقان نەتىجىلىرى ۋە مۇشكۇلاتلىرىنى يىغلامسىراپ ئېيتىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنىڭ مائارىپ ئىستىكاھمىدىن پايدىلىنىپ، «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تارقىتىش قىلمىشىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى مائارىپقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، دېدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتقا تەسلىم بولۇپ ۋەتەننى سېتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى خارلىغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ زەربە بېرىپ، شېڭ شىسەينى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەسئۇدنىڭ بۇنداق ئەستايىدىل نىقابلىنىش قىلمىشى نەنجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ چاغدىكى سىياسىي ئېھتىياجىغا ماس كېلەتتى. بولۇپمۇ سىياسىي ئېھتىياجى قانائەتلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇنى دەسمايە قىلىپ، كۈتۈلمىگەن ئېھتىياجلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەپقەتسىز ھاكىمىيەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاش مەسئۇدنىڭ ئورنىنى ئۈستۈرىدىغان سەۋەب بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەسئۇد خۇاڭ مۇسوڭ پىلانلىغان تەشكىلىي قۇرۇلۇش، ئارمىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆز ئىشتابىغا تەۋە چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇيزۇ تىل يېزىق بۆلۈمىنىڭ (ھەربىي) ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئەرەب تىلى ۋە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ئۆتتى، ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ، دوكلات قىلىشقا مەسئۇل بولدى. خۇاڭ مۇسوڭ شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان، مەسئۇد شېڭ شىسەيگە قارشى ئاۋانگارت سۈپىتىدە مەيدانغا چىققاچقا ئىككىلەن تېز ، ئاسانلا كېلىشىپ، بۇ قاتلاملىق مۇناسىۋەت مەسئۇد ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. مەسئۇدنىڭ نەنجىڭدە ئۆزىنى نامايان قىلىشى ۋە ئىش باشلىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

مەسئۇد نەنجىڭگە ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن ۋەزىپىسىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىپ، شىنجاڭدىن نەنجىڭگە كەلگەن ھەر خىل كىشىلەر بىلەن ئارىلاشتى ھەمدە «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن كەڭ ـ كۆلەمدە ئۇچرىشىپ، ئۆز تەسىرىنى زورايتىپ، ئابرۇيىنى ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ سوۋېتقا، كومپارتىيەگە قارشى تۇرۇشنى ۋەزىپە قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى مۇبالىغىلەشتۇردى ۋە ئۇنى دۆلەتنى سېتىش قىلمىشى قىلىپ كۆرسىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلدى ۋە سىڭىپ كىردى دېگەننى ھەدەپ داۋراڭ سېلىپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالغانلىقى، خەلقنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى ئۈستىدە جار سالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىكى بەزى ئەمەلدارلار بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى. ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى، ئىمتىھان ئاكادېمىيەسىنىڭ باشلىقى گومىنداڭ نەزەرىيەچىسى دەي جىتاۋ ئۇنى تېخىمۇ مۇكاپاتلاپ، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن رىغبەتلەندۈردى. شۇڭا ھۆكۈمەت ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دەي جىتاۋ ئۇنى نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

مەسئۇد بۇ ئىشلارنى تولۇق چۈشىنىپ پائال ماسلاشتى. ئاممىۋى سورۇنلاردا ھەمىشە ئوغلى ۋە جىيەنىنى نەنجىڭدە ئوقۇتىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بولغان سادىقلىقىنى بىلدۈردى. ئۆزىنىڭ خەنزۇ مەدەنىيىتىگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يەنە دەي جىتاۋنى مەركەز ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىغا خەنزۇچە ئىسىم قويۇپ بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. دەي جىتاۋ شۇ ھامان ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوغلىغا «مەي خۇەنشىن» دېگەن خەنزۇچە ئىسىمنى قويۇپ بەردى، يەنە داغدۇغا بىلەن ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، شەپقىتىنى بىلدۈردى. مەسئۇد دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىشىش داۋامىدا ئوخشاش يولدىكىلەرنى تەكلىپ قىلىپ «تەڭرىتاغ ئايلىق ژۇرنىلى» نى تەسىس قىلىپ، ئۇنى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى تىلدا چىقىرىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى نومۇسسىزلارچە كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۈچ مەسلەكنى ماختاش بىلەن بىرگە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنى زەھەرخەندىلىك بىلەن تىللاپ، ئاتالمىش مىللىي ئاپتونومىيەنى يوشۇرۇن تەكىتلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا مەسئۇد سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كومپارتىيەگە بولغان قەتئىي قارشى پوزىتسىيەسى، شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىكى بىلەن گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۆزىنىڭ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى چەتكە قېقىش تەشەببۇسى ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيەسىنى جېنىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن «مەركەزنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئاپتونومىيە» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سۆز ۋە ھەرىكەتكە تەڭلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ناھايىتى تېزلا ئىلتىپاتقا ئېرىشتى، مەرتىۋىسى قەدەممۇقەدەم ئۆستى، ھۆكۈمەت پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولدى. 1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ 5 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مەسئۇد يەنە مەركىزىي پالاتا تەپتىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مەسئۇدنىڭ مۇشۇنداق يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشى مۆجىزە ئىدى. بۇ چاغلارنى مەسئۇدنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ھەمكارلاشقان ئەڭ ياخشى مەزگىلى دېيىشكە بولاتتى. 1936 ـ يىلى ئۆلىما زېڭ ۋېنۋۇ ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق كىتابىدا «مەسئۇد شىنجاڭدىكى غۇلجىلىق باينىڭ ئوغلى بولۇپ، تۈركىيەدە ئوقۇغان. ئەخلاق ۋە ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن شىنجاڭلىق ئالىملارنىڭ بىرى. ھازىر جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيەسى 5 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئىتى» دەپ باھا بەردى. بۇنىڭدىن مەسئۇدنىڭ ئەينى چاغدىكى تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

بۇ چاغدا مەسئۇد يەنە ئۆزىنىڭ سابىق باشلىقى — دېۋىزىيە كوماندىرى ماھمۇتنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇردى. مەسئۇد ئۇنىڭ قوشۇنىدا مەسلىھەتچى بولغان چاغدا ئۇنىڭغا مەركەز بىلەن مۇناسىۋەتنى قوغداشتۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئەمما ماھمۇت ئەسەبىي پانتۈركىزمچى ۋە پانئىسلامىزمچى بولسىمۇ، ئاقكۆڭۈل، جاھىل، نەزەر دائىرىسى تار كىشى بولغاچقا مەسئۇدنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىغانىدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى كۈندىن ـ كۈنگە زورايدى، شۇنىڭ بىلەن ماھمۇت مەسئۇدنىڭ تەكلىپلىرىنى ئويلاپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم ئىشەنچلىك ئادىمى مۆمىن ئاخۇن بىلەن ئىمىن داموللىنى نەنجىڭدىكى پائالىيەتلەرگە ئەۋەتىپ، مەركەزنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ يوقىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشتى.

سىياسىي پوزىتسىيەسى يېقىن بولغاچقا مەسئۇد ماھمۇتقا باشتىن ـ ئاخىر دوستانە پوزىتسىيە تۇتۇپ كەلدى. يەنە كېلىپ سىياسىي جەھەتتە ئوخشاش يولدا مېڭىۋاتقاچقا، كەلگۈسىدىكى ھەمكارلاشقۇچىسىنىڭ شىنجاڭدىن سىقىپ چىقىرىلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ ماھمۇتنىڭ ئەلچىلىرىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە تېزدىن ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت تورى ئارقىلىق ماھمۇتنىڭ ۋەكىللىرىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇرۇپ ، ئەقىل كۆرسىتىپ، ماھمۇت ۋە ئۇنىڭ قىسمىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشىغا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈندى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي كومىتېتى مەخسۇس خادىمنى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىپ، يۈز ـ تۇرانە تۇرۇپ يوليورۇق بەردى. بۇنىڭدا شىنجاڭدا كۆپرەك ھامىيلىرىنى قالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. ئەپسۇس بۇ چاغدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، تايانچ تاپقاچقا تەبىئىيلا بۇيرۇقنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ شىنجاڭ چەت ـ ياقا جايغا جايلاشقاچقا، قاتناش، ئۇچۇر ـ ئالاقە جەھەتتە قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى، شۇڭا قامچىسى ئۇزۇنراق بولسىمۇ ئاتقا تەگمەي، شۇنىڭ بىلەن ماھمۇت ئاخىرى ئامالسىز دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىلدى، شېڭ شىسەي ھەممىنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

بۇ پىلانلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تۇساتتىنلا مەسئۇدنىڭ شېڭ شىسەيگە بولغان ئۆچمەنلىكى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. 1936 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى نەنجىڭدە ئېچىلدى. يىغىندا مەسئۇد شېڭ شىسەينى قاتتىق سۆكۈپ، شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا تايىنىپ، دۆلەت مەنپەئەتىنى سېتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىرغىن قىلغان جىنايى قىلمىشلىرىنى سىستېمىلىق ئاشكارىلىدى. شېڭ شىسەي نۇرغۇن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكتىن نۇرغۇن ئۇۋال قىلىنغان دېلولار شەكىللەنگەنىدى، نەنجىڭگە كېلىپ ئەرز ـ شىكايەت قىلغۇچىلارمۇ كۆپەيدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسىمۇ، كۆپىنچىسى يەنىلا خەنزۇلار ئىدى. مەسئۇدنىڭ سىستېمىلىق شىكايىتى بۇ كىشىلەرنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە قوللىشى ۋە ياخشى باھاسىغا، بىر قىسىم ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار، جەمئىيەتتىكى زاتلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشتى. بۇ ئىش بىلەن مەسئۇد شىنجاڭ خەلقىنىڭ تېخىمۇ ياخشى باھاسىغا نائىل بولدى.

1936 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئالمىشىپ، ۋۇ جوڭشىن كومىتېت باشلىقى بولدى. كومىتېت باشلىقى ئالماشقاندىن كېيىن نەنجىڭدە «چېگرا يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» تەسىس قىلىندى، ھەر ساندا مەخسۇس ئۇيغۇر تىلىدا سەھىپە ئاجرىتىلدى. مەسئۇد ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىدىن پايدىلىنىپ، ھەمىشە بۇ سەھىپىدە ماقالە ئېلان قىلىپ، نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىشتى. 1937 ـ يىلى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلاپ، نەنجىڭ خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە

قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پايتەختىنى كۆچۈرۈشنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، بەزى ئاپپاراتلار چوڭچىڭغا يۆتكەپ كېلىنگەندى. مەسئۇد ۋە مەسئۇد باشچىلىقىدىكى «نەنجىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» ئالدىنقى قاراردا چوڭچىڭغا بارغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. چوڭچىڭغا بارغاندىن كېيىن ئۇ ئاۋۋال يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا «ئانا يۇرت» ئايلىق ژۇرنىلىنى چىقاردى. ژۇرنالنىڭ نامىنى مەسئۇد ئۆزى بېكىتكەن بولۇپ، بۇنى تۈركىيەدىكى «تۈركىيەلىكلەرنىڭ ئانا يۇرتى» ژۇرنىلىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، «ئانا يۇرت» ژۇرنىلىدا تەشۋىق قىلىنىدىغان يادرولۇق ئىدىيە «ئانا يۇرتىمىز تۈركىستان» — ئۇلارنىڭ تەرغىبات، نۇتۇقىدىكى ئاساسلىق سىياسىي شوئارغا ئايلاندى.

مەسئۇدنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى ئاۋۋال ۋۇ جوڭشىننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ۋۇ جوڭشىن چېگرا رايونىنىڭ مەمۇرىيەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، چېگرا ئىشلىرى ۋە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا چېتىلىدىغان ۋەقەلەردە ئىنتايىن سەزگۈر بولدى. مەسئۇدنىڭ «چېگرا يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى بۇرۇنلا ۋۇ جوڭشىننىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. ئەينى چاغدا ۋۇ جوڭشىن ھەر مىللەت زاتلىرى جۈملىدىن شىنجاڭلىق زاتلارنىمۇ موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كەڭ ـ كۆلەمدە كىرگۈزگەن بولۇپ، ۋۇ جوڭشىن بۇ ئەزالار ئارقىلىق مەسئۇدنى ئازراق چۈشەنگەن ئىدى. بەختكە يارىشا ئەينى چاغدا مەسئۇدنىڭ كۆڭلى ئارامىدا بولمىغاچقا، قەلب سىرلىرىنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئۇ چوڭچىڭغا كەلگەندىن كېيىن دارىتمىلاشقا باشلاپ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. ھەممە تىلدا دىققەت قىلغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر تىلىنى كۆپ ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ئانچە چېنىپ قالمىدى. بىر قېتىم زاڭزۇ ـ موڭغۇل كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئۇيغۇر تىلىدىكى سىياسىي تەربىيە كۇرسىدا، شىنجاڭلىق ئەزالارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەسئۇد ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدى. ئۇ ئۇيغۇر تىلى دەرسىنى ئۆتكەندە قەستەن تۈرك تىلى تەلەپپۇزىنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، تۈرك تىلى گىراماتىكىسىنى سۆزلىدى. بۇ ئەھۋال ۋۇ جوڭشىننىڭ گۇمانىنى قوزغىدى. ئۇ موڭغۇل ـ زاڭزۇ كومىتېتى ئاچقان بىر قېتىملىق يىغىندا كۆپ ساندىكى ئەزالارنىڭ ئالدىدا ۋۇ جوڭشىنمۇ قاتناشقان ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش پانئىسلامىزم نەزەرىيەلىرىنى تەپتارتماي بازارغا سېلىپ، يېنىدا ئادەم يوقتەك سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ ۋاتىلداشقا باشلىدى. ئەتراپتىكىلەر بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەرس ئۆتىشىگىلا باشقىچە ھېسسىياتتا بولۇپ كەلگەن ۋۇ جوڭشىن ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن بېشارەت بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولىۋالدى، ئاخىرى ۋۇ جوڭشىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ئۇنىڭ سۆزىدىكى سەپسەتىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. ئىككىيلەن نەق مەيداندىلا توقۇنۇشۇپ، يىغىن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ۋۇ جوڭشىننىڭ مەسئۇدقا بولغان قارىشى تۈپتىن ئۆزگەردى.

1939 ـ يىلى 1 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى چوڭچىڭدا ئېچىلدى. يىغىندا كومپارتىيەگە قارشى فاڭجېن بېكىتىلىپ، كومپارتىيەگە قارشى كومىتېت قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىندى. يىغىندا مەسئۇد كومپارتىيەگە قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، شېڭ شىسەينى كوممۇنىزمچى ئۇنسۇر دەپ ئەيىبلەپ ، شىددەت بىلەن سۆكتى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، مەسئۇدنىڭ نۇتقىدىكى بەزى سۆزلەر يۈرىكىدىن چىققان بولسىمۇ، يەنە نىقابلانغان سۆزلەرمۇ بار ئىدى. 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گومىنداڭنىڭ 5 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلدى. بۇ چاغدا سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا ئىش كۆرۈدىغان شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، جياڭ جيېشىغا «نازلىنىش» قا باشلىدى. يىغىندا مەسئۇد يەنە بىر قېتىم كومپارتىيەگە قارشى نۇتۇق سۆزلەپ، تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتتى.

1943 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئامېرىكا، ئەنگلىيە ، گېرمانىيە قاتارلىق ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى مىسىردا «قاھىرە يىغىنى» ئېچىپ، ياپونىيەگە بىرلىكتە قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا ۋەزىيەت جۇڭگوغا پايدىلىق يۆنىلىشكە تەرەققىي قىلدى. 1944 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىن گومىنداڭ كېڭەش پالاتاسى ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسەتنى يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى «يۇقىرىلارغا مەكتۇپ» نى ئېلان قىلىپ، كۆپچىلىكتىن ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، پىكىر بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتىدە بوشىشىش ئازادىلىك كۆرۈلدى، ئۇزۇن يىل كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىيالمىغان مەسئۇد ئەمدى قانات قۇيرۇقى يېتىلگەندەك سەزدى. يەنە كېلىپ ئۇ گومىنداڭغا تۆھپە قوشقاچقا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىدە بىلجىرلاپ، پانتۈركىزم مۇقامىنى چېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىي تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا زورۇقۇپ شىنجاڭ مەدەنىيىتى ۋە تارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خى توغرىسىدا بىلجىرلاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئۇنىڭ 1944 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ چوڭچىڭدا سۆزلىگەن «شىنجاڭ تارىخى ۋە شىنجاڭ مەدەنىيىتىدىن ئىزلار» تېمىسىدىكى نۇتقى، ئەيسا تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن «ياشلار ژۇرنىلى» دا ۋە ئارقىدىن «ئالتاي» ژۇرنىلىنىڭ خەنزۇچە تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق ماقالىسىنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

«ئالتاي ژۇرنىلى» ئەسلىدە مەسئۇد ۋە مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىرلىشىپ چىقارغان ژۇرنال بولۇپ، ئەيسا مەسئۇل مۇھەررىر بولغانىدى. ئۇلار بۇ ژۇرنالدا مەخپىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەممىشە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تەرغىب قىلىدىغان ئەتكەس ماللىرىنى بازارغا سالدى. بۇ ژورنال ئۇيغۇر تىلىدا بەش سان چىققان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى سانىنىڭ تۇنجى سانىدا ئېلان قىلىنغان مەسئۇدنىڭ ماقالىسىنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنى تونۇشتۇرۇش دېگەندىن كۆرە پانتۈركىزمنى ئاشكارا تەرغىب قىلغان ماقالە دېگەن تۈزۈك ئىدى. مەسئۇد ماقالىسىدا: ھازىر شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئون تۆتكە ئايرىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تارانچى، ئۆزبېك ، تاتارلار پەقەت «ئالتە قەبىلە» بولۇپ، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت، دىن، كىيىنىش جەھەتتە ئوخشاش، ئىرق ئوخشاشلىقى ۋە ئولتۇراق رايونلىرىنىڭ بىر تۇتاشلىقىغا ئاساسەن «ئۇلارنى بىر مىللەت يەنى تۈرك مىللىتى دەپ ئېتىراپ قىلىش كېرەك». تاجىك مىللىتىنىڭ تىلىدىن باشقا تەرەپلىرى يۇقىرىقى ئۇيغۇر قاتارلىق ئالتە قەبىلە بىلەن ئوخشاش، شۇڭا ئۇلارنىمۇ «تۈرك مىللىتى» دېيىشكە بولىدۇ دەپ بىلجىرلىدى. مەسئۇد خۇيزۇلارنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلار «تاماقنى چوكىدا يەيدۇ»، دىنى ئېتىقادتىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى خەنزۇلار بىلەن ئوخشاش، پەقەت موڭغۇللارلا مۇستەقىل مىللەت دېدى. شىنجاڭدىكى رۇس مىللىتىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ رۇسىيەگە، كومپارتىيەگە قارشى خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنى جۇڭگولۇق ئەمەس، شىنجاڭدىكى مۇھاجىرلار دەپ قارىدى.

ماقالە ئېلان قىلىنغاندا ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇ كۆزقارىشىنى «چوڭچىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» نىڭ نامىدا ماقالىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، «چوڭچىڭدىكى شىنجاڭلىق يۇرتداشلارنىڭ ئاساسىي قانۇن لايىھەسىگە قارىتا پىكرى» دېگەن تونىنى كىيدۈرۈپ، 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «ئاخبارات» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدە نۇرغۇن مەزمۇنلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم نۇقتا بار ئىدى: بىرىنچىدىن، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنى تۈرك مىللىتى دەپ ئاتاش؛ ئىككىنچىدىن، «شىنجاڭ» دېگەن نامنى «تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىش ئىدى. مەسئۇدنىڭ دەسلەپكى خىيالى شۇنىڭدەك بۇ ئىككىسىنىڭ باياندىكى مەقسەت ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، ئاخبارات ۋاستىسى ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە سىياسىي تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگونى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن يول ھازىرلىماقچى بولغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىمەنە مەنتىقىسىگە شۇ ھامان كۈچلۈك رەددىيە بېرىلدى. فىرانسىيە پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن دوكتور ، شۇنداقلا شىنجاڭدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان ئالىم لى دوڭفاڭ «مەركەز كۈندىلىك گېزىتى» دە ماقالە ئېلان قىلىپ، «چوڭچىڭدىكى بىر نەچچە يۇرتداشنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ، نەچچە مىليون قېرىنداشنى ئۆزدمۇ قوبۇل قىلىشنى خالىمايدىغان، يەنە كېلىپ ئۇلارنى ھەقىقىي تۈردە سۆيەتلەپ بېرەلمەيدىغان نام بىلەن ئاتاشقا بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى. لى دوڭفاڭ ماقالىسىدە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىن ـ بۇيەردىن قۇراشتۇرغان نۇقتىئىنەزەرلىرىگە بىر ـ بىرلەپ رەددىيە بېرىپ، نۇقسانلىرى كۆپ ئىسپاتلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئىشەنچلىك تارىخقا ئاساسلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ئوغۇز، ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇلار بىلەن تۈركلەر سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە بىر مەھەل گۈللىنىپ كېيىن زاۋاللىققا يۈزلەنگەن. تۈركلەر تاڭ سۇلالىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە ئۇيغۇرلار ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىغا ياردەملىشىپ توپىلاڭنى تىنجىتقان. ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركلەر ئايرىم-ئايرىم ئىككى قوۋم تۇرسا ئۇلارنى قانداقمۇ بىرلەشتۈرۈپ بىر مىللەت دېگىلى بولسۇن؟ قىرغىزلار قەدىمكى تارىخلاردىكى خاككاسلار بولۇپ، ئۇيغۇرلار، تۈركلەر بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان بولسىمۇ، بىر قوۋم ئەمەس؛ تاتارلار موڭغۇل قان سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، چىڭگىزخان غەربكە يۈرۈش قىلغاندا كۆچۈپ كەلگەن. تاجىكلار پامىر ئېگىزلىكىدە ياشىغان، ئىران تىلى سىستېمىسىغا تەۋە مىللەت بولۇپ، تۈركلەر بىلەن تېخىمۇ مۇناسىۋىتى يوق؛ قازاق، ئۆزبېكلەرنىڭ شەكىللىنىشى نىسبەتەن كېيىن بولۇپ، تۈركلەر بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا تۈرك يېزىقىنى قوللانغىنىغا قاراپلا ئۇلارنى تۈرك مىللىتى دېيىشكە بولمايدۇ. بۇ خۇددى ياپونلۇقلار چاسا خەتنى قوللانسىمۇ، ئۇلارنى جۇڭگولۇق دېگىلى بولمىغاندەك بىر ئىش. لى دوڭفاڭ قاتارلىقلارنىڭ ماقالىسىدا تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىلمىي پوزىتسىيەسى ۋە ئۆلىمالارنىڭ سەزگۈرلۈكى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، گومىنداڭنىڭ پارتىيە گېزىتىدە ئېلان قىلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرگە بولغان پوزىت-

سىيەسىنى ئەكس ئەتتۈردى.

1945 - يىلى 4 - ئايدا «ئالتاي گېزىتى» دا يەنە مەسئۇد «غەربىي شىمالنىڭ سىياسىي توغرىسىدا سۆز» سەرلەۋھىلىك ماقالە ئېلان قىلىپ، بېشىدىلا «ھازىر سۆزلەيدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ، تاقەتسىزلىك ئىلكىدە، ئۆزىنى باسالماسلىق پىسخىكىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ شۇنچە ئالدىراپ نېمىنى بايان قىلىدۇ؟ ئۇ ئەينى چاغدىكى غەربنى ئېچىش مەزمۇنىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنىڭ تارقىلىشىغا سەۋر قىلالماي، تاقەتسىزلىك پوزىتسىيەسىنى بىلدۈرۈپ شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرۈشكە، شىنجاڭنى ئېچىشقا، شىنجاڭنى قوغداشقا، شىنجاڭغا ئەسكەر ئەۋەتىشكە قارشى تۇرىمەن، شىنجاڭدىكى تىنچسىزلىقتا كۆچۈپ كەلگەن ئاھالە ۋە ئارمىيە سەۋەبچى دېدى. ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى بىلەن ئالدىنقى قېتىم مۇنازىرە قوزغىغان ماقالىسىنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە دوست تارتقان بولۇپ، بىرىسىدە شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىنى «تۈرك مىللىتى» دەپ ئاتاشنى چاقىرىق قىلسا يەنە بىرىسىدە خەنزۇ قوشۇنى بىلەن خەنزۇ خەلقىنى شىنجاڭغا كىرگۈزمەسلىك توغرىسىدا چوقان سالدى. بۇنىڭدىن چىقىدىغان يەكۈن ئىنتايىن چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئۇلار پەقەت مۇھىت چەكلىمىسى يەنە كېلىپ گومىنداڭنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولغاچقىلا شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىمىز دېگەن سۆزنى دېيەلمىگەن خالاس. بۇ چاغدا مەسئۇد ئەيسا بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان، بېرەيلەن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىدا مەسئۇدنىڭ ھەقىقىي پىسخىكىسى ۋاستىلىك ئاشكارىلاندى. ماقالىدىكى تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا «مەسئۇد — سوۋېتقا قارشى مۇتەخەسسىس، سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيەنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھاياجانلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىئارام بولغان» ئىدى. مەسئۇد «يەنە دائىم خەنزۇلار مەخسۇس باشقا مىللەتلەرنى يېۋېتىدىغان مىللەت دېگەن» ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ھەمراھلىرى مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالار بىلەن بىرلىكتە جياڭ جيېشىغا مەكتۇپ يوللاپ، «شىنجاڭدا يۈكسەك ئاپتونومىيە قۇرۇش تەلىپىنى ئىزھار قىلدى. بۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان»، «بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ لەنجۇ، چوڭچىڭلارغا بېرىپ - كېلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان» ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش داۋامىدا قوزغالغان بىر مەزھەللىك «پانتۈركىزم» ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى كىلىمات شەكىللەندۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسى خەلق ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ، ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى مەسئۇد قاتارلىقلارغا يۈرەكنى كۈچەيتىش دورىسى بولۇپ بەرگەچكە ئۇلار قايتىدىن روھلاندى.

## ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن شىنجاڭغا يەنە قايتىشنى پائال پىلانلاش

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەسئۇدنىڭ يۇقىرى ھوقۇقنىڭ پەللىسىگە چىقىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بەردى. 1944 - يىلى 9 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تىل - ئاھانەتلىرى ئىچىدە 11 يىل 5 ئايلىق ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىن كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تۈپەيلىدىن قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بېسىقمىدى. موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ سابىق باشلىقى ۋۇ جوڭشىن ۋەقە كۈچىيىۋاتقان پەيتتە شىنجاڭغا كېلىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

يېڭى ھۆكۈمەتنى تەشكىللەشتە تەبىئىيلا بىر تۈركۈم بىللە بارىدىغان خادىملارنى تاللاشقا توغرا كېلەتتى. مەسئۇد تەستە كېلىدىغان بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك دەپ قارىدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ ژۇرنال ۋە مۇنبەرلەردىن پايدىلىنىپ پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنى تارقاتقان بولسىمۇ، چوڭچىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغاچقا ئۇنىڭ چوقانلىرىنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە بولغان تەسىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ پەقەت شىنجاڭغا قايتىش ئارقىلىقلا «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» نەزەرىيەسىنى شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىشتەك كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئىدى. مەسئۇد ۋۇ جوڭشىننىڭ موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىدىكى نۇرغۇن خادىملارنى ئىشلەتكەنلىكىنى، تىزىملىكتە ئىسمىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ۋۇ جوڭشىن بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن مۇشۇنداق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، جياڭ جيېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا بېرىش مەقسىتىگە يېتىشنى پىلانلىدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد جياڭ جيېشى مۇلازىملار ئىشخانىسى ئىككىنچى باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى چېن بۇلېيدىن «يۇرتىغا قايتىش ئارزۇسى» نى جياڭ جيېشىغا يەتكۈزۈشنى ئىككى قېتىم ئۆتۈندى. ئەمما چېن بۇلېي پۇرسەت كەلمىدى دەپ، جياڭ جيېشىغا ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق تەلىپىنى يەتكۈزمىدى. مەسئۇد پۇرسەتنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ چېن بۇلېينى يەنە بىر قېتىم سۈيلىگەندە، چېن بۇلېي ئامالسىز 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېلېگراما يوللاپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىش تەلىپىگە قارىتا ۋۇ جوڭشىندىن پىكىر ئالدى. ۋۇ جوڭشىن مەسئۇدنىڭ پانتۈركىزم تەشۋىقاتىنى داۋاملىق تارقاتقانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

بالدۇرلا بىلگەچكە، تەبىئىيلا بۇ چاغدا ئۇنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە قوشۇلمايتتى. ۋۇ جوڭشىن مەسئۇدنىڭ مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭغا كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇ شاۋلياڭ بىلەن بىرلىكتە تېلېگراممما يوللاپ، مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇلار تېلېگراممىسىدا ئۈچ تۈرلۈك قارشى تۇرۇش سەۋەبىنى بايان قىلدى:

1. ئۇلار مىنگونىڭ 31 ـ يىلى ⑥ مەركەزگە مەكتۇپ يوللاپ، شىنجاڭغا ئاھالە كۆچۈرمەسلىكنى، ئارمىيە كىرگۈزمەسلىكنى، شىنجاڭنى شىنجاڭلىقلار باشقۇرۇشنى، شىنجاڭنىڭ نامىنى «شەرقىي تۈركىستان» غا ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇلارنىڭ تار مىللەتچىلىك كۆز قارىشى بەك ئېغىر.

2. شېڭ شىسەي ئۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى، ھازىر شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى قىسمىدا ئادىمى بەك كۆپ، ئۇنىڭغا پايدىسىز بولۇشى مۇمكىن.

3. ئۇنىڭ خانىمى ھازىر شىنجاڭدا، ئۇنىڭغا دوست تارتىشۋاتىدۇ. ئۇ شىنجاڭغا كەلسە شىنجاڭنىڭ ئەمىن تېپىشى ناتايىن. ئىنىلىرى مەسئۇدنىڭ كېچىكىپرەك كېلىشىنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. پىكرىمىزنى توغرا چۈشىنىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋۇ جوڭشىن قارشى تۇرغاچقا مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا كېلىش چۈشى ئەمەلگە ئاشمىدى. جياڭ جيېشى ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدى يوققا چىققاندىن كېيىن مەسئۇد ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ جامائەت پىكرى بېسىمى ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەتنى يول قويۇشقا قىستىماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالار قول تىقىپ، «شىنجاڭنى شىنجاڭلىقلار باشقۇرۇش» بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ، لەنجۇدا جامائەت پىكرى شەكىللەندۇردى. جياڭ جيېشى گەنسۇ تەرەپنىڭ مەخپىي تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال ۋۇ جوڭشىنغا تېلېگراممما يوللاپ، مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ بىلەن مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. ۋۇ جوڭشىن «مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭغا مەخپىي ئادەم ئەۋەتىپ ھەرىكەتلەندۇردى. بۇنى ئىسپاتلاشقا بولمىدى. مەركىزىي كومىتېت ئۇلارنى ئامال ئىزلەپ چوڭچىڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلسا» دېگەن مەزمۇندا تېلېگراممما قايتۇردى. جياڭ جيېشى ۋۇ جوڭشىننىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، مەسئۇدنى چوڭچىڭغا قايتۇرۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق تىزگىنلىدى، ئەمما جازالىمىدى. بۇ ئىش تۈپەيلى ۋۇجوڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ قىلمىشىدىن تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ئۇلار لەنجۇدا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ بىمەنە چاقىرىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يېتىش تەس، ئۇلارنىڭ قىلمىشى مەيلى يەرلىككە، مەيلى مەركەزگە بولسۇن ھەممىسىگە پايدىسىز دەپ قارىدى. ۋۇ جوڭشىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاغرىنغان ھالدا جياڭ جيېشىغا: «ئىلگىرى مەركەزدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان زاتلار مەسئۇد، ئەيسالارنىڭ داۋراڭلىرىغا ھەدەپ يول قويدى، ئۇنداق قىلىنماسلىقى كېرەك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشى مەركەزدىكى بەزى ‹ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان›لارنىڭ مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىق قارا نىيەتلەرگە سۈكۈت قىلىدىغانلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلار چوقۇم مۇناسىپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك» دەپ دوكلات يوللىدى.

مەسئۇد قاتارلىقلار لەنجۇدىكى پائالىيەتلىرىدە ئۈنۈم كۆرمەي قايتقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۆچلۈكى قوزغالدى. ئەمما چوڭ ھوقۇقى بار ۋۇ جوڭشىنغا قارىتا ئامالى بولمىغاچقا غەزىپىنى شېڭ شىسەيگە قاراتتى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي مەزگىلىدە مەسئۇد قاتارلىقلار شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان شىنجاڭلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، شېڭ شىسەيدىن ھېساب ئالماقچى بولدى. يىغىندا، مەسئۇد ئاچچىقلانغان ھالدا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن شېڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ: «سەن شىنجاڭدا تۇرغان 10 يىلدا 200 مىڭ ئادەمنى قولغا ئالدىڭ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن شىنجاڭدىكى ھەربىر ئائىلىدىن بىر ئادەم قامالدى. قولغا ئېلىنغانلاردىن 80 مىڭ ئادەملا قويۇپ بېرىلدى. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى... مۇشۇنداق پاجىئەنىڭ سەۋەبچىسى شېڭ شىسەي بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك» دېدى . مەسئۇدنىڭ سۆزىنىڭ قۇتراتقۇلۇقى يىغىن مەيدانىنى بىر مەھەل جىددىيلەشتۈرىۋەتتى. يىغىن مەيدانىدا شېڭ شىسەينى «قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېگەن چوقانلار كۆتۈرۈلدى. يىغىن مەيدانىدا ئولتۇرغان شېڭ شىسەي بىر مەھەل نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى، كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن تەرتىپى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ، چاتاق چىققىلى تاس قالدى. بەختكە يارىشا يىغىن رىياسەتچىسى سالماق بولۇپ ئەپچىللىك بىلەن بۇ ئىشنى بېسىقتۇردى.

ئارقىدىنلا مەسئۇد يەنە شىنجاڭدىن كەلگەن كېڭەش ئەزالىرى ليۇ ۋېنلوڭ، قادىر ئەپەندى، مەنسۇر داموللا قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە 7 ـ ئايدا چاقىرىلغان 4 ـ نۆۋەتلىك گومىنداڭ كېڭەش پالاتا يىغىنىغا «ھۆكۈمەتنىڭ نۇرغۇن ھەر مىللەت بىگۇناھ ئاممىنى ئۆلتۈرگەن جاللات شېڭ شىسەينى جازالاپ بېرىش» توغرىسىدىكى تەكلىپنا ـ

مىسىنى سۇنۇپ، شېڭ شىسەينىڭ قانلىق جىنايىتى ئۈستىدىن رەھىمسىزلەرچە شىكايەت قىلدى. يىغىندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا شېڭ شىسەينىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى. بۇ قېتىمقى ئېلىشىشتا مەسئۇد كۆچمەيلا غەلىبە قىلغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەسئۇد روھلىنىپ نىشانىنى شىنجاڭغا قاراتتى.

بۇ چاغدىكى شىنجاڭدا شېڭ شىسەينىڭ قانلىق ھاكىمىيىتى تۈپەيلى يىغىلىپ قالغان غەزەپ - نەپرەت كەيپىياتى كۈچەيدى، يەنە كېلىپ مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى خەلقنى نامراتلاشتۇرۇش، ئىنقىلابنىڭ پىلتىسى ئوت ئېلىش باسقۇچىغا كىرگەن ئىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش، قالايمىقانچىلىقتا قالغان شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەركىزىي بانكا شىنجاڭدا شىنجاڭ ئوبوروت بانكنوتى تارقىتىشنى قارار قىلىپ، ئۇنى چوڭچىڭ مەركەز كۆمۈش پۇل باسما زاۋۇتىدا باستۇردى. ئوبوروت بانكنوتىنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە خەت، تەتۈر يۈزىدە ئۇيغۇرچە خەت بولۇپ، ئۇيغۇرچىسىنى مەسئۇد تەرجىمە قىلىپ يازدۇرغانىدى. تەرجىمىدە مەسئۇد قەستەن شىنجاڭ ئوبوروت بانكنوتى دېگەن سۆزنى «چىنى تۈركىستان ئوبوروت بانكنوتى» دەپ تەرجىمە قىلدى. بۇ پۇل 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تارقىتىلغان چاغدا تەرجىمىسىدە مەسىلە بارلىقى بايقىلىپ قالدى، مۇبادا تارقىلىپلا كەتكەن بولسا، خاتا سىياسىي جەھەتتە ئۇقۇشماسلىق كېلىپ چىقاتتى. پۇل تارقىلىپ تۆت سائەت بولغاندا ۋۇ جوڭشىن دەرھال پۇلنى يىغىۋېلىپ كېرەكسىز قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسئۇد پانتۈركىزم تەشۋىقاتى قىلىشتا پۇرسەت بولسىلا ھېچقانداق پۇرسەتنى كەتكۈزمىگەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ھۆكۈمەت ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالىمىدى. بۇنىڭدىن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت كۈچلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە تېزلىكتە زورىيىپ، گومىنداڭنىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئىلىدىن سىقىپ چىقاردى. 2 - يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا يەنە ئالتاي، چۆچەكلەرنى ئىشغال قىلدى، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاساسىي كۈچى ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا ئورۇنلىشىپ، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىي ئۈرۈمچىگە بىۋاسىتە تەھدىت سالدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەمدىلا پارتلىغاندا گومىنداڭ دائىرىلىرى بىر مەھەل خاتا ھالدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتسىلا قوراللىق قارشىلىق تۈگەيدۇ دەپ قارىغان ئىدى. ئەمما 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ غۇلجا قوزغىلىڭىغا تولۇق سىڭىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇ قېتىملىق ۋەقەنىڭ مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندى. ۋۇ جوڭشىن تاشقى ئىشلار جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاپ قېلىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ئۈچۈن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن جايلارغا قوراللىق جازا يۈرۈشى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى مەسىلىنى ئىچكى جەھەتتىلا ھەل قىلدى. ئىمكان قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقىغا تېگىش قىلمىدى.

جياڭ جيېشى ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ كەينى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «تىنچلىق گېنېرالى» دەپ ئاتالغان ئارمىيە مەمۇرىيىتى مىنىستىرى جاڭ جىجوڭنى مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئەۋەتتى. مەسئۇد بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن جياڭ جيېشىغا خەت يېزىپ، مەركەزنىڭ قارارىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، شىنجاڭ خەلقىنىڭ باج سېلىقلىرىنى يېنىكلىتىش ، قامالغان بىگۇناھ خادىملارنى قويۇپ بېرىش قاتارلىق شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى 15 تۈرلۈك تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئارقىدىنلا جاڭ جىجوڭغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ مەركەزنىڭ قارارلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى يەنە بىر قېتىم بايان قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ئارزۇسى بارلىقىنى، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش ئۈمىدىنى بايان قىلدى. جاڭ جىجوڭ بۇ ئىشتىن ئىلگىرى مەسئۇد بىلەن كۆپ باردى-كەلدى قىلمىغاچقا ئۇنىڭ جياڭ جيېشىغا تەكلىپ بەرگەنلىكى ۋە ئۆزىگە خەت يازغانلىقى ئۇنىڭدا مەسئۇدقا قىزىقىش پەيدا قىلدى. يەنە كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بىر رەھبەرنىڭ مەسئۇدنىڭ جىيەن ئوغلى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجوڭ چوڭچىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن مېڭىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ۋۇ جوڭشىنغا تېلېگرامما يوللاپ، مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنى ئۈرۈمچىگە مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرغىلى ئېلىپ كەلمەكچى بولغانلىقىنى، ۋۇ جوڭشىندىن بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ ئاي ئىلگىرى جياڭ جيېشى ۋۇ جوڭشىندىن مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىشى توغرىسىدا پىكىر ئالغاندا، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد، ئەيسا قاتارلىقلار پانتۈركىزم ئىدىيەسىدىن ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن ئۇلارنىڭ شىنجاڭغا قايتىشىغا بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پىكرىدە چىڭ تۇرغانىدى. دەسلەپكى چاغلاردا ۋۇ جوڭشىننىڭ شىنجاڭنى تەرتىپكە سېلىش ئىشەنچىسى زور ئىدى. ئەمما شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتتە ئۈرۈمچى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ بىۋاسىتە تەھدىتىگە ئۇچراپ، ھال ـ ئەھۋالى خەۋپ ئىچىدە قالغان ئىدى. ۋۇ جوڭشىننىڭ ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مادارى قالمىغان ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىغان جاڭ جىجوڭنىڭ مەسئۇدنى ئېلىپ كېلىش تەلىپىنى ئۇ تەبىئىي ھالدا رەت قىلالمايتتى. ئۇ جو شياۋلياڭ بىلەن بىللە بىرلەشمە تېلېگراممىا يوللاپ، مەسئۇدلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋەزىيەتكە پايدىلىق بولىدىغانلا بولسا قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جاڭ جىجوڭ ۋۇ جوڭشىنغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە مەسئۇدلارنى بىللە ئېلىپ كەلمەي ۋۇ جوڭشىننىڭ تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ھەمدە ۋۇ جوڭشىن يۇز تۇرانە قوشۇلغاندىن كېيىن 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا شىنجاڭغا ئىككىنچى قېتىم تىنچلىق سۆھبىتىگە كەلگەن چاغدا ئۇلارنى ئاندىن بىللە ئېلىپ كەلدى.

## شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدى ئەمەلگە ئېشىش

جاڭ جىجوڭنىڭ سىياسىي فاڭجېنى مەسئۇدنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ئۈمىدىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى.

1945 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەسئۇد ۋە مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالار جاڭ جىجوڭنىڭ چاقىرىقى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭغا قاراپ ئۇچتى. ۋۇ جوڭشىننىڭ مەسئۇد قاتارلىقلارغا بولغان تونۇشى ياخشى بولمىغاچقا ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا پەقەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى زېڭ شياۋلۇ ۋە ھەرقايسى نازارەتلەرنىڭ نازىرلىرىنى ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئايرودرومغا ئەۋەتتى. ۋۇ جوڭشىن جاڭ جىجوڭ بىلەن كۆرۈشكەندە سەممىيلىك بىلەن: «مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشۈشىنى تەشەببۇس قىلمايمەن، سۆھبەتكە قاتنىشىشىنى تېخىمۇ تەشەببۇس قىلمايمەن. مۇبادا سۆھبەتتە قىيىنچىلىق تۇغۇلسا، ۋەزىيەتنى قايتا پەملەپ، مەسئۇدلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ سالا قىلىش ـ قىلماسلىقىنى قارار قىلساق» دېدى . چۈنكى سۆھبەتنى قارار قىلىش ھوقۇقى جاڭ جىجوڭنىڭ قولىدا بولۇپ، ۋۇ جوڭشىن ئۆز تەكلىپىنى ئۇنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى.

مەسئۇد ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا قايتىش چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا پۈتۈنلەي جاڭ جىجوڭغا تايانغانلىقىنى بىلەتتى . ئەمما بۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جوڭشىنغا كۆڭلىدە قاتتىق ئۆچ بولۇپ، كۆرۈنۈشتە ئۇنى ئىنتايىن ھۆرمەتلىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ۋۇ جوڭشىن بىلەن كۆرۈشكەندە، ھەممىشە «كەمتەر پوزىتسىيە» تۇتۇپ، ھەدەپ خۇشامەت قىلىپ، ئۇنى «ھازىرغىچە مەركەزدىن كەلگەنلەر ئىچىدىكى تەڭداشسىز شەخس»، «بىز شىنجاڭلىق تۇرۇپ شىنجاڭ تارىخىنى ۋۇ جۇشىدەك بىلمەيدىكەنمىز، مەن سىلىگە ھەقىقەتەن قايىل بولدۇم» دەپ ماختايتتى. ۋۇ جوڭشىن ئۇلارغا بىر يىللىق سىياسىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغاندا داۋاقىتتا مەسئۇد قاتارلىقلار «ئىنتايىن قايىل» بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى «چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇش ھېسسىياتى» دا بولدى. سۆھبەت مەزگىلىدە ۋۇ جوڭشىن ئۆزىنىڭ خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى سۆزلىگەندە مەسئۇد دەرھال ۋۇ جوڭشىننىڭ سۆزىنى ئىسلام دىنى كىتابلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، «ئىسلام دىنىنىڭ قۇرئاندىمۇ ‹ئومۇمەن مەدەنىيىتى قالاق مىللەتلەر چوقۇم مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن ئۆگىنىشى كېرەك، بولمىسا مۇھەممەد پەيغەمبەر رۇخسەت قىلمايدۇ› دېگەن . بۇ مېنىڭ پىكرىم ۋۇ جۇشىنىڭ پىكرىگە ئوخشاش» دېگەنلىك ئىدى. ۋۇ جوڭشىن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ «يۈكسەك ئاپتونومىيەسى» نى تەشەببۇس قىلىدىغان مەسئۇد قاتارلىقلارغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاتالمىش ئاپتونومىيە ئاسانلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، چوقۇم مۇناسىپ قەدەملەرنى بېسىش ھەمدە زۆرۈر بولغان شارائىتلارنى ھازىرلاش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا پەقەت قۇرۇق نامىلا بولۇپ ئەمەلىيىتى بولمايدۇ» دېدى. ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ۋۇ جوڭشىن ئۇلارنى ئۆزىگە رام قىلىشنى ئويلاپ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلارنىڭ «ھالىدىن خەۋەر» ئېلىپ، ئۇلارغا خۇرۇم چاپان، سوكنا قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدى. قۇربان ھېيت ۋاقتىدا ئۇلارنى جاڭ جىجوڭ بىلەن بىرلىكتە زىياپەتكە چاقىرىپ ئۇلارنىڭ ھېيتىنى «تەبرىكلەيدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. 1945 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالارنىڭ ھەربىرىگە 200 مىڭ يۈەندىن فابى (1935 ـ يىلىدىن كېيىن گومىنداڭ تارقاتقان قەغەز پۇل) ھەدىيە قىلدى. ئۇچەيلەن بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ ھەدىيەنى تاپشۇرۇۋالدى.

ۋۇ جوڭشىن مۇشۇنداق ھېسسىيات ئالاقە شەكلى ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكە-

تىنى تىزگىنلەشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، مەسئۇد ھەرىكىتىنى تىزگىنلىمەيلا قالماستىن، مەركەز رەھبىرى سالاھىيىتى بىلەن ھەممە يەردە ئالدامچىلىق قىلىپ، دۆلەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى . 1945 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەسئۇد قاتارلىقلار تۇرالغۇسىدا يىغىن ئېچىپ، شەرقىي تۈركىستان تەشۋىقاتى ئارقىلىق بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتتى. ئىككىنچى كۈنى يەنە ئوخشاش يىغىن چاقىرغان بولۇپ، يىغىنغا 50 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار يىغىن ئارقىلىق ئاتالمىش «يۇكسەك ئاپتونومىيە» تەشەببۇسىنى تەرغىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۈرۈمچى نەنگۈەن (جەنۇبىي قوۋۇق) دىكى مەسچىتلەر ۋە ئاما بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئاممىنى ئازدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «يۇكسەك ئاپتونومىيەسى» نى ھەل قىلىپ بېرىش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتالمىش «تۈرك مىللىتى» نى تارتىۋاتقان ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار يەنە مەسچىتلەرنىڭ چوڭ ئاخۇنلىرى ۋە ئىماملىرىدىن ئېتىقادچى ئاما يىغىلغاندا ئۇلارغا يۇقىرىقى قاراشنى دادىللىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنى، ئالدىنقىلارنىڭ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالماسلىقىدەك كەيپىياتنى دورىماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان بىر قىسىم ئاما تەپتارتماستىن: «خەنزۇلارنىڭ مادارى قالمىدى. ھاكىمىيەتنى تېزدىن بىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىشى كېرەك. بولمىسا ئۇلارنى يوقاتقىلى پىچاق، پالتا، كالتەك تەييارلاپ قويدۇق» دەپ داۋراڭ سالدى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان ئاممىنى، ھەتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خۇيزۇ ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئازغۇن تەشۋىقاتلىرىغا ئىشەنمىگەن ئۇيغۇر ئاممىسىنى بىردەك چەتكە قېقىپ، ئۇلارغا بوھتان چاپلاپ زەربە بەردى.

ۋۇ جوڭشىن ئېرىشكەن ئاخباراتلار مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن مەخپىي ھالدا ئۈرۈمچىدىكى خەنزۇلارغا قارشى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى، ئەيسانىڭ ئۇلارغا بىۋاستە مەدەت بېرىپ، يول- يورۇق بېرىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئاممىنى پائال ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ۋۇ جوڭشىن بىرىنچى قول ئىسپاتلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن قاتتىق نارازى بولۇپ ئۇلاردىن ئاغرىنغان ھالدا، ئۇلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق بولۇۋېلىپ مەركەزنى بىر نەچچە يىل ئالدىدى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى يەنىلا جېدەلگە قۇترىتىش بىلەن خۇلاسىلەندى، ئۇلار نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىپ بەردى. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ، دېدى . ئۇ يەنە ھەسرەتلەنگەن ھالدا: مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ بىلىمى، تالانتى، ئابرۇيىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تار مىللەتچىلىكى ئىنتايىن ئېغىر. مەركەزدىكى ئاز سانلىق زاتلار ئۇلار تەرەپكە ئېغىپ، ئۇلارغا ئالدىنىپ، ئۇلارنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇق پىسخىكىسى ۋە ئاساسسىز سەپسەتىلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ نامىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەركەزنى، ئەمدى مەركەزنىڭ نامىنى كۆتۈرۈۋېلىپ شىنجاڭنى قالايمىقان قىلغىلى تۇردى. ھەممىسىنىڭ مەقسىتى نام-شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇش، ئوتتۇرىدىن مەنپەئەت ئېلىش» دېدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە بولغان غەزىپىنى باسالماي، جاڭ جىجوڭغا بىۋاستە تەكلىپ بېرىپ، «مەسئۇدلارنى بالدۇرراق ئىچكىرىگە ئەۋەتىۋېتىش» نى تەلەپ قىلدى. چوڭچىڭدا تۇرۇۋاتقان جياڭ جيېشىمۇ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ باشقا ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ، جاڭ جىجوڭ، ۋۇ جوڭشىنلارغا ئۇلارغا كۆپرەك دىققەت قىلىشنى تاپىلىدى. مەسئۇدنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى نۇرغۇن يەرلىك ئۇيغۇر زاتلىرىنىڭمۇ نارازىلىقىنى قوزغىدى. يەرلىكلەرنىڭ قارىشىچە، مەسئۇدنىڭ «شىنجاڭدا يۇكسەك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش كېرەك دەپ چۇقان سېلىشى» ماھىيەتتە يەرلىك خەلق ئويلىغاندەك بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ ئورنى ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن «خەلقلەر ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنى بۆلىۋېتىش»، شىنجاڭنى «مەڭگۈ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان پاجىئەگە پاتقۇزۇش» تەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى.

ئەمما جياڭ جيېشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى، ۋۇ جوڭشىنىنىڭ غەزەپلىنىشى ۋە ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ قارشى تۇرۇشى جاڭ جىجوڭ قاتارلىقلارنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بېكىتكەن فاڭجېنى : مەسئۇدنى ھۆرمەتلەپ، سۆھبەت تارازا تېشىنى ئېغىرلىتىش، بۇ ئارقىلىق يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش فاڭجېنىنى ئۆزگەرتەلمىدى. 1946 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ۋۇ جوڭشىن مەسئۇدنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەپتىشلىككە تەيىنلەنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى مەركەزگە قايتا ـ قايتا بىلدۈردى. ئەمما مەركەز ئۇنىڭ پىكىرىگە قۇلاق سالمىغاچقا جاڭ جىجوڭدىن قاتتىق نارازى بولدى. ئۇ ئىستېپا بېرىپ شىنجاڭدىن كېتىدىغان چاغدىمۇ جاڭ جىجوڭغا كۆيۈنگەن ھالدا نەسىھەت قىلىپ: مەسئۇد قاتارلىقلار بۇ قېتىم شىنجاڭدا تۇرۇش داۋامىدا، گەرچە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشتا قەت-

www.uyghurkitap.com



ئىي چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي تۈركىستان ئىدىيەسىدىن ۋاز كېچەلمىدى. مۇقەررەركى، ئۇلار ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئەل رايىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تەشكىلاتلارنى ئۆزگە تارتىپ، كۈچ شەكىللەندۈرمەكچى، بۇ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا جېدەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەسئۇد قاتارلىقلارنى زىيادە ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك لازىم، دېدى . ئەمما جاڭ جىجوڭ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، مەسئۇدنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى قەتئىي پوزىتسىيەسىدىن پايدىلانماقچى بولدى. ئۇ ۋۇ جوڭشىنغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ: ئىككىمىزنىڭ شىنجاڭنى تۈزەش پىكرىمىزنىڭ 80 پىرسەنتى ئوخشاش، پەقەت مەسئۇدقا بولغان پوزىتسىيەمىز لا ئوخشىمايدۇ. مەن يەنىلا مەسئۇد قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەيمەن، دېدى. ۋۇ جوڭشىن شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن مەسئۇد 1946 ـ يىلى ئاخىرى ئىشقا چۈشۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىشلىك ئورنىغا چىقتى.

## پەيدىنپەي ئۆرلەپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئىگىلەش

مەسئۇد قاتارلىقلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدىن ژۇرنال چىقىرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنىدى. ئەمما ئۇ چاغدا، ئىلىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبىيدىكى چوڭچىڭدا تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ ژۇرنالنىڭ غەربىي شىمالغا جايلاشقان شىنجاڭغا بولغان تەسىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. بۇ قېتىمقى شىنجاڭغا قايتىش ئۇلارغا ژۇرنالنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى. شۇڭا مەسئۇد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن باشلاپ، «ئالتاي» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ نامىنى ئالتاي نەشرىياتىغا ئۆزگەرتىپ ئادەملىرىنى كۆپەيتتى. داغدۇغا قوزغاپ ژۇرنالنىڭ تەسىرىنى زورايتىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەشنى قارار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە كەڭ ـ كۆلەمدە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلاپ، ئەزالارنى تىزىملاش جەدۋىلىنى كەڭ ـ كۆلەمدە تارقاتتى. ئۇلارنىڭ سەپەرۋەرلىكى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەيلا قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ سانى مىڭدىن ئاشتى. 80 كىشىنى تاللاپ پەخرى كومىتېت قۇرۇپ، مەسئۇد مۇدىر ھەيئەتلىكنى زىممىسىگە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاممىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلاپ ، بارلىق كۈچى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنى «دۆلەت قانۇنىنى كۆزگە ئىلمىدى، خەلققە ئۇۋال قىلدى» دەپ جار سالدى. بۇ ئىشنى ئۇ ئاممىنىڭ رايىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان ئىدى.

1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئالتاي نەشرىياتىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى. مەسئۇد نەشرىياتنىڭ پەخرى باشلىقلىقىنى، مۇھەممەد ئىمىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى. كۈندىلىك خىزمەتلەرگە ئەيسا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان 15 كىشىلىك دائىمىي ھەيئەت رىياسەتچىلىك قىلدى. بۇ مەسئۇد باش بولغان مەتبۇئات تەشكىلاتىنىڭ نامى نەشرىيات بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ مەسئۇد قاتارلىقلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى بىر پانتۈركىزم تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت ياشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تورىغا چۈشۈرۈش ۋە ئالداش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنى پارچىلاشتىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىلىمات شەكىللەندۈرۈش، ئۇنىڭغا ئاساس سېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. 1947 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، نەشرىياتتا يەنە ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلۇپ، بۇنىڭ قارمىقىدا تارىخ-جۇغراپىيە بۆلۈمچىسى، يېزىق بۆلۈمچىسى ۋە قىرائەتخانا تەسىس قىلىندى. بۇ ئاپپاراتلار قارىماققا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرى بۆلۈمىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ماھىيىتى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنى تارقىتىش ئۈچۈن تارىخ ۋە نەزەرىيۋى ئاساسلارنى تۈزۈش ئىدى. قىرائەتخانىنىڭ كىتابلىرى تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق چەت ئەلدىن سېتىۋېلىنغان ياكى چەت ئەلدىن ئىئانە قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچىسى پانئىسلامىزم، پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى ئۆيدۇرۇپ چىقىرىشى، «پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم» ئىدىيەسىنى تارقىتىشىغا «ئىلھام» ئاتا قىلاتتى. ئىلمىي جەمئىيەت ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم قەرەللىك يىغىن ئېچىپ، ئاساسلىقى مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار خىيالىدىكى «شىنجاڭ تارىخى» ۋە پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلاتتى. نەشرىيات ئۇيغۇر، قازاق تىلىدىكى قەرەللىك ژۇرنال «ئالتاي ئايلىق ژۇرنىلى»، «ئەرك گېزىتى» نى چىقارغاندىن سىرت يەنە بەزى كىتابلارنى نەشر قىلدى. ئالايلۇق، پولات قادىرنىڭ «ئۆلكە تارىخى» مۇشۇ مەزگىلدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بۇ مۇھەممەد ئىمىننىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» دىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان پانتۈركىزمنى تەشۋىق قىلىپ تارىخنى بۇرمىلايدىغان يەنە بىر كىتاب ئىدى.

بۇ مەزگىلدە مەسئۇد ئالتاي نەشرىياتىنى تايانچ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەشكىلى سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى، ئۇيغۇر تىلىدىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىدا، «شىنجاڭ» دېگەن سۆزنى تەپتارتماي ئوغرىلىقچە «چىنى تۈركىستان» دەپ ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدىكى تۈرك تىلىنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنى بىردەك «تۈرك مىللىتى» دەپ ئاتىدى. خەنزۇ تىلىدىكى نامى ئۆزگەرمەي، ئۇيغۇر تىلىدىلا «چىنى تۈركىستان» ۋە «تۈرك مىللىتى» دېگەن ئىبارە قوللىنىلغاچقا خېلى ئۇزاققىچە كىشىلەر بۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلىپ

كەتمەدى.

مەسئۇدنىڭ بۇ چاغدىكى سالاھىيىتى — شىنجاڭنىڭ تەپتىشى ئىدى. نەزەرىيە جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن يەرلىكنى تەپتىش قىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى، ئەمما بۇ ئورۇننى ھېچكىم ئالاھىدە ھۆرمەتلىمەيتتى. ھەتتا مەسئۇدمۇ شۇنداق قارايتتى. بۇ چاغدا ئۇ داۋاملىق شىڭ شىسەي ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش ئارقىلىق ئابرۇيىنى ئۈستۈرگەندىن باشقا يەنە ئاساسلىق زېھنىنى پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنى تارقىتىشقا قاراتقان ئىدى. 1947 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كېڭەش يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، مەسئۇد تەپتىش سالاھىيىتى بىلەن ئاشكارا ھالدا: «شىنجاڭ تۈركلەرنىڭ يۇرتى، بىز چوقۇم مەيدانمىزنى مۇستەھكەملىشىمىز، چىنىي تۈركىستان قۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم»، دېدى . ئۇ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئالتاي نەشرىياتى كىتاب، ژۇرنال ، گېزىت قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن شىنجاڭدىكى بىر نەچچە ئاز سانلىق مىللەتنى «تۈرك» مىللىتى، شىنجاڭنى «تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، بۇ ۋاستىلەرنى تەكرار قوللىنىش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈشنى پىلانلىدى. بۇ خىل ئۇسۇل راستىنلا ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئەينى چاغدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، ھەتتا قازاقلار، قىرغىزلارمۇ خاتا چۈشەنچە بىلەن ئۆزلىرىنى تۈرك مىللىتى دەپ قارىدى. بەزى خەنزۇلارمۇ بۇ مىللەتلەرنى تومتاقلا «تۈرك مىللىتى» ھەتتا «تۈركىيە مىللىتى» دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى چاغدىكى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزم تەشۋىقاتىنىڭ داغدۇغىسىنىڭ ئەزۋەيلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمما «تۈرك» مىللىتىنى يارىتىش ئاسان ئەمەس ئىدى. گەرچە ئۇيغۇر، قازاق يېزىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەرەبچە ھەرپ قوشۇلۇپ يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا تىلى بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ تىلىدا ئالاقىلىشىش قىيىن ئىدى، ھەتتا ئۇلارغا تەرجىمان كېتەتتى. مەسئۇدلار سىياسىي زۆرۈرىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر ئورتاق تىل يارىتىشقا تەييارلىق قىلدى. شۇڭا مەسئۇد مەخسۇس «ياش تىل خىزمەتچىلىرىنىڭ تۈرك تىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش سۆھبەت يىغىنى» نى چاقىرىپ، يىغىندا: «بىزنىڭ سۆھبەت يىغىنى ئېچىشىمىزدىكى مەقسەت ‹تۈرك تىلى› ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى بىرلىككە كەلمەسلىك، بۈگۈنكى كۈندە بەزى سۆزلىرىمىزنىڭ رۇسچىلىشىپ كېتىشىنى ھەل قىلىش. ھازىر ئەسلىدىكى سۆزلۈك ۋە گىراماتىكىمىزنىڭ كۆپ قىسمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇڭا نۆۋەتتە سىرتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىشىمىز، ئەسلىدىكى سۆزلۈك ۋە گىراماتىكىنى قوللىنىپ، يېزىقىمىزنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز لازىم» دەپ بەلگىلىدى.

مەسئۇد قاتارلىقلار تىل - يېزىقنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپ داۋراڭ سالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماقالە ۋە نۇتۇقلىرىدا تۈرك تىلى سۆزلۈكى، گىراماتىكىسىنى كۆپلەپ ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاتالمىش تىل - يېزىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش — ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇش، «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىغا تاقابىل تۇرۇش، ھەممىنى «تۈركلەشتۈرۈش»، بۇ ئارقىلىق بىر ئورتاق تىل — تۈركلەشكەن ئۇيغۇر تىلىنى شىنجاڭدىكى باشقا «تۈرك مىللىتى» تىلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىدى.

1944 - يىلدىن 1947 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ شىنجاڭنى تۈزەش سىياسىتىدىكى «ئۈچ ۋىلايەت» نى ئىسكەنجىگە ئېلىشتىكى مۇھىم شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن جەنۇبىي - شىمالىي شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلدى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا، ئۇ شىڭ شىسەيگە قەتئىي قارشى تۇرغانلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت ۋە قەشقەردىن باشقا كۆپ قىسىم رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئىدىيەسىدە ئېھتىياتچان بولدى. جاڭ جىجوڭ دېموكراتىيە — سىياسىينىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، ئۇ پارتىيەگە قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى، غەيرىي ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلىشى كېرەك دەپ قارايتتى. شۇڭا مەسئۇدقا قارىتا سەۋرچان بولۇش پوزىتسىيەسىنى قوللاندى. مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ، جاڭ جىجوڭ «تىنچلىق سىياسىتى» نى نىسبەتەن سىلىق يولغا قويغان تۇرۇقلۇق يەنە زور دەرىجىدە قارشىلىققا ئۇچرىدى. قەشقەرگە بارغان چاغدا بىر قىسىم ئاممىنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ، شۇنىڭ بىلەن «ئۈچ ۋىلايەت» كە مەجبۇرلاش، قاتتىق قول بولۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش قارارىنى تېزلەتتى، ھەمدە مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە كۆرسەتمەكچى بولدى. مەسئۇدنىڭ ئورنى پەيدىنپەي يۇقىرى ئۆرلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھوقۇقى يۇقىرى پەللىگە چىقتى.

1947 - يىلى 5 - ئايدا، مەسئۇد شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ پىكرى بىلەنلا رەئىس بولۇپ قالماستىن، بەلكى جياڭ جيېشىمۇ بۇنى بالدۇرلا ئويلاشقان ئىدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا جاڭ جىجوڭ جياڭ جيېشىغا خىزمەت دوكلاتى يوللىغاندا، جياڭ جيېشى مەسئۇدنى رەئىسلىككە تەيىنلەش توغرىسىدا جاڭ جىجوڭدىن پىكىر ئالدى ھەمدە «مۇشۇنىڭغا باغلاپ ئۇنى تىزگىنلەش» ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق شىنجاڭنى كون-

uyghurkitap.com

تورۇل قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. جياڭ جيېشى مەسئۇد تەشەببۇس قىلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان مىللىي تېررىتورىيىسى» نەزەرىيەسىنى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى، مەسئۇد قاتارلىقلار بىلەن بەلگىلىك سىياسىي رامكا ئىچىدە ھەمكارلىشىپ، «ئۇلارنىڭ قورۇق گەپ سېپتىپ ئىشلارغا دەخلى قىلىشىغا يول قويماسلىق» ئىدى. جاڭ جىجوڭمۇ مەسئۇدنىڭ دېموكراتىيە توغرىسىدىكى لاپلىرى ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان سىياسىي ئۆچمەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، «ئۈچ ۋىلايەت» نى تىزگىنلىمەكچى بولدى.

مەسئۇد تەپتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان چاغلاردا، «يۇكسەك ئاپتونومىيە» نى تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، قولىدا ئەملىي ھوقۇق بولمىغاچقا ھوقۇقدارلارغا يول قويۇپ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا، سىلىق بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئۇ شىنجاڭنىڭ رەئىسىدىن ئىبارەت مۇھىم ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئەيمىنىش ئازلاپ كۆڭدىن كۆڭگە ئوچۇق — ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئوخشاش يولدىكىلەر تەسىس قىلدۇرغان «ئەرك گېزىتى»، «تاڭ نۇرى گېزىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستانى» قاتارلىق گېزىت — ژۇرناللارنى دەرھال قوللاپ، دېموكراتىيە توغرىسىدا ئاغزى — ئاغزىغا تەگمەي لاپ ئۇرغاندىن باشقا يەنە پانتۈركىزم ۋە ئاتالمىش «يۇكسەك ئاپتونومىيە» تەشۋىقاتىنى ئاساسىي مېلودىيە قىلدى. ئۇ ھەتتا ئۆزى بىر سىياسىي ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى، ئۇ كىتابىدا قىلچە يوشۇرماي: بىز تۈركلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ۋەتىنىمىز پەقەت تۈركىيە، تۈركىستانلا ئەمەس، بەلكى بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك «تۇران» دېدى . ئاتالمىش «تۇران» بارلىق تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتەتتى.

مەسئۇد ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ قەتئىي قارشىلىقى ۋە چەكلىشىگە ئۇچرىدى. ئۇ كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان يىلىدىكى روزا ھېيت مەزگىلىدە باشقىدىن تەشكىللەنگەن ئاتلىق ئەسكەرلەر 1 — دېۋىزىيەسىنىڭ كوماندىرى ما چېڭشياڭ قاتارلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، مىللەت، دىن ئەسەبىيلىرىنى قوترىتىپ، شىنجاڭ گارنىزون باش ئىشتابى ئالدىدىكى خەلق مەيدانىدا زور كۆلەمدىكى ناماز ئوقۇش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇردى. ما چېڭشياڭلار ئورۇنۋالغان مەسئۇد ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك مىللىي كىيىم كىيىپ بېشىغا سەللە ئورىغان ھالدا خەلق مەيدانىغا كېلىپ، ھىمايىچىلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە قولىدىكى ھوقۇق ۋە تەشۋىقات قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى تولۇقلاپ ، ئۈچ ۋىلايەتتىكىلەرگە بېسىم ئىشلەتتى ۋە «قىزىل پاچاق» لار دەپ تىللىدى ۋە ھەممە يەردە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن قارشىلاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ مەسئۇد بىلەن تىركىشىش ئۈچۈن ئۇنى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇرلىدى، ئۇنى پاش قىلدى، توستى، بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەزى رايونلار قوللاش ياكى قورالىق قوزغىلاڭغا تەشكىللەش ئارقىلىق گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى مەسئۇدنى ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسىدە يول قويۇشقا مەجبۇرلىدى. ئەمما مەسئۇد ئۆزىنى ئالىي ھوقۇقدار دەپ قاراپ ئۇلارغا يول قويمىدى. ئۇ باشقۇرۇۋاتقان گېزىتتە ھەتتا «قالايمىقانچىلىقنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ، قورال كۈچى ئارقىلىق خەلقنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ قانخورلۇق قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، مەسئۇد گومىنداڭ ۋەكىلى رولىنى ئېلىشقا رازى بولماي، يەنە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن قەتئىي دۈشمەنلەشتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇزاقتىن بۇيان كۆڭلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش كەيپىياتىنى تەدرىجىي ئاشكارىلاپ، ھەر خىل ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، تار مىللەتچىلىك ئېڭىنى خالىغانچە كۈچەيتتى، ۋەتەن كۆزقارىشى ئاجىزلىشىپ، مىللىي ئاراز پەيدا قىلىپ، خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ، خەنزۇلارنى يەكلەشكە قوتراتتى. ھەتتا ئاشكارا سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە قارىتا تۇتقان ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيەسىنى يىغىشتۇرۇپ، گومىنداڭدىن كۈنسايىن يىراقلىشىپ، دېموكراتىيەنى دەستەك قىلىپ بېسىم ئىشلىتىپ، «يۇكسەك ئاپتونومىيە» نى تەلەپ قىلدى. ئۇ دەۋاتقان «يۇكسەك ئاپتونومىيە» مۇستەقىللىقنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىپ، جاھانگىرلارنىڭ بېقىندى دۆلىتى قىلىۋېلىش ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەي خۇەنشىن (ئەلتوغرۇل 1948 — يىلى) تەشۋىقات ۋە ھال سوراش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا قىلچە ھېيىقماستىن: «مېنى جياڭ جيېشى، جاڭ جىجوڭ ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ رەئىس (مەسئۇدنى دېمەكچى) ئۆزى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن سۆزگە دىققەت قىلىڭلار، مەركەز، مۇدىر جاڭ جىجوڭ دېگەنلەرنى تىلغا ئالماڭلار؛ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللەت ئۈچۈن خەنزۇلار بىلەن قىلغان كۈرەشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى چىقمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مىللەت ئۈچۈن تېخىمۇ كۈرەش قىلغاندا ئاندىن ئىستىقبالىمىز بولىدۇ. ھازىر ھاكىمىيەت قولىمىزدا. مېنىڭ بۇ يەردە سۆز قىلىشىمدىكى مەقسەت ئاممىنى مىللىي ئاڭ بىلەن سۇغىرىش،

ئۆز مىللىتىمىزدىن بولغان رەئىسنىڭ ئارزۇسىنى ئاممىغا بىلدۈرۈش، خەلقنى ئۆز مىللىتى، ئوخشاش دىنىدىكى رەئىسگە بەيئەت قىلدۇرۇپ، ئۇلاردا مىللەت كۆزقارىشىنى ئويغىتىش. مۇشۇنداق بولغاندا خەنزۇلار تورك مىللىتىگە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ» دېدى .

بۇ قىسقىغىنا سۆزدىن ئۇلار — ئاتا ـ بالىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىش، شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش ئارزۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ سىياسىي ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەسئۇد قاتارلىقلار توختىماي ھەرىكەتلىنىپ ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ جېدەل ـ ماجىرا چىقىرىش، خەلقلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۇسلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش بىلەنلا قىلماي يەنە گورۇھ ـ شايكا تۈپلاش ئارقىلىق باشقىلارنى تازىلىماقچى بولدى. ھەر ۋاقىت ئۆز گورۇھىدىكىلەرنى ۋەزىپىگە قويۇپ كۈچىنى زورايتتى. ئالايلۇق، مەسئۇد مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپلا قالماي يەنە بىر تۈركۈم پانتۈركىزمچىلارنى ۋالىي، ھاكىم، ئۇيۇشما (ئۇيغۇرلار ئۇيۇشمىسى) مەكتەپلىرى ۋە نۇقتىلىق مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ ئوغلى مەي خۇەنشىنمۇ يالغاندىن ئاتىسىنىڭ نامى بىلەن يەرلىك ئەمەلدارلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئەدلىيە، مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىپ، «ھاكىمىيەتنىڭ ھەيۋىسى بىلەن باشقىلارنى چەتكە قاقتى». ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرىۋالغان ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى ئەيسا ھەتتا ئۆز مىللىتىدىن بولغان خىيانەتچى ئەمەلدارلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقا ئاشكارا قارشى تۇردى. بىر ئۇيغۇر يىگىت كورلىنىڭ ھاكىمى قادىرنىڭ زۇلمى ئۈستىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنغاندا باش كاتىپ ئەيسا ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا: «سىلەرنىڭ مەن بىلەن كۆرۈششىڭلاردىكى مەقسەت ئۆز مىللىتىمىزدىن ھاكىم تولۇقلاشتىن نارازى بولۇشمىدى؟ ئەگەر ئۇيغۇر ھاكىملارنى ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ خەنزۇلارنى ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە قويساق رازى بولامسىلەر؟ بۇنداق قىلغاندا ئۇيغۇرلار قاچان قۇللۇق كىشەنلىرىدىن ئازاد بولىدۇ؟ سىلەر چوقۇم سەمىمىيەت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىڭلار، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشىڭلار، يىراققا نەزەر تاشلىشىڭلار، خەنزۇلارغا ئېغىپ كەتمەسلىكىڭلار ... كېرەك» دەپ ئەيىبلىدى. مەسئۇدلارنىڭ قەلبىدە خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش، خەنزۇلارنى يەكلەش ھەق ـ ناھەقنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى.

مەسئۇد سالاھىيىتى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى شىنجاڭغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، پۈتۈنلەي خەۋپ ـ خەتەر ئىچىدە قالغان شىنجاڭ جەمئىيىتىگە ئېغىرمۇ زور داۋالغۇش ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەسئۇد باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت ئۆزلىرى بېكىتكەن پىرىنسىپلارغا پەرۋا قىلماي، ھۆكۈمەت تارقاتقان «دېموكراتىك سىياسىي» ئۆلچىمىنى باشلامچىلىق بىلەن بۇزۇپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى ئېغىرمۇ تەرتىپسىزلىك ۋە قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم قىلىپ، سىنىپىي زىددىيەتلەرنى ئېغىرمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ خىل ئەھۋالغا مەسئۇدنى نامزاتلىققا كۆرسىتىپ ئۇنىڭغا كەڭ قورساقلىق قىلغان جاڭ جىجوڭمۇ سەۋرى قىلالمىدى. ئۇ 1948 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۇ شەخسىي سالاھىيىتى بىلەن مەسئۇد ۋە ئەيساغا بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئىغۋا تارقىتىپ ئىش تېرىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى.

جاڭ جىجوڭ بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، مەركەزدىكى مەسئۇدنى قوللايدىغانلارنى قايىل قىلىپ، 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەسئۇدنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر ساھە قوبۇل قىلالايدىغان ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرى بۇرھاننى رەئىسلىككە تەيىنلەشنى تەۋسىيە قىلدى. شۇڭا جاڭ جىجوڭ يەنە مەسئۇدقا مەخسۇس تېلېگراما يوللاپ، «ئارا يولدا ئۆزگىرىش بولغاچقا قاتتىق ھەسرەتلىنىدىغانلىقى» نى، «مەركەزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، زۆرۈر تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغانلىقى» نى بىلدۈردى. جاڭ جىجوڭ بۇ يەردە تىلغا ئالغان «ئەمەلىي ئېھتىياج» ئۈچ ۋىلايەت بىلەن شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى تۈگىتىش دېگەنلىك ئىدى. بۇرھاننىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشىگە ئەگىشىپ بىر تۈركۈم پانتۈركىزمچىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. ئۇلار تەسىس قىلغان گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن توختىتىلدى. مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جاڭ جىجوڭنىڭ بۇ قېتىمقى ئورۇنلاشتۇرۇشى يىراقنى كۆرگەنلىك بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس بولدى.

## ئاخىرقى ئۆمرىنى ئېچىنىشلىق ئۆتكۈزۈپ، تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىش

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىدىن قالدۇرۇلغان مەسئۇد جاڭ جىجوڭنىڭ تەسەللىسىگە قايىل بولماي قاتتىق

uyghurkitap.com

غەزەپلىنىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىرادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى رەت قىلدى. مەسئۇد داۋاملىق شىنجاڭدا قېلىپ تۈيۈق يولدا مېڭىشنى قارار قىلىپ، ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان چۈشى» ئۈچۈن ھالاكەت ئىچىدە تىركەشتى.

مەسئۇد تەختتىن چۈشكەن چاغدا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ مەنزىلى ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. ئەمما مەسئۇد بۇنىڭغا قەتئىي تەن بەرمەي، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى غەربكە يۈرۈش قىلىۋاتقان، شىنجاڭ پەيدىنپەي تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشقا يۈزلەنگەن چاغدا بەزى شەرقىي تۈركىستانچى جاھىللار بىلەن بىرلىشىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا غالجىرلارچە قارشى تۇرۇشقا ئۇندىدى.

مەسئۇد شىنجاڭغا قايتىپ كېلىش ھارپىسىدا ئوتتۇرا شەرقتىكى خەلقئارا پانتۈركىزم كۈچلىرى بىلەن خۇپىيانە ئالاقە قىلدى. ئۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن يەنە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى مۇھاپىزەت كۈنلۈكى قىلىپ ئامېرىكىنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئۇرۇندى .

1948 – يىلى 10 – ئايدا نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەيدىكەن دېگەن خەۋەر تارقالدى. مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىنلار ئامېرىكا كونسۇلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارشى تەدبىر تۈزۈپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە: «شىنجاڭنىڭ كومپارتىيەنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىللىقتىن تۆۋەن ، ئاپتونومىيەدىن يۇقىرى» بولۇشتەك ئالاھىدە ئورنىنى تېزدىن ئېتىراپ قىلىش ھەمدە قانۇنىي شەكىللەر ئارقىلىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسىنىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن دىپلوماتىيە، ھەربىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش» تەكلىپىنى بەردى. ئۇزاق ئۆتمەي جياڭ جېيشى تەختتىن چۈشتى. مەسئۇد ئامېرىكا كونسۇلىنىڭ تەلىپى بويىچە لى زوڭرېنغا يېقىنلاشتى. لى زوڭرېن مۇۋەققەت زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن مەسئۇد دەرھال لى زوڭرېنغا ئالاقە ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە ئامېرىكىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنى كېڭەيتىش تەكلىپىنى بېرىپ، لى زوڭرېننىڭ رىغبەتلەندۈرۈش تېلېگراممىسىغا ئېرىشتى. كېيىندىنلا ئالاھىدە ئىشپىيونى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش بوغالتىرى ۋېي شىشىغا كۆرسەتمە بېرىپ، ئۇنىڭ نەنجىڭ گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە كاماندىروۋكىغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ لى زوڭرېن، خې يىڭچىنگە خەت ئەۋەتتى؛ ئامېرىكا كونسۇلى شۇئارتلېيدىن ئارقىلىق لى زوڭرېن، خې يىڭچىنگە ئىككى تەرەپتىن بىردەك قول سېلىپ مەسئۇدنى يۆلەپ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش توغرىسىدا مەخپىي كۆرسەتمە بەردى. لى زوڭرېن، خې يىڭچىنلار مەسئۇدنى ئەتىۋارلايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، پەقەت ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈدىغانلىقىمىنى بىلدۈردى شۇنىڭ بىلەن ۋېي شىشى نەتىجىسىز قايتىپ كەلدى.

مەسئۇد پىلانلىرى ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن ئۇ ئۈمىدىنى يەنە غەربىي شىمال ھەربىي – مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، قوماندانى مابۇفاڭغا باغلىدى. مەسئۇد ئەزەلدىنلا خۇيزۇلارنى مۇسۇلمان ھېسابىدا كۆرۈپ باقمىغان ئەدى، بۇ چاغدا ئۇ ما بۇفاڭ بىلەن بىرلىشىشكە ئالدىراپ، ما بۇفاڭنىڭ ھەربىي ئىشلاردا قوللىشى بىلەن شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ چىقىشقا ئۇرۇندى . شۇڭا ئۇ ئالدى بىلەن ئامېرىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇپ، ئاندىن ئامېرىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا ۋاسىتىچىلىق قىلدۇرۇپ، تېزدىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولدى. بۇنداق قىلغاندا دۆلەت ئىچىدە ھاكىمىيەت ئالماشقان تەقدىردىمۇ ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ بېكىتىلگەن پاكىتنى ئۆزگەرتمەك قىيىن بولاتتى. شۇڭا مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالار ئامېرىكا كونسۇلى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ، كونكرېت لايىھەنى مەسلىھەتلىشىپ، مۇھەممەد ئىمىننى خوتەنگە قايتۇرۇپ مۇستەقىل شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەشكىللەش، ئاندىن كېيىن ئەيسانى لەنجۇغا ئەۋەتىپ، مابۇفاڭغا بايراق تەقدىم قىلىپ سەممىيىتىنى بىلدۈرۈپ، مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە تاۋ سىيۇنىڭ ئورنىغا يې چېڭنى چىقىرىپ، ئۇنى شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلدۇرۇش، مەسئۇد، مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسالار ھۆكۈمەتنى قولىغا ئېلىش، ئوسمان «ئۈچ ۋىلايەت» كە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلاپ شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈستىدە ئىزدەندى.

ما بۇفاڭ بالدۇرلا غەربىي شىمالدىكى چېگرا رايون – شىنجاڭغا چىشىنى بىلەپ تۇراتتى. 1945 – يىلى ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 – كورپۇسىنى شىنجاڭغا يۆتكەشكە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭنىڭ كەلگۈسىدىكى شاھمات تاختىسىنىڭ بىر تال ئورۇقى بولۇپ قالدى. 1949 – يىلى ما بۇفاڭ غەربىي شىمالنىڭ ئارمىيە مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش قارا نىيىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. مەسئۇد ھەربىي ئىشلاردا ما بۇفاڭنى ھۆرمەتلەپ، تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تېزدىن بىرلىششنى ئۈمىد قىلاتتى. ما بۇفاڭ بىزنى چەت ئەلدە ئامېرىكا قوللايدۇ، دۆلەت ئىچىدە غەربىي شىمال مۇسۇلمانلىرى بار، يەنە كېلىپ ئۆزۈمىنىڭ قوشۇنلىرى بار، ئارزۇيۇمنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىدا ئۈمىد زور دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ مەسئۇدلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ھۆرمىتىدىن

رازى بولۇپلا قالماستىن يەنە شىنجاڭدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇسىغا مەسئۇدلار ئۈچۈن «ئۇيغۇر ياشلارنى مەشقلەندۈرۈش كۇرسى» تەشكىللەپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر 5 ـ كورپۇس ئىشچى ـ ئەسكەرلەر روتىسى دەپ نام بېرىپ، مەخپىي مەشقلەندۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇنىڭ بىلەن ما بۇفاڭ ماختىنىپ: «شىنجاڭ قولۇمدا، شىنجاڭدا ئارمىيەم بار، شىنجاڭلىقلار مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلار» دەپ لاپ ئۇردى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەسئۇد قاتارلىقلار گومىنداڭنىڭ ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغانلىقىدەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ بىۋاستە قوللىشىدا شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشىغا قارشىلىق قىلىپ، ۋەتەننى پارچىلاپ، مۇستەقىللىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى . ئەمما بۇ چاغدا پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتى ئۇلارنىڭ شېرىن چۈشىگە يول قويمىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ نۇرغۇن كىشىلىك زور قوشۇنىنىڭ بېسىمىدا، گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىيەت تارماقلىرى ئىچكى قىسمىدا ئىككى لاگېرغا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى تارىخ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شېرىن چۈشىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا كۆزى يەتمىگەن مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا گومىنداڭنىڭ ھەربىي مۇلكى ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكى جاھىللارغا ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرىدىن قاچتى. ھەربىي مۇلكى ئەمەلدارلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى تەيۋەنگە بېرىۋالدى. مۇھەممەد ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار چەت ئەلگە قېچىپ، بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

مەسئۇد قېچىشقا تەييارلانغان بولسىمۇ، يېشى چوڭىيىپ قالغانلىقى ۋە كېسەل سەۋەبى بىلەن قاچالمىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇ ئىزچىل ئۆز ئۆيىدە ئارام ئېلىپ، بىر مەھەل تىنچ ـ خاتىرجەم ياشىدى. سالامەتلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن كومپارتىيەنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ، قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن ئۆزى باشلامچى بولۇپ، خەلق مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان غەربىي چوڭ بىنا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تۇرۇشلۇق جاي)غا بېرىپ قوماندان ۋاڭ جېنغا ئۆزى بۇيرۇتۇپ ياساتقان بىر جۈپ تۇزلانغان غازنى سوۋغا قىلدى. ئەينى چاغدىكى غەربىي چوڭ بىنا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى بولۇپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئالىي ھەربىي مەمۇرىي قوماندانلىق ئورگىنى ئىدى. قاراۋۇل تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، تۈزۈم قاتتىق ئەمەس ئىدى. قاراۋۇللار مەسئۇدنىڭ كېلىش مەقسىتىنى سورىغاندىن كېيىن ئۇنى كىرگۈزىۋەتتى. كېيىن ئۇنىڭ ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ۋە گومىنداڭنىڭ جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى ئاشكارىلانغاچقا، ئۇ 1951 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىدى ۋە 1952 ـ يىلى تۈرمىدە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «شەرقىي تۈركىستان چۈشى» ئۆزۈل ـ كېسىل بەربات بولدى.

مەسئۇد كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇ ئىلىم يولىدا داۋاملىق ئىزدەنگەن بولسا بىر ئەۋلاد داڭلىق دوختۇر ياكى خەلققە بەخت يارىتىدىغان مەشھۇر ئالىم بولالايتتى. ئەمما ئۇ ئۆگەنگەنلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلققە مالىمانچىلىق، مۈشكۈلات ئېلىپ كېلىدىغان، بارسا كەلمەس تۇيۇق يولدا ماڭدى. ۋەتەن ۋە خەلق ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يولغا قايتماي، تۇيۇق يولدا جاھىللىق بىلەن ئىزچىل مېڭىپ، ئاخىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ لەنىتىگە قالدى.

مەسئۇدنىڭ كىشىلىك ھايات يولى بىلەن ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى ئۇ ئۆزى تاللىغان يولنىڭ سوۋغىسى بولدى، خالاس.

---

### ئىزاھلار:

① ئوسمان تۈركلىرىنىڭ دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن باشلىقى، ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى «سۇلتان» دەپ ئاتالغان، دىنىي داھىي «خەلىپە» دەپ ئاتالغان، 1876 ـ يىلدىن 1909 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

② ئاتالمىش تۇران تۈركىيەلىك پان تۈركىست زىيا خوجا ئالىپنىڭ دېگىنىدەك «تۇران بارلىق تۈركلەرنىڭ بۈيۈك ۋەتىنى» نى كۆرسىتىدۇ.

③ يەرلەرنى تەڭ مىقداردا كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىپ شۇ جايدىكى دېھقانلارغا تەقسىملەپ بېرىش.

④ كۇرس تۈرىدىكى غەيرىي رەسمىي مەكتەپ.

⑤ ئىلى دائىرىلىرى باستۇرغان پەقەت ئىلى دائىرىسىدىلا ئوبوروت قىلىش بىلەنلا چەكلىنىدىغان يەرلىك پۇل.

⑥ 1942 ـ يىلىنى كۆرسىتىدۇ.

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 2007 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان «جەزىرىگە كۆمۈلگەن تارىخىي پارچىلار» (隐没戈壁的历史碎片) ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئابدۇجاپپار ھامىدىن (كەلپىن ناھىيەلىك تەرەققىيات ـ ئىسلاھات كومىتېتىدا)؛ قاھار زەيدىن (كەلپىن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرجىمە ئىشخانىسىدا)؛ زۆرىگۈل قادىر (ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىنستىتۇتىدا)؛ روشەنگۈل ئەزىز (ئاقسۇ شەھىرى ئىگەچى يېزىلىق ھۆكۈمەتتە)

**تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت**

# ئىلمىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق جۇغراپىيىونى، ئېكسپېدىتسىيە ئالىمى مەھمۇد كاشغەرى

ئارسلان مامۇت

## 1. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

شەرق خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتقان ئۇيغۇر ئالىمى، تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەسىنىڭ ئاساسچىسى دەپ قارالغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسىرى يالغۇز تىلشۇناسلىق ۋە فولكلور ئىلمىي ساھەسى جەھەتتىن بۈيۈك ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇغراپىيە ۋە ساياھەت ساھەسى جەھەتتىنمۇ زور قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك ئەسەردۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇغراپىيە يۈزەكى قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن دۇنيانىڭ ياكى مەلۇم بىر رايوننىڭ تاغ ـ دەريالىرى، ھاۋا كىلىماتى قاتارلىق تەبىئىي مۇھىت ئامىللىرى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش ـ ترانسپورت ئىشلىرى، ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى قاتارلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. گەرچە نۆۋەتتە جۇغراپىيە ئۆز ئاساسىنى شەكىللەندۈرگەن تەبىئىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ نىسپىي مۇستەقىل ۋە ئورتاق بىر گەۋدە بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن بىر نەچچە خىل ئىلمىي تارماققا ئايرىلىپ كەتكەن، شۇنداقلا جۇغراپىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار بۇ تارماقلارغا قارىتا ھەر قانداق ۋاقىتتىكىگە سېلىشتۇرغاندا چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما زامان ۋە ماكان جەھەتتە 11 ـ ئەسىردىكى بىر ئۇيغۇر ئالىمىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۆزىتىشلىرى، تەجرىبىلىرى ۋە مول جۇغراپىيەۋى بىلىمىگە ئاساسەن بۇرۇنقىلاردىن ئېشىپ چۈشۈپ، مەلۇم ھەم جۇغراپىيەلىك قوللانمىمۇ بولالايدىغان ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشى، بىزنىڭ زور دەرىجىدە دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىماي قالمايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان زېمىننى، جۈملىدىن شەرقتە سىبىرىيەدىكى يېنىسەي دەريا ھاۋزىسى، يەتتە سۇ ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، ئالتاي تاغلىرىنى، غەربتە سىر دەرياسى، ئامۇ، ئېدىل، دېنېپىر دەرياسى ۋادىلىرى قاتارلىق كەڭ زېمىننى 10 يىللاپ كېزىپ، ئەتراپلىق كۆزىتىپ بىۋاسىتە ماتېرىياللارنى توپلىغان. ئۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم...ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى.»[1] مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ شاھانە ئەسىرىدە يالغۇز ئىسلام ئەنئەنىلىرىنىڭ تۈركىي خەلقلەردە قوبۇل قىلىنىش ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىپلا قالماي، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئەينى دەۋردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر خاراكتېرلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. يەنى ئاپتور تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ تارقىلىشىنى ئوبرازلىق ئىزاھلاش مەقسىتىدە «دىۋان» غا «دائىرە» دەپ ئاتىلىدىغان ئاددىي بىر يۇمىلاق خەرىتىنى كىرگۈزگەن. ئەمما ئۇنىڭ قىممىتى ئادەتتىكى تىللارنىڭ جۇغراپىيەلىك تارقىلىش خەرىتىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. سەۋەبى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇغراپىيە ساھەسىدە ساقلانغان ئىلمىي مىراسلارغا تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىپ، كۆپ يىللار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى كېزىپ چىقىش داۋامىدا توپلىغان مول بىلىملىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئىجادىي رەۋىشتە ئۆزى بىلگەن دۇنيانى (ئاساسىي جەھەتتىن كونا قۇرۇقلۇقنى) تەسۋىرىي ھالدا سىزىپ چىققان. شۇڭا بۇ خەرىتە جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي جۇغراپىيەسىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر. يۇقىرىقى ئامىللار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى خەرىتىسىنىڭ ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تۇنجى «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش رايونىنىڭ خەرىتىسى» دېگەن نامغا ئېرىشەلىشىنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭمۇ شۇ ئاساستا يالغۇز تىلشۇناس، فولكلورشۇناس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاسترونوم ۋە جۇغراپىيەشۇناس، خەرىتىشۇناس، ئېكسپېدىتسىيەچى بولۇپ تونۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. [2]

## 2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ جۇغراپىيە ۋە ساياھەت ئىلمىدىكى قىممىتى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ھەققىدە چەت ئەل ئالىملىرى خېلى بۇرۇنلا نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتتىكى مۇھىم كۆزقاراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ 14 ساھەگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ[3]. يەنى: (1) «دىۋان» نىڭ ھەر خىل تىل - يېزىقتىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىغا ئەگىشىپ ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش ئوبزورلار؛ (2) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھاياتى ھەم ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (3) «دىۋان» نىڭ ھەر خىل باسمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن بايقالغان ئەھۋاللارغا قارىتا مەخسۇس تېمىدىكى تەتقىقاتلار؛ (4) «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆزىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار؛ (5) «دىۋان» نىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بويىچە ئۇنىۋېرسال بېرىلگەن بامالار؛ (6) قەدىمكى تۈركى تىللىق قەبىلىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى جەھەتتىكى تەتقىقاتلار؛ (7) ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەدىمىي تۈركلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى جەھەتتىكى تەتقىقاتلار؛ (8) «دىۋان» دىكى ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆز، تۇرغۇن - ئىبارە، نەزمە، ھېكايە قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ماتېرىياللىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (9) «دىۋان» دىكى يۇملاق خەرىتە ۋە جۇغراپىيەلىك ماتېرىياللار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (10) «دىۋان» دىكى خاس ئىسىم، ئادەم ئىسمى ۋە يەر نامى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (11) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تىل تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق كۆزقارىشى، شۇنداقلا نەزەرىيەلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (12) «دىۋان» دىكى تىل چىنلىقى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار؛ (13) «دىۋان» ۋە تۈركى تىلىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار؛ (14) تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «دىۋان» نىڭ تىلى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركى مىللەتلەر تىللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىرسى دەل «دىۋان» دىكى «دائىرە» دەپ ئاتىلىدىغان خەرىتە ھەققىدىكى تەتقىقات بولۇپ، ئۇنىڭ كارتوگرافىيەلىك قىممىتى ھەققىدە چەت ئەل ئالىملىرى ھەتتا مەخسۇس ئەسەرلەرنىمۇ يازغان. ئېلىمىز ئالىمى جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە بۇ خەرىتە ھەققىدە توختىلىپ «دىۋان» نىڭ كارتوگرافىيەلىك (خەرىتەشۇناسلىق) قىممىتىنى مۆجىزە خاراكتېرلىك يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، يېڭىلىق سۈپىتىدە تونۇتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى دەل ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن «دائىرە (يۇملاق) شەكىلدىكى خەرىتىدۇر» دەپ يازغان. يەر شارىنىڭ يۇملاق بولۇش قانۇنىيىتى بويىچە سىزىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋە ئۇلارغا قوشنا ئەللەرنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىش ئەھۋالىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بۇ «دائىرە» خەرىتىسىدە، قەبىلە ناملىرى ۋە جۇغراپىيەلىك ئىسىملار ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتىلىشى بويىچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. خەرىتىدە ئاپتور شۇ زاماندا ئۆزى بىلىدىغان دۇنيانىڭ تۆت چېكىنى، يەنى غەربتە ئەندەلس (ئىسپانىيە) دىن تارتىپ شەرقتە جاپارقاغىچە (ياپونىيە)، جەنۇبتا سەيلون (سىرىلانكا) دىن تارتىپ شىمالدا باسمىل ھەم ئۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە ئېنىق كۆرسەتكەن. بۇ يۇملاق خەرىتىنى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن جۇغراپىيەشۇناسلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ قېتىم تەتقىق قىلىپ، مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا سىزىپ چىققان بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئىسلام خەرىتىشۇناسلىقىنىڭ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيەسى ھەققىدىكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توپلىغان مول بىلىمگە تايىنىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆزى ئىجاد قىلغان. بۇ خەرىتە بىلەن ئىبىن ھەققالنىڭ كىتابىدىكى «ئىسلام ئاتلىسى» نى سېلىشتۇرغاندا، «ئىسلام ئاتلىسى» نىڭ 20 - پارچىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئەڭ يىراق چېكى تاشكەنت، ئىسپىجاپ دەپ كۆرسىتىلگەن. «دىۋان» دىكى «دائىرە» خەرىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر مەزمۇنىنىڭ موللىقىدىن ئېيتقاندا، ھەر قانداق ئىسلام ئاتلاسلىرى ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگونىڭ ئىچكىرى رايونلىرىدىكى جۇغراپىيەشۇناسلار مەيلى رايون خەرىتىسى ياكى تەزكىرە خەرىتىسى سىزىشتا بولسۇن، كۆپىنچە ھاللاردا «خەرىتە سىزىشتىكى ئالتە ئۆلچەم» ۋە «ئايرىلمىقنى ئۆلچەپ خەرىتە سىزىش» پىرىنسىپى [4]، شۇنداقلا خەرىتە سىزىشتا ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغان تاغ - دەريا رەسىملىرىنى تەسۋىرلەپ سىزىش پىرىنسىپىنى قوللانغان. بۇ خىلدىكى خەرىتىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، شەكىل جەھەتتىن تۆت چاسا بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم بىر جۇغراپىيەلىك ياكى سىياسىي ئۆلچەم بويىچە ئايرىلغان رايونلارنىڭ ئورتاق گەۋدىسى ۋە ياكى مەلۇم بىر جاينىڭ تەزكىرە ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمما جۇغراپىيەلىك جايلىشىشنىڭ پەرقلىنىشى سەۋەبىدىن، قىتئە ئاتلاپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەر ناملىرى ھەققىدىكى خەرىتىلەر ۋە ياكى نىسبەتەن مۇكەممەللەشكەن «دۇنيا خەرىتىسى» ئېلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سۇلالىرىدە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ ياكى يوق. بۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب، مەملىكىتىمىزدە ئەڭ بۇرۇن سىزىلغان ھەم جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىسى ھېسابلىنىدىغان «يۈگۈڭ.يەر جاي خەرىتىسى». (禹贡地图域) نى پېي شيۇ دېگەن كىشى مىلادى 3 - ئەسىردە (غەربىي جىن سۇلالىسىدە) «خەرىتە سىزىشتىكى ئالتە ئۆلچەم» دىن پايدىلىنىپ سىزغان. ئۇ بىر ئادەتتىكىلا تارىخىي ئاتلاس بولۇپ، ئۇنىڭدا رىۋايەتلەردىكى يۈگۈڭ زامانىدىن غەربىي جىن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى تارىخىي جۇغراپىيەلىك يۈزەكىي كۆرۈنۈشلەر ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدىن سەللا كېيىن دۇيۈڭ سىزغان «ئەمەنىيە ئىتتىپاقداشلار خەرىتىسى» (春秋盟会图) بولسا قەدىم بىلەن ھازىر سېلىشتۇرۇلغان ئەڭ بۇرۇنقى مەخسۇس خەرىتە ھېسابلىنىدۇ. تاڭ جېنيۈەننىڭ 17 - يىلى (810 - يىلى) گۇدەن سىزغان «مەملىكەت ئىچىدە خەنزۇلار ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىش خەرىتىسى» (海内华夷图) نىڭ كەڭلىكى ئۈچ جاڭ، ئېگىزى ئۈچ جاڭ، ئۈچ چى بو-

لۇپ، ئۇنىڭ مەزمونىنى قەدىمكى «يۈگۈڭ.نەسىرنامە» (禹贡 . 尚书) غا، كېيىنكى دەۋرنى ھازىرقى زامانغا چېتىلدۇرغىلى بولىدۇ. دائىرىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى ھەم ئۇنىڭ قوشنا ئەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ تۇنجى «قەدىمنى قارا رەڭ، ھازىرنى قىزىل رەڭ قىلىپ ئىپادىلەش». (古墨今朱) ئاساسىدىكى رەڭلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىزىلغان تارىخىي خەرىتىدۇر، ئەپسۇس يوقىرىقى خەرىتىلەر ئاللىبۇرۇن يوقىلىپ كەتكەن[5]. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدا ئۆتكەن سۇي ئەنلى سىزغان "تارىخىي دەۋرلەردىكى جۇغراپىيەلىك قوللانما خەرىتىسى» (地理支掌图) جەمئىي 44 پارچە بولۇپ، ئۇلار خەن ۋۇدى دەۋرىدىن تارتىپ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىغىچە بولغان مەزگىللەردىكى جۇغراپىيەلىك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھازىرمۇ يەنىلا سۇڭ، مىڭ سۇلالىرىدىكى باسمىلىرى تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ جۇڭگودا ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ بۇرۇنقى ئاتلاستۇر[6]. ئېلىمىز ئالىملىرى قەدىمكى دەۋردە سىزىلغان خەرىتىلەر ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا ئىلمىي باھالارنى بەرگەن. مەسىلەن، «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى» (جۇغراپىيە قىسمى) دا مۇنداق دېيىلگەن: 1700 يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن جۇڭگونىڭ تارىخىي خەرىتىلىرىنىڭ سانى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ، سەۋىيەسىمۇ ئوخشاش دەۋردىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش تۈردىكى خەرىتىلىرىنىڭ سەۋىيەسىدىن يۇقىرى. بىراق، ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك كەمچىل تەرەپلىرى بار:

(1) جۇغراپىيەلىك خەرىتىلەرنى تەگلىك قىلغان بىر قەدەر ئېنىق خەرىتىلەر كەمچىل.

(2)ئۇ خەرىتىلەر پەقەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چەت ـ چېگرا رايونلار ناھايىتىمۇ تەخمىنىي ئېلىنغان ياكى ئاق قالدۇرۇلغان.

(3) ئايرىم خەرىتىلەردىن باشقىلىرىنىڭ ماسشتابلىرى ناھايىتىمۇ كىچىك، سىغىمىمۇ چەكلىك.

(4) مەزمۇنى جەھەتتە دۆلەت زېمىنىنىڭ مەمۇرىي رايونلار بويىچە تەدرىجىي ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي جۇغراپىيەلىك مەزمۇنلار ناھايىتىمۇ ئاز.

(5) ھۆججەت ـ ماتېرىياللارغا ئاساسەن سىزىلغان بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ سىزىش ناھايىتى ئاز بولغان[7].

خەرىتىشۇناسلىق تارىخىغا ئائىت يۇقىرىدىكى ئەمەلىي پاكىتلىق ماتېرىيال مەنبەسىگە ئاساسلانغىنىمىزدا، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى «دائىرە» دەپ ئاتىغان خەرىتىسى يالغۇز جۇڭگو خەرىتىشۇناسلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا خەرىتىشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگىدۇر.

«دىۋان» دىكى «دائىرە» دەپ ئاتىلىدىغان خەرىتە دائىرە جەھەتتىن ھازىرقى ئاسىيا قىتئەسى، ياۋروپا قىتئەسى ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) تەرەپ ئۇقۇمى ئېنىق. «دىۋان» دىكى خەرىتىدە تۆت تەرەپ ئۇقۇمى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شەرق، شىمال، غەرب ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپ سۆزلىرى يۇملاق خەرىتىنىڭ ئەتراپىغا يېزىلغان. خەرىتىدىكى تەرەپلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى ھازىرقى زامان دۇنيا خەرىتىسىنىڭ تىزىلىش تەرتىپى بىلەن ئوخشاش. يەنى خەرىتىنى قولغا ئالغاندا، ئوڭ قول تەرەپ شەرق، سول قول تەرەپ غەرب، ئۈستى شىمال، ئاستى جەنۇبنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، جۇغراپىيەلىك ئورۇنلارمۇ مۇشۇ تەرتىپكە ئاساسەن تىزىلغان ھەمدە كۆرگۈچىلەرنىڭمۇ خەرىتىنى مۇشۇ ئاساستا كۆرۈپ چۈشىنىشى تەۋسىيە قىلىنغان.

(2) نىسبەت (ئارىلىق) ئۇقۇمى ئېنىق. مەھمۇد كاشغەرى جۇغراپىيەلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئارىلىقىنى پەرسەخ ۋە ئاي (مەسىلەن، مۇنچىلىك ئايلىق يول دېگەندەك) ئۇقۇم ئارقىلىق نىسبەتلەشتۈرۈپ خەرىتە يۈزىگە چۈشۈرگەن. مەسىلەن، «دىۋان » دا «رۇم» (رىم) دىن ماچىنغىچە بولغان جايلار، يەنى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياشايدىغان رايونلارنىڭ بويى (ئۇزۇنلۇقى) بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ، جەمئىي سەككىز مىڭ پەرسەخ[8] (بىر پەرسەخ تەخمىنەن 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ) كېلىدۇ دەپ يازغان.

(3) شەرتلىك بەلگە ئۇقۇمىغا ئىگە. «دىۋان» دىكى خەرىتىدە تاغ ـ دەريالار، شەھەر ـ قەلئەلەر بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئېنىقلىقتا ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن، تاغ تىزمىلىرى قىزىل رەڭ بىلەن، دېڭىزلار يېشىل رەڭ بىلەن، دەريا ـ كۆللەر ھاۋا رەڭ بىلەن، قۇملۇقلار سېرىق رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئۇسۇل قەدىمكى زامان خەرىتىچىلىكىدىكى سىزىش پىرىنسىپلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋەھالەنكى بۇلار ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىگە ئىگە.

(4) «دائىرە» خەرىتىسىدىكى شەھەر ۋە ئولتۇراق رايونلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، قۇرغاق رايونلاردىكى بوستانلىقلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى بىلەن بىردەك ئىپادىلىنىپ، رەڭمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، بوستانلىقلار ئارىسىدا قۇملۇق ۋە چۆللۈكلەر تارقالغاچقا، بوستانلىقتىكى شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ يۇملاق چەمبەرلىك شەرتلىك بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىسىمۇ سېرىق رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

(5) خەرىتىدە ھەر خىل يەر شەكلى تىپلىرى گېئومورفولوگىيەلىك تۈرلەرگە ئايرىش ئۇسۇلى بويىچە ھەر خىل رەڭلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئايرىش ئۇسۇلى ھازىرقى زامان گېئومورفولوگىيەسىنىڭ يەر شەكىللىرىنى تىپلارغا ئايرىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن، دېڭىز، دەريا (ئېقىن سۇلار)، كۆل، تاغلىق، قۇملۇق قاتارلىقلار.

(6) خەرىتىدىكى ئىجادىيلىك كۆپ تەرەپلەردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام خەرىتشۇناسلىقىنىڭ كونا قاراشلىرىدىن ھالقىپ چۈشكەن. مەسىلەن، بۇ ھەقتە جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئاپتور گەرچە بىر ئىسلام مۆرىتى بولسىمۇ، «دائىرە» خەرىتىسىدە مەككە بىلەن مەدىنەنى شۇ خەرىتىنىڭ مەركىزىي رايونى ئورنىدا چۈشۈرمىگەن. شۇنداقلا «قۇرئان» دا تىلغا ئېلىنغان ئىككى دېڭىزدىن باشقا، ئۆزى ئىگىلىگەن ئەمەلىي ماتېرىيال ئاساسىدا ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىزى ۋە يەنە بىر ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدىكى دېڭىزنى خەرىتىگە چۈشۈرگەن. دېمەك، «دىۋان» دىكى جۇغراپىيەلىك ئاتالغۇلاردا ھەم خەرىتىنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمان جۇغراپىيەچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاسمان جىسىم ھادىسىلىرى، ئىقلىم بەلبېغى نەزەرىيەسى ھەققىدىكى كونا كۆزقاراشلىرىنى تامامەن دېگۈدەك ئىشلەتمىگەن [8]. مانا بۇ پاكىتلار «دائىرە» خەرىتىسىنىڭ ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كېلەلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

(7) «دائىرە» خەرىتىسى گەرچە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ھەم ئۇلارنىڭ تىلىنى ماكاندىكى تارقىلىشى بويىچە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىش مەقسىتىدە، ئاددىي گېيومېتىرىيەلىك ئۇسۇل بويىچە كۆرسەتمىلىك قىلىپ سىزىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا قوللانغان شەرتلىك بەلگىلەر ۋە رەڭلەر ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. تېخىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاپتور ھېچقانداق پىروپېكسىيە ئۇسۇلىنى (مېردىئان، پاراللېل بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى) قوللانمايمۇ خەرىتىنى يۇملاق سىزىپ چىقالىغان. بۇنىڭدىن ئاپتورنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى چۈشىنىشى بويىچىمۇ «يەر يۇملاق كۆزقارىشى» نىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تىكلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

(8) «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن مەزمۇن ۋە چېتىلىدىغان ساھەلەر ناھايىتى كەڭ بولۇپ، دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» ۋە ئېلىمىزنىڭ داڭلىق جۇڭگو جۇغراپىيە ئەسىرى «شۈ شياكې ساياھەت خاتىرىسى» قاتارلىقلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا مەھمۇد كاشغەرىنى دۇنياغا مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى ھەم شۇنداقلا ئېكسپېدىتسىيەچى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. چۈنكى «دىۋان» نىڭ دۇنياغا كەلگەن ۋاقتى 11 ـ ئەسىر. ماركوپولو ( 1254 – 1324 يىللار ) نىڭ ئەسىرى ئۇنىڭدىن تەخمىنەن 250 يىلدەك كېيىن، شۈ شياكې (徐霞客) (1613 ـ 1639 ـ يىللار ) نىڭ ساياھەت خاتىرىسى بولسا 600 يىلدەك كېيىن روياپقا چىققان. گەرچە ماركوپولو ۋە شۈ شياكېلارنىڭ ئەسەرلىرى «دىۋان» دىن خېلى كېيىن روياپقا چىققان بولسىمۇ ، بۈگۈنكى كۈندە چەت ئەل ۋە ئېلىمىز ئۈچۈن قەدىمكىنى بىزگە ئەينەك قىلىپ بېرىدىغان مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ياۋروپالىقلار ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ ئاندىن جۇڭگونىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىيات سەنئىتىنى چۈشىنىشكە باشلىغان . شۇڭا بۇ ئەسەر جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات سەنئىتىنى ياۋروپاغا تونۇتقان. شۈ شياكې 22 يېشىدىن باشلاپ تەخمىنەن 34 يىل جەريانىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ تەخمىنەن يېرىمىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقىپ، شۇ رايونلارنىڭ جۇغراپىيەسى، سۇ رايى، يەر تۈزۈلۈشى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر جۇغراپىيە ۋە ئەدەبىيات جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ساياھەتچىلىك ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شۈ شياكې ئەينى ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ ساياھەت خاتىرىسى قالدۇرغان جايلار ، تاغ ـ دەريالار ، قىيا تاشلار ، شۇنداقلا ئۇ بېسىپ ئۆتكەن يوللار داڭلىق ساياھەت نۇقتىلىرى ۋە لىنىيەلىرىگە ئايلىنىپ، ھەرقايسى ئۆلكە رايونلارنىڭ ساياھەت كىرىمى يارىتىدىغان مۇھىم كوزىرىغا ئايلاندى .ئەپسۇس، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوپالدىكى مەقبەرىسى ئادەتتىكى بىر شەخسنىڭ مەقبەرىسىدەك ئاددىي ھالەتتە تۇرىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز مەھمۇد كاشغەرىنى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى داڭلىق جۇغراپىيەچىسى ھەم ئېكسپېدىتسىيەچىسى دەپ قارايدىكەنمىز ، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى ھەم ھاياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرىدە پائالىيەت قىلغان ئېلىمىز تەۋەسىدىكى سورۇنلىرىنى، شۇنداقلا روھىنى ئۆلگە قىلىپ ئېلىمىزنىڭ ھەر مىللەت ئەۋلادلىرىغا چوڭقۇر تونۇتىشىمىز ، مەھمۇد كاشغەرىگە ئېلىمىزنىڭ جۇغراپىيە ۋە ساياھەتچىلىك تارىخى قامۇسلىرىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا پەخىرلىك تۆھپىمىزنى جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز لازىم . شۇنداق قىلالىغىنىمىزدىلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى بىر ئائىلە دېگەن سۆزىمىزنى باشقىلار ئالدىدا پەخىرلىنىپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

پايدىلانمىلار:

[1] مەھمۇد كاشغەرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 1 ـ، 3 ـ بەتلەر.

[2][6]张广达著 . 关于麻赫穆德·喀什噶里的“突厥语词汇”与见于此书的圆形地图（上）[J], 中央民族学院学报, 1978 （ 2 ）: 34–41 .

[3]阙维民 . 中国古代志书地图绘制准则初探[J], 自然科学史研究, 1996 （ 4 ）: 334–341 .

[4][5]中国大百科全书总编会 . 中国大百科全书（地理学）[M], 北京：中国大百科全书出版社, 1990 版 : 281

[7] مەھمۇد كاشغەرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـيىل نەشرى، 41 ـ بەت.

[8] مەھمۇد كاشغەرى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە، 1 ـ جىلد، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى، 592 ـ بەت

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۆزلۈكىمىزدىن سۆزلىگەن ئۆگلۈكچە ئەسەرلەر

ئابابەكرى ئاتىخان بوتام

ئىلىمىز جۇڭگودا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ تورتكىلىكىدە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىدىيولوگىيەسىنىڭ نازۇك جەۋھەرلىرىنىڭ يېزىق خاتىرىسى «قۇتادغۇبىلىگ»، قايتىدىن تىرىلىپ دۇنياغا كەلدى، ئارقىدىن ئەنگلىيەلىك چارچىۋارد ئەپەندى 1926 ـ يىلى يازغان «قەدىمكى (مۇ) چوڭ قۇرۇقلۇقى» ۋە 2005 ـ يىلى رۇس تىلشۇناسى ۋ.م. ناسىلوف ئەپەندى يازغان «ئورخون ـ يېنىسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى» قاتارلىق كىتابلارمۇ يۇرتىمىزغا يېتىپ كەلدى. پەقىرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەسەرلەر پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلار ئۆزلۈكى (مەدىنىلىكى ـ ھازارەت ـ كولتۇر) دۇردانىلىرى، ئۆگ (ئەقىل ـ پاراسەت، دانىشمەنلىك) تارىخى، توپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆگلۈك ۋە كىملىك ھەققىدىكى مۆجىزىلىك يازما مىراسلاردىن ئىبارەت. بۇ يازما ھۆججەتلەردە توپان بالاسىنى دەۋر بۆلگۈچ قىلىپ، توپان بالاسىدىن بۇرۇن يەر شارىمىزدا ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ يوقتىن بار بولۇش، گۈللىنىش، يوقىلىشتىن ئىبارەت قەرەللىك تەكرارلانما ھالىتىدە داۋام قىلغانلىقى، ئادەملەر ۋە ئۇلار ياراتقان مەدەنىيەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلانغانلىقى سۆزلىنىدۇ. بۇ تارىخلارنىڭ گېيولوگىيەلىك، ئارخېئولوگىيەلىك قېدىرىش، تەكشۈرۈش، ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەنلىكى شەرھىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىسانلارنىڭ تۇنجى ئۇرۇقى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىقلىرى ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ئۆگلۈكىنىڭ ۋاستىچىسى سۈپىتىدە، تەكرارلانما مەدەنىيەتلىرىنى دەۋردىن دەۋرگە، ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلاپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى شەرھىلىنىدۇ، شۇڭا، بۇ ئەسەرلەر «مۇقەددەس» تىل ـ يېزىق بىلەن يېزىلغان كىتاب دەپ ئەتىۋارلىنىپ، دەسلەپتە دانىشمەنلەر كۆرۈشكە، پايدىلىنىشقا جۈرئەت قىلالمىغىدەك دەرىجىدە بولغان ئىدى. لېكىن، ھازىرقى تۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىلىرىدە بۇ كىتابلار ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنى يەنى تىل ـ يېزىق، دىن، بىلىم، ئەخلاق، قانۇن، ئەقىل، ئىقتىساد، ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت تېخنىكىسىنى ئېلىپ كېلىپ، توپان بالاسىدىن كېيىنكى قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئالدىنقىلار ئىزىنى بېسىپ، ئوخشاش مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت ئۆلگىسى بولغانلىقىلىرىنىڭ ئىسپاتلىق ھۆججەتى دەپ قارالماقتا. توپان بالاسىدىن كېيىنكى ئون ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان بۇ كىتابلار ئىلگىرى ـ ئاخىر دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇش، يوقاپ كېتىش، قايتا تىرىلىش قاتارلىق تەقدىرلىرىمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقى ئوخشاشلا بىر مۆجىزە بولدى. بۇ كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن كاتتا مۆجىزىلەردىن تارتىپ، ھەربىر ھەرپ مۆجىزىسىگە قەدەر ھەممىسىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، بۇ كىتابلارنى مۆجىزىلەر دۇنياسى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ كىتابلار ساماۋى كىتابلاردا بېرىلگەن دۇنياۋى خاراكتېرلىك كاتتا ھادىسىلەر نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ كېمىسى توغرىسىدىكى چىنلىقنى پاكىتلىق ئىسپاتلايدۇ ۋە گۇۋاھلايدۇ، «ئىنسانلارنى بىر ئاتىدىن بىر ئانىدىن ياراتتۇق، بىز ئىنسانغا ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگەتتۇق» دېگەن سۆزلەرنى ئۇيغۇر كىملىكى بىلەن ئىسپاتلايدۇ ۋە گۇۋاھلايدۇ. شۇڭا بۇ كىتابلار يەر شارىدىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سېھرى ـ ھېكمەتلىرىنى بايقاش، ئېچىش، يېڭىچە دۇنيا قاراش تىكلەشنىڭ ئاچقۇچى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ خەزىنىسى، بايلىقى، داۋاملىشىۋاتقان مەدەنىيەتلەرنى باغلايدىغان ئاساسىي ھالقىدۇر. جەمئىيەتشۇناس مورگان ئەپەندى: «ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن، بۇ ئاچقۇچ يېشىلدىكەن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ»، دەپ ئىشارەت بەرگەن. بۇ ئاچقۇچ ئۇيغۇر مەدىنىيلىكى كىتابلىرى، تىل يېزىقى ۋە تارىمغا كۆمۈلگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بولۇپ، بۇلارنى قېزىش ئۈچۈن كۆمۈلگەن تىل يېزىقىمىزنى بىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندە ھەربىر كىتابلارنى ئايرىم ـ ئايرىم، ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ئالتۇن ئاچقۇچلارنى ئىزدەپ، ئىنسانىيەت جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى تېپىپ چىقىمىز.

## قەدىمكى مۇ چوڭ قۇرۇقلۇقى

پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇش سۈپىتىگە ئىگە مۆجىزە خاراكتېرلىك «قەدىمى ‹مۇ› چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېگەن كىتابنى 1926 ـ يىلى ئەنگلىيەلىك ئالىم چارچىۋارد ئەپەندى يازغان. دىيارىمىزدىن بەزى ئالىملار بۇ ھەقتە ئەسەرلەر يېزىپ بۇ كىتابنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرغان. تەتقىقاتچى لى چۈنخۇي ئەپەندى بۇ ئەسەرنى ئوقىغاندىن كېيىن خەنزۇچە «سىر» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 10 ـ سانىدا ««مۇ› قۇرۇقلۇقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۆكۈپ كېتىشى» تېمىلىق ئىلمى ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى تەتقىقاتچى ئالىمجان خۇدا بەردى ئەپەندىم «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ

تىل ـ يېزىق، ئاخبارات ـ نەشرىيات

2004 ـ يىلى 2 ـ ساندا ئېلان قىلدى. تەتقىقاتچى يۈسۈپجان ياسىن ئەپەندىنىڭ «مۇ ـ مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش» تېمىلىق ئىلمىي ماقالىسى «تۇرپان ژۇرنىلى» 2004 ـ يىلى 2 ـ ساندا ئېلان قىلىندى. يۈسۈپ ئىگەم ئەپەندى تەرىپىدىن چارچىۋارد ئەپەندى يازغان مۆجىزىلىك «قەدىمكى مۇ چوڭ قۇرۇقلۇقى» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 2004 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ پۈتكۈل سانلىرىدا ئېلان قىلىندى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، كەسىپ ئەھلى بولمىغان ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەسەر ـ ماقالىلىرى ئېلىمىز جۇڭگو، جۇملىدىن رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىمغا كۆمۈلگەن «ئاچقۇچ» نى ئىزدەش يولىدىكى تۇنجى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى بولۇپ، كەسىپ ئەھلى زىيالىيلارغا ئىلتىجا قىلغان ئىدى ... ئەسىرىمىزنىڭ ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، «قەدىمكى ‹مۇ› چوڭ قۇرۇقلۇقى» دا بايان قىلىنغان قەدىمىي ئادەملەر ‹مۇ› ۋەتىنىنىڭ قىسقىچە ئومۇمىي ئەھۋالى، يەنى دىنى، پەن ـ تېخنىكا ئابىدىلىرى تىل ـ يېزىقى ۋە ئاچچىق ساۋاق ـ تۇپان بالاسى قاتارلىق تۆت نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرىمىز.

**1. ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلار «مۇ» ۋەتىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى.** تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمىي پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكى — ۋەتىنى «مۇ» ئېلى بولۇپ، «مۇ» ـ ئانا ۋەتەن دېگەنلىك بولىدۇ. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە «مېنىڭ بۇ ئەسىرىمنىڭ بارلىق ئىلمىي ماتېرىياللىرى ئىككى خىل قەدىمكى تابلىچكىلارنىڭ تەرجىمىسى ئاساسىدا يېزىلغان، ئۇنىڭ بىرى مەن ئۇزۇن يىللار بۇرۇن ھىندىستاندىن تاپقان ناكال تابلىچكىسى، يەنە بىرى بولسا ئۇليام نىۋىن مېكسىكىدا تاپقان زور مىقداردىكى (2500 دىن ئارتۇق نۇسقا) تاش تابلىچكىلاردىن ئىبارەت. ھەر ئىككى خىل تابلىچكىلار ئورتاق مەنبەگە ئىگە. سەۋەبى ئۇلاردىكى ئۇزۇندىلەر «مۇ» نىڭ مۇقەددەس ئىلھاملىرىدىن يېزىلغان ... ئايرىم تابلىچكىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ يېزىلغىنىغا 12 مىڭ يىلدىن ئارتۇق بولغان.» «ئىنسانلارنىڭ قەدىمىي ۋەتىنى «مۇ» قۇرۇقلۇقى بىپايان ئېدىرلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ»، «گۈزەل يايلاق، مۇنبەت ئېتىزلىقلار بىلەن تولغانىدى.»، «كەڭ ھەم تۈپتۈز يوللار خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەممە تەرەپكە تۇتاشقانىدى». «ئۇيغۇر دۆلىتى «مۇ» نىڭ زېمىنى شەرقتىن ـ غەربكە 9500 كىلومېتىر، شىمالدىن ـ جەنۇبقا 4800 كىلومېتىر بولغان». «تىنچ ئوكياندىن باشلىنىپ، پۈتكۈل مەركىزىي ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا كاسپىي دېڭىزىدىن ئۇزاقتا تاكى غەربىي ياۋروپاغا قەدەر سوزۇلغانىدى ...

بۇ بېرىتانىيە ئاراللىرى تېخى ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلمىغان چاغ ئىدى.» «شۇ دەۋردىن نەچچە ئەۋلاد بۇرۇنقى كىشىلەر ئۆزلىرىگە قاغان سايلاپ، ئۇنى را ـ Ra دەپ ئاتاشقان. ئۇ دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي راھىبى ۋە قاغانى بولۇپ، «را ـ مۇ، Ra ـ Mu» دەپ ئاتالغان. ئىمپېرىيەنىڭ ئۆزى بولسا قۇياش ئىمپېرىيەسى دەپ ئاتالغان.»، «ھۆكۈمدارلار قۇياش ئوغلى» دېگەن ئۇنۋاندا ئاتىلاتتى، «بارلىق خەلق ‹مۇ› نىڭ پەرزەنتلىرى ھېسابلىناتتى ۋە ئۆز دۆلىتىگە بويسۇناتتى.... خەلقلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاق تەنلىكلەر ئىدى.»، بۇ كىتابتا يەنە «1896 ـ يىلى رۇس ئارخېئولوگى پىروفېسسور كوزلوۋ خاراخوتادا 15 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قەبرىنى قېزىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسىلەرنى بايقىغان، چارچىۋارد ئەپەندى ئۇلارنى رەسىمگە تارتىۋالغان، ... ئىككى پارچە فوتو سۈرەتتىكى نەرسىلەرنىڭ بۈگۈندىن 16000 ـ 18000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىمەن (چارچىۋارد ئەپەندى). «بىرىنچى سۈرەتتىكى يىپەك رەختكە سىزىلغان رەسىمدە ئولتۇرغان ئايال قاغان ۋە ئۇنىڭ ھەمرايىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ بېشىدا ئۈچ چىشلىق تاج بولۇپ، تاجنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈچ دانە دەستە چۈشۈرۈلگەن، بۇنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئايال قاغاننىڭ ئارقىسىدا چوڭ چەمبەر بولۇپ، چوڭ چەمبەر مۇنىڭ، كىچىك چەمبەر بولسا ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ سىمۋولى، بېشىدىكى تاج پەقەت بىر تەرەپكە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش، بۇ ئىمپېرىيە قارام دۆلەتنىڭ تۇتۇن قالقىنىدىن ئىبارەت. ئايال قاغان سول قولىدا سەلتەنەت ھاسىسىنى تۇتقان «سەلتەنەت ھاسا» ئۈچ قىرلىق بولۇپ، ئۈچ قىر ئىنسانلارنىڭ قەدىمىي ۋەتىنى سانىنىڭ سىمۋولى»، «ئايال قاغان ئېچىلىپ تۇرغان مۇقەددەس نىلۇپەر گۈلىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان. نىلۇپەر ئىنسانىيەت ۋەتىنىنىڭ سىمۋول گۈلى.» «ھۆكۈمدارلار قۇياش ئوغلى» دېگەن ئۇنۋاندا ئاتالغان». مانا بۇلار تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ سەلتەنەتلىرى بولۇپ، بۇ سەلتەنەتلەر قانداق ئىدىيە پىكىر ـ قاراشلار بىلەن باغلانغانلىقىنى دىن ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن كۆرۈپ چىقىمىز.

**2. ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ دىنى ۋە پەن ـ تېخنىكىسى.** كىتابتا تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى «بارلىق كىشىلەر غەيرىي چۈشەنچىلەردىن خالىي، ساپ ئەقىدىلىك، بىر تەڭرىلىك دىنغا ئىشەنگەن، ... ئاۋۋال ئىنسانلارغا تەڭرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالەمنىڭ ۋە ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنىڭ يارىتىلغانلىقى، شۇنىڭدەك ئىنسانلارنىڭ بۇ قادىر مەۋجۇتلۇق تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ...» يېزىلغان. «مۇ» تىلىدا «را» دەپ ئاتىلىدىغان قۇياش بۇ ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. قۇياشنىڭ تەڭرىنىڭ سىمۋولى قىلىپ تاللىنىشىدا كۈچلۈك تەپەككۇر گەۋدىلەنگەن. قۇياش ۋە قۇياش شەكلىدىكى چەمبەر ياكى ھالقىنىڭ گېئومېتىرىك شەكىللەر ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە نۇقسانسىز ھالەتتە بولۇشى، ئۇنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسىنىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا چەكسىزلىكىنى ئىپادە قىلىدىغان بىردىنبىر شەكىل دەپ قارالغانلىقى، ئىلاھىي بىر ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئېدىيال سىمۋول سۈپىتىدە تاللانغان ... مۇ دىنىدا سىمۋوللارنىڭ قوللىنىشىدا يەنە بىر مەقسەت بولغان، ئۇ بولسىمۇ بەلگىلىك ئىپادە شەكىللىرىنىڭ قېلىپلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە سىمۋوللارغا يېڭى مەنالارنى يۈكلەپ، دىنغا مۇتەئەسسىپلىك ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۈنئىيلىكنى قوشۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى، ھەقىقەتەن مۇ مەدەنىيىتى يوقالغاندىن كېيىن، بۇ سىمۋوللار بىردىن بۇتقا ئايلاندى ۋە كۆپ تەڭرىلىك دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولدى.»، «بۇ دىنىنىڭ سىمۋوللىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم تۇرىدىغىنى، «مۇ كوزمىك - ئالەم دىئاگراممىسى» (دىياگىراممىا توغرىسىدا، ئەسىرىمىزنىڭ قۇتاتغۇبىلىك قىسمىغا قارالسۇن) ھېسابلىناتتى. «يەتتە، تۆت، ئۈچ دېگەن سانلار مۇقەددەس مەنانى بىلدۈرەتتى». «ئاتاقلىق تارىخچى ھىرودوت مىسىردىكى ئۈچ پىرامىدانىڭ ... توپان بالاسىدىن بۇرۇن ياسالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مايا پىرامىدالىرىنىڭ مىسىر پىرامىدالىرىغا ئوخشاپ كېتىشى، ... بۇ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بىر مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.» «مۇ» نىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدا ئېلېكتىر، مېتالچىلىق، ئېلېكترون، بىيو - خىمىيە، ئاتوم، گېن ئۆزگەرتىش قاتارلىق بىر قانچە يۇقىرى تېخنىكىلار قوللىنىلغاندىن سىرت، يەنە قۇياش ئېنېرگىيەسى، كىرىستال ئېنېرگىيە، لازېر نۇرى تۆرىدىكى ئېنېرگىيەلەر ۋە ھازىرقى كۈندىكى ئىنسانلار بىلىپ يېتەلمىگەن بىر مۇنچە ئېنېرگىيەگە تايىنىپ، يورۇتۇش، ئىسسىتىش ۋە يەتكۈزۈش تېخنىكىسى ئومۇملاشقان. بىلىم ئامبىرى قۇرۇش ۋە تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان»، «بۇ دەۋردىكى ‹مۇ› خەلقى يۇقىرى دەرىجىدە مەدەنىيەتلىك ۋە بىلىملىك ئىدى، يەر - زېمىندا تېخى ياۋايىلىق پەيدا بولمىغان ئىدى.» ‹مۇ› دۆلىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئىلىم - پەنى ۋە سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ مەركىزى ۋە بۆشۈكى ئىدى. يەر - زېمىندىكى باشقا بارلىق دۆلەتلەر ئۇنىڭغا قارام ئىدى.» «مۇ» ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىقتىسادى بىرلىكى (پۇلنىڭ ئورنىدا) «ئون» نى تەڭرىنىڭ سىمۋوللۇق سانى دەپ قاراپ، «توققۇزنى بىرلىك قىلغان بىر ئۆلچەم مۇھىم ئەقىدىگە ئايلانغان.» بۇ مەزمۇنلاردىن توپان بالاسىدىن بۇرۇنقى قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان دىنى ئەنە شۇنداق بولۇپ، «مۇنىڭ كۆزمىك - ئالەم - دىياگراممىسى» نىڭ پۈتكۈل تۈرقى، جۈملىدىن بىر، ئۈچ، تۆت، يەتتە دېگەن مۇقەددەس سانلار تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئان قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلىرىدا يېشىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتاتغۇبىلىگ» دەپ يېشىلىدۇ، بۇ كىتابتىكى روھ بويىچە ئىسلامىيەت ئەركەك ئىلىم سۈپىتىدە ئىنسانلارغا شەيئىلەرنى تەپەككۇر قىلىش، قىزىشنى دەۋەت قىلىدۇ، ئۇلار بۇ شەيئىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىلىملەرنى خىمىيە، فىزىكا ۋە ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە قازىدۇ، پەن - تېخنىكا ھاسىل قىلىدۇ، ئۆگلۈكلەر، كەشپىياتلارنى يارىتىدۇ، كىشىلەرنى تەرەققىيات يولىغا باشلايدۇ. ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلار ئېلېكترون دەۋرىدىن ھالقىغان يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئەھۋال ئاستىدا، دىن بىلەن تەرەققىياتنى زىچ بىرلەشتۈردى. تەرەققىيات يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنسېرى، تەرەققىياتقا يېتەكلىگەن تەڭرىگە بولغان ئېتىقادى كۈچەيدى. توپان بالاسىدىن كېيىنكى بۈگۈندە ئېلېكترون دەۋرىدە تۇرغان ھالەتتە بەزىلەر ئىنسانىي بىلىمنى كۆپتۈرۈپ، بىلىمنىڭ مەنبىئى ئەركەك ئىلىمنى ئۇنۇتتى، يەنە بەزەنلەر ئاشۇ تەڭرىلىك قاراش بىلەن تەرەققىياتنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ تەرەققىياتتىن گۇمانلاندى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن بىرلەشكەن تەرەققىيات قاراشلىرى زەئىپلەشتى.

**3. ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ تىل يېزىقى.** بۇ ئەسەردىكى ئەڭ قىزىقارلىق مەسىلە ھىندىستان ۋە مېكسىكىدا بايقالغان تابلىچكىلارنىڭ ھەممىسى «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋەتىنى — مۇنىڭ مۇقەددەس ئېلىپبەسى ئاساسىدا يېزىلغان.» بۇ كىتابتا تەسۋىرلىنىشىچە، بۇ يېزىق ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر تىل ۋە يېزىقىدۇر. ھىندىستاندىكى تاشتىن ئويۇپ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تابلىچكىلارنىڭ «مەخپىي جايدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇلارنىڭ بەكمۇ مۇقەددەس بولغانلىقىدىن نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ھېچكىم كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان» لىقى بۇددا دىن ئالىمىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ۋە كىتابىنى مۇقەددەس دەپ قارىغانلىقىدىن دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ دەۋر دىيارىمىزدا ئۇيغۇر تىلى تىكەن تىل دەپ نام ئالغان زامانلارغا ئۇدۇل كېلىپ، روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ. ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىنسانلارغا تىل - يېزىق بىلەن تامغۇلۇق ئېلىپبە ياساشنى ئۆگەتكەن، مىراس قىلىپ بەرگەن. توپان بالاسىدىن كېيىن «ئىنسانلارنىڭ ئامان قالغان تارماقلىرى ياكى ئۇلارنىڭ نەسلىدىن بولغانلار ياۋروپادا قايتا ماكانلىشىش سورۇنلىرىنى ياراتقان، بۇ پلېيىستوسىنىك دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، سىلاۋيانلار، تۆتۇنلار، كېلىتلەر، ئىرلاندىيەلىكلەر، بروتونلار، باسكلار ۋە ھەقىقىي ئىرلاندىيەلىكلەر ئۇيغۇر نەسلىلىكتۇر...»، «تۈرك ئالىمى پولات قايا مۇنداق دەيدۇ: ياۋروپانىڭ پۈتكۈل قىسمى، ئەڭ ئاز بولغاندا كۈنىمىزدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقا قەدەر يەنىلا تۈركچە سۆزلىشىدىغان رايون ئىدى، قەدىمكى گىرىكلەر، لاتىنلارنىڭ ۋە سېمىت خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تىلى يوق ئىدى، كۈنىمىزدە گىرىكچە، لاتىنچە ۋە سېمىت تىللار تۈرك تىلىدىن سۆزلۈك ۋە ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىپ، ئۆزگەرتىلىپ، يېڭىدىن شەكىللەندۈرگەن تىللاردۇر.»

ئېلېكترونلۇق مېڭىدىكى دۇنيا تىل يېزىق سىستېمىلىرىنى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىر دۇنيادىكى مىللەتلەر تىل يېزىقلىرى ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىنى ئانا يېزىق قىلغانلىقىنى بايقايمىز. شۇڭا، ئۇيغۇر يېزىقى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەڭ قەدىمىي مەدەنىي مىراسلارنى ئوقۇپ چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدىغان يېزىق بولۇپ، ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

**4. ساۋاق: توپان بالاسى.** «ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ۋەتىنى ‹مۇ› نىڭ ھالاكەت تارىخى ھەقىقەتەنمۇ غەلىتە بىر ۋەقە، بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئون يىل بۇرۇن، ئالىملار تىنچ ئوكياندا بىر چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى، كېيىنچە ئىزسىز غايىپ بولغانلىقىغا گۇمان قىلىشقانىدى. بىراق يېقىندا ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق بىر زېمىننىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇم ئىسپاتلار تېپىلدى ... بۇ دۆلەتنىڭ زېمىنى تىنچ ئوكيان ئاستىغا غايىپ بولغان بو-

لۇپ، بۇرۇن قۇدرەتلىك، مەدەنىيەت گۈللەنگەن يەردە ھازىر دېڭىز دولقۇنى مەۋجۇت ئۇرماقتا.» ئاتلانتىس ۋە مۇ قىتئەسىنىڭ چۆكۈپ كېتىش ھەققىدە ھەر خىل پەرەزلەر بولۇپ «... بەزىلەرنىڭ قارىشىچە قىزىل تەنلىك ئاتلانتىلىقلار مۇنىڭ سىياسىي تەسىرىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، مۇ دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەندىن سىرت يەنە، ئۆزلىرىنىڭ ئېرىشكەن پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ھەممىدىن بەكرەك ھالاكەتلىك مەقسەت يولىدا ئىشلەتكەن». بۇ ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ تۇپان بالاسى بىلەن ھالاك بولغانلىق سەۋەبى بولۇپ، ھەممە كىشى بىلمۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئاچچىق ساۋاقتۇر. ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر دەۋر ۋە تەرەققىياتنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ھالاكەتلىك مەقسەت يولىدا ئىشلىتىپ، ئاتوم بومبىسىنى خەلققە قارىتىپ، زوراۋانلىق يۈرگۈزگەنلىكتىن ھالاك بولغان ئىكەن، ھازىرقى كىشىلەرمۇ ئەگەر شۇنداق قىلسا، ئۆزىگە زۇلۇم قىلىپ، ئۆزىنى ھەم يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قوشۇپ يوقىتىدۇ، ھېچكىم ئامان قالمايدۇ، زېمىننى يەنە ياۋايىلىق باسىدۇ. شۇڭا، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىقتىن تەشكىل قىلىنغان ئىلىم ۋە بىلىمنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئۈچۈن ئورتاق تەلەپتۇر.

## قۇتادغۇبىلىگ

**1. داھىيانە ئەسەر.** 1070 ـ يىللىرىدا قەشقەردە ئۇلۇغ ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپ يېزىپ ئېلان قىلغان «قۇتاتغۇبىلىگ» قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامى ئىدىيە پىكىر قاراشلىرىنىڭ نازۇك جەۋھەرلىرى خاتىرىلەنگەن داھىيانا پەلسەپىۋى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ گۆھەر كىتاب تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلار مەدەنىيلىكىنىڭ نازۇك جەۋھەرلىرى ۋە تۇپان بالاسىدىن كېيىنكى نازۇك جەۋھەرلىرىنى يىغىنچاقلاپ بەرگەن ئالتۇن ئاچقۇچ. ئۇيغۇر ئەجدادلىرى يازغان ئاتا كىتابلار «مۇقۇرۇقلۇق ھەققىدە»، «قۇتاتۇۋبىلىگ» ۋە ئۇنىڭ جۈپتى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىن ئىبارەت ئۈچ كىتاب تەقدىرداش يىلتىزداش بولغان مۆجىزىلىك ئۈچ كىتاب. بۇ ئۈچ كىتاب ئىنسانلار ئۆزلۈكى ئىچىدىن قاسراق تاشلاپ چىققان ئۆگلۈكىنى يېشىپ بېرىدىغان، ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تىرىشچانلىق، ئىجادچانلىق ئىرسىيەت قېنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنىدا نامايان قىلىدىغان ئۇلۇغ ئۈچ كىتاب. بۇ كىتابلاردىن شۇنىسى ئايانكى، تۇپان بالاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، مەيلى قايسى زامان دەۋرلەر بولسۇن، ھەممىسىدە ئوخشاش بىر رېئال مۇھىت پەيدا بولىدۇ، مۇھىت ئارىلىقى نەچچە تۈمەن يىللار بىلەن پەرقلەنسىمۇ، كىشىلەرنىڭ ئەقلى، ھېس ـ تۇيغۇلىرى، تەپەككۇرى ئوخشاش بولىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. چۈنكى ھەممە زامان دەۋرلەردە ئىنسانغا تەپەككۇر ئوخشاش بولىدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. چۈنكى ھەممە زامان دەۋرلەردە ئىنسانغا تەپەككۇر قىلىشقا بېرىلىدىغان دەۋەتچىلەر مۇقەددەس كىتابلار ۋە قىزىلغۇچى تەبىئەت دۇنياسى بولىدۇ. «قۇتاتغۇبىلىگ» پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى پەن ـ تېخنىكا شەكىللەندۈرۈپ تەرەققىيات ياساشقا ئۈندەپ، قۇياشنى ئەركەك ئىلىمگە، ئاينى ئىنسانىي بىلىمگە ئوبراز قىلىپ، ئىسلامغا يېتەكلىگەن ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلار جۈملىدىن ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان «مۇنىڭ ئالەم كوزمىك ـ دىياگراممىسى»، پىرامىدىسى، بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ۋە يەتتە ۋە ئون قاتارلىق مۇقەددەس سانلار بۇ ئالتۇن ئاچقۇچ بىلەن يېشىلىدۇ. «مۇ كوزمىك دىياگراممىسى» پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئومۇملاشتۇرما خەرىتىسى، ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ ئىدىيولوگىيەسىنىڭ ئەڭ ئىخچام رەسىملىك چۈشەندۈرۈشىدۇر. شۇنىڭ بىلەن تەڭ 11 ـ ئەسىردىكى قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابى «قۇتاتغۇبىلىگ» نىڭ دىياگراممىلىق ئوبرازىدۇر.

**2. «مۇنىڭ كۆزمىك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى ئىككى ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى ئەركەك ۋە چىشى تەلىماتى:**

415. «كۈنتوغدى ئىلىگ مۇشۇ ئەمىلى بىلەن،
كۈن ئايدەك چېچىپ نۇر يورەتتى جاھان.»

979. «ئەي ئېلىگ سورىساڭ ـ بۇ ئەركەك ئىرۇر.
چۈشەنسە بۇنىكىم جاۋاب چىشىدۇر.»

980. «چىشىغا بىر ئەركەك كىشى ئەر بولۇر.
ئۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل بالا تۇغۇلۇر.»

كۈنتۇغدى ئىلىگ شەرق ئىلمى ۋە ياكى تەڭرى دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانغا ئىككى ئىلمىنى بەردى، بىرسى ئەركەك ئىلىم، يەنە بىرسى چىشى ئىلىمىدۇر. «مۇ كوزمىك ـ دىياگراممىسى» دىكى چوڭ چەمبەر قۇياش بولۇپ، كىچىك چەمبەر ئاي بولىدۇ، قۇياش ئەركەك ئىلىمنىڭ ئوبرازى ئاتىلىدۇ، ئاي ئىنسانىي بىلىمنىڭ ئوبرازى دېيىلىدۇ. ئەركەك ئىلىمنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئالەم كېمىسىدىن بىرنى كىرا قىلىپ مەلۇم پىلانىتقا چىقىپ، ئەتراپتىكى كۆرۈنگەن نۇرغۇن شەيئىلەر تەپەككۇرىمىزغا ئالىمىز ۋە ياكى يەر شارىدا تۇرۇپ مەلۇم پىلانىتتىكى نۇرغۇن شەيئىلەر تەپەككۇر قىلىمىز، ئەلۋەتتە بۇ مەۋجۇتلۇقلار يەنى ماددا بولىدۇ، بىز تۇرۇۋاتقان يەرشارى كۆكۈم تالقان بولۇپ ئىنسانلار قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشقا پىلانىتلار ۋە ئۇلاردىكى شەيئىلەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، مانا بۇ ئەركەك ئىلىمنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئەركەكلىكتۇر. يەر شارىدىكى يارالمىشلار ئەركەك ئىلىم سانىلىدۇ. ئەركەك ئىلىم شەيئىلەرنىڭ تەركىب قۇرۇلمىسىنى خىمىيە، ھەرىكەت فۇنكسىيەسىنى فىزىكا ۋە ماتېماتىكىلىق ئۆلچەملىرى بىلەن يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرگۈچىسى ساماۋى كىتابلاردۇر. ئەركەك ئىلىم ئەقىل، سۆز قەلەم بىلەن چىشى بىلىمگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىي بىلىم دېيىلىدۇ. ئىنسان بار يەردە ئىنسانىي بىلىم ـ گۇمانىزم بولىدۇ، ئىنسان يوق يەردە بىلىم بولمايدۇ. ئىنسانىي بىلىم خىمىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا ئىلىملىرىنىڭ قېزىلىشى، چوڭقۇرلۇشى، ئۆلچەملىشىشى، پەن ـ تېخنىكىغا ئاي-

لىنىشى، كەشپىيات ياسىشى بىلەن ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلىدۇ.

3. «مۇنىڭ كۆزمك ـ ئالەم دىئاگراممىسى» نىڭ ئۈچ ھەم تەڭيانلىق ئۈچبۇلۇڭ ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى ئۈچ بىلەن ئۈچ ئوردو:

151. «تەڭرى بەردى بىلىگ ئوقۇشلۇق ئەقىل،
تولا ياخشى ئىشلارغا ئۇزاتتۇق قول.»

1594. «نە دەيدۇ، ئۈچ ئوردا بېگى ئاڭلىغىل،
بىلىپ سۆزلىمىش ئىشلىتىپ ئەقىل.»

310. «بىلىم خىمىيەدەك نەڭلەر ئايلاندۇرار،
ئوقۇش ئوردىسىدا تارازا تۇرۇر.»

ئۈچ ئوردا بېگى يەنى تەڭرى ئىنسانغا ئوقۇشلۇقى (ساماۋى كىتاب) بىلىم ۋە ئەقىل بەردى. ئۈچ ئوردا بېگى — تەڭرىنىڭ ئەقلى – ساماۋى كىتابلاردا ئەرەبچە «ھېكمە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇرچە «ئوگ» دەپ ئاتىلىدۇ. تەڭرى ھېكمىتى بىلەن ئىنسانغا ئەقىل، ئىلىم ۋە بىلىمنى بەردى. مانا بۇ ئەقىل ئىلىم ۋە بىلىملەر مۇقەددەس ئۈچ دېيىلىدۇ، ئۇ ئوردا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئوردىلار ئەقىل ئوردىسى، ئوقۇش ئوردىسى، بىلىم ئوردىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئىنساننىڭ ئوقۇش ئوردىسى ئىنساننىڭ مېڭىسى بولىدۇ، ئەقىل ئوردىسى قەلبى (يۈرىكى) بولىدۇ. بىلىم ئوردىسى بەگ، (ئىنسان) ئوردىسى جەمئىيەت، ئائىلە بولىدۇ. ئوقۇش ئوردىسىدا تارازا تۇرىدۇ. ئوقۇش ئوردىسىدىن چىققان كىتابلار ئەركەك ئىلىم سۈپىتىدە ئىنسانىي بىلىم ۋە ئەقىللەرنىڭ تارازىسى بولىدۇ. مايالىقلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئىنجىلى «پوپول ۋۇھ» دېگەن ئەڭ قەدىمىي ئەسەر ئىسمىدىكى ئالماشقان ھەرپلەرنى تۈزەتسەك، «ياراتقۇچىنىڭ ئەقىلگە مەدھىيە» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ (ئەسىرىمىزنىڭ ھەرپلەر قىسمىدا شەرھلىنىدۇ).

«مۇنىڭ كوزمك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى ئۈچ تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭ ئىككى دانە بولۇپ، بىرسى تەڭرىگە، بىرسى ئىنسانغا تەۋە بولىدۇ. تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ كۆندىلەڭ قىسمى ئەقىل، ئوڭ يان تەرەپ ئەركەك ئىلىم، سول يان تەرەپ ئىنسانىي بىلىم بولىدۇ. ئىككى ئىلىمنىڭ كېسىشكەن ئوچى مەۋقە، نىشان بولىدۇ. ئىنسانىي بىلىم تەڭرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى تەرىپىدىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈش چۈشەندۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. تەڭرىنىڭ مەۋقەسى ئىلاھى مەۋقە (گەردۇ — ئالەم) بولىدۇ. نىشانى، ئوبيېكتى كائىنات، زېمىن، ئىنسان بولىدۇ. شۇڭا، تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچى تۆۋەنگە — كائىنات، زېمىن ھەم ئىنسانغا قارىتىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىنسان ئالەمنىڭ تەڭرىسىگە ئۇدۇل تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدۇ. ئىنساننىڭ مەۋقەسى ئىنسانى مەۋقە بولىدۇ، ئاسمانغا قاراپ تەڭرىدىن رىزىق تىلەيدۇ. ئادەمنىڭ نىشانى، ئوبيېكتى تەڭرى ۋە جەننەت بولۇپ، تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئۈچى ئاسمانغا قارىتىلغان بولىدۇ. ئاسماندا تەڭرى ۋە جەننەت بولىدۇ، بىلىم بىلەن تەرەققىيات ياساپ ئاسمانغا چىقىدۇ.

4. «مۇنىڭ كۆزمك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى تۆت ۋە تۆت نۇر. «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى تۆت — تۆت نەڭ، تۆت نەڭلىك تەپەككۇر ۋە تۆت نۇردۇر:

3725. «تىگىدە قوڭۇر يەر، بىلەن يېشىل سۇ،
ئوتتۇرى سۈزۈك يەل، تۇتاش ئوتقا ئۇ.»

بۇ نەزمىدىكى تۆت — تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت نەڭ بولۇپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر ئۇشبۇ نەڭلەردىن تەركىبلەنگەن، قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەركەك ئىلىم ۋە چىشى ئىلىمۇ تۆت نەڭدىن تەركىبلىنىدۇ، قۇرۇلىدۇ. فۇنكسىيەسىگە قاراپ نۇر ئاتىلىدۇ. كۈن ۋە ئاي ئىككى خىل ئىلىمنىڭ ئوبرازى قىلىنىدۇ.

«مۇنىڭ كوزمك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى مۇقەددەس تۆت، تۆت تۈۋرۈك شەكلىدە بېرىلگەن بولۇپ، قۇياشقا تۇتاشقان بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا يايىسىمان پاسىل بولۇپ، ئۈستى قىسمى ئىنچىكە، ئۈلى تۈز بولۇپ، خۇددى پەيشاۋانلارغا قويۇلغان تۈۋرۈكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۈز قىسمى تەبىئەتتىكى ئادەمنىڭ ئەقىل، ئىلىم ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭلىكىگە قارىتىلىدۇ. ئىنچىكە قىسمى ئىنسانىي ئەقىل، ئىلىم ۋە بىلىمنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن دەۋر ۋە تەرەققىياتتىن نازۇكلىشىپ قۇياشقا قايتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئوتتۇرىسىدىكى يايىسىمان پاسىل ئۆلچەم پاسىلى بولىدۇ. پاسىلدىن ئۆتكەن نەرسىلەر ئۆلچەملەشكەن بولىدۇ، پاسىلدىن ئۆتەلمىگەن نەرسىلەر ئۆلچەمگە يەتمىگەن نەرسىلەر بولىدۇ. «مۇ كۆزمك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى تۆت تۈۋرۈك — تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت نەڭ بولۇپ، تەڭرى ياراتقانلىقى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ، تەڭرى بۇ نۇرلار بىلەن پۈتكۈل ئالەم، زېمىن ۋە ئۇلاردىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقانلىقى ئۈچۈن «ياراتقۇچى» دېيىلىدۇ، نەرسىلەر ئىچىدە ئەقىل، ئەركەك ئىلىم ۋە ئىنسانىي بىلىممۇ ئۇشبۇ تۆت نەڭدىن تەركىبلىنىدۇ ۋە تۈزۈلىدۇ. قۇياشقا يېقىن قىسمى خۇددى قۇياش نۇرىنىڭ كىچىكتىن چوڭىيىپ ئوبتىكىلىق تارقىلىشىغا ئوخشاش ئىلىملەرمۇ كىشىلەرنىڭ تاقىتى يېتىدىغان ئەھۋالىغا قاراپ ئاددىيلىقتىن چوڭقۇرلىشىدۇ، پۈتۈنلىشىدۇ، تەڭرىنىڭ نۇرى نۇرلۇق كىتابلار تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل ۋە قۇرئان قاتارلىق تۆت مۇقەددەس كىتابتىن ئىبارەت. تۆت كىتاب پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاغزىدىن سۆز بولۇپ چىقىدۇ، كىتابلار تۈزۈلىدۇ، پەيغەمبەرلەر تەڭرىنىڭ پەيغەمبەرلىرى بولۇپ، كىتابلار پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە بېرىلگەن بولىدۇ، پەيغەمبەرلەر دىنلارنىڭ كەشپىياتچىسى دېيىلمەيدۇ. يايىسىمان پاسىلنىڭ ئاستىدىكى نۇر قۇياش نۇرىنىڭ كۆلەڭگۈسى، ئىنساننىڭ بىلىمى، ئاينىڭ نۇرى دېيىلىدۇ. ئىنسانىي بىلىم تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت نەڭدىن تەركىبلىنىپ قۇرۇلىدۇ، يوقتىن بار بولىدۇ، پەلەكتەك چۆرگىلەپ تارقايدۇ، يېڭىلىنىدۇ، بېيىيدۇ. تۆت

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىتاب مىراس قىلىنغان ئىنسانلار تۆت نەڭلىك تەپەككۇر قىلىدۇ، دەسلەپتە بۇ تۆت كىتاب تەپەككۇرلىرىنىڭ ئورامى چوڭ بولىدۇ، شۇڭا تۈۋرۈكنىڭ قۇياشقا يىراق قىسمى تومراق كېلىدۇ. دەۋر ۋە تەرەققىيات بىلەن ئىنسانىي بىلىملەر چوڭقۇرلىشىدۇ، ئۆلچەملىشىدۇ، ئۆلچەملەشكەنسېرى دەۋرگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىرى زاماندىن قالىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى ئىنچىكىلەيدۇ. پەن ـ تېخنىكا ھاسىل بولىدۇ، كەشپىيات بارلىققا كېلىدۇ، بىلىم تېخىمۇ نازۇكلىشىدۇ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سېھرى ـ ھېكمەتلىرى كىشىلەرگە ئايان بولىدۇ. مەسىلەن: ئاتوم، ھۈجەيرە تەلىماتى، ئىرسىيەت ئىلمى، كىلون تېخنىكىسى، ئالەم قاتنىشى تېخنىكىسى دېگەندەك، پەن ـ تېخنىكا دېگەنلىك ئىنسانلار ياسىغان نەرسىلەردە تەڭرىنىڭ ھەققى بار دېگەنلىك بولىدۇ.

**5. «مۇ كۆزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى مۇقەددەس يەتتە پىرامىدا ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى مۇقەددەس يەتتە:**

2795. «كۆڭۈل يەتتە ئەزا ئۆزە ھۆكۈمران.
يوگۇرەر ئەل چوقۇم باشلاپ ماڭسا خان»
215. «ئوقۇشلۇق ھەم بىلىگ ئوبدان ياخشى نەڭ
ئەگەر بولسا ئىشلەت ئۈچۈپ كوككە تەڭ.»

«قۇتاتغۇبىلىگ» دىكى يەتتە تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ پىرامىداسىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىلادى 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن «قۇتاتغۇبىلىگ» تۇپان بالاسىدىن كېيىنكى تارىم ۋادىسى تەكلىماكاندا بارلىققا كەلگەن تەكرار ياسالغان ئۇيغۇرلارنىڭ پىرامىداسى، تارىمغا كۆمۈلگەن ئالتۇن ئاچقۇچتۇر. بۇ ھەقتە مۇئەللىپنىڭ «مۇنبەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىل 3 ـ ساندىكى «قۇتادغۇبىلىكتە ئەقىلگە شەرھى» گە قارالسا بولىدۇ.

مۇ ئۇيغۇرلىرى ياسىغان «پىرامىدا»، «مۇ كوزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى يەتتىلىك ئابىدىسىدۇر. پىرامىدا «مۇ كوزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى تۆت تۈۋرۈك ئۈستىگە تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنى دەستىلەشتىن ھاسىل قىلىنغان. پىرامىدانىڭ ئۇل، ئاساسى تۆت تۈۋرۈكتىن ياسالغان ۋە ياكى تۆت نەڭدىن قۇرۇلغان ئالەم، يەرشارى، ئادەم، شەيئىلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ زېمىندىكى تۆت ئېلىمدىن قۇرۇلغان ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىپادىلەيدۇ، پىرامىدانىڭ ئۈستۈنكى قىسمى، ئىنساننىڭ ئەقلى، ئەركەك ئىلىم ۋە چىشى بىلىمنى ئىپادىلەيدىغان تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پىرامىدا ئادەملەر ئەركەك ئىلىم، چىشى بىلىم ۋە ئەقىل بىلەن ئاسمانغا چىقىدۇ، جەننەتنى تاپىدۇ، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

**6. «مۇ كۆزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى ئون ئىككى ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» دىكى ئون ئىككى:**

138. «ئون ئىككى بۇرچ باردۇر بۆلاردىن بۆلەك،
جۇپ ئۆيلىك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك،»
142. «ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازنىڭدۇر،
ئۈچ يۇلتۇز كۈزنىڭدۇر ئۈچى قىشنىڭدۇر.»
143. «ئۈچى سۇ، ئۈچى ئوت، بولدى ئۈچى يەل،
ئۈچى تۇپراق بولدى دۇنيا ئىشى ھەل.»

كائىنات 12 بۇرۇچتىن تەشكىل قىلىنىدۇ، ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش بىر يىلدا تۆت پەسىل بىلەن 12 ئايدا پۈتكۈل ئالەمنى ئايلىنىدۇ. ئالەمگە يورۇقلۇق بېرىدۇ.

«مۇ كوزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى 12 شەرتلىك بەلگە قۇياشنىڭ ئەتراپىدىكى 12 قۇلاققا ئوخشايدۇ. قۇياش پۈتكۈل ئالەمنىڭ مەركىزى بولۇپ، پۈتكۈل ئالەم زېمىن ۋە شەيئىلەرنى يورۇتىدۇ، دەقىقە كېچىكتۈرمەيدۇ، ئالەمدىكى زەررىچە ئىشلار قۇياشقا يېتىپ بارىدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ.

**7. «مۇ كۆزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» دىكى تەڭ يانلىق ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ ئاي ئەتراپىدا كېسىشى ۋە ئاينىڭ قۇياشتىن كىچىك كۆرۈنۈشى ۋە «قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ يەشمىسى:**

314. «كىشىگە ئوقۇشلۇق، بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماسلىق ئەر كىشەن بىلەن،»
731. «ئاي ئاۋۋال تولىمۇ كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن ـ كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.»

بۇ نەزمىلەر ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، ئوقۇپ چۈشىنىۋالسا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە، پىكىر قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئابىدىلىرى «مۇ كوزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» ۋە «پىرامىداسى» قاتارلىقلارنى تۇپان بالاسىدىن كېيىنكى 11 مىڭ يىلدىن كېيىن قەشقەردە ئېلان قىلىنغان «قۇتاتقۇبىلىگ» بىلەن سېلىشتۇرۇپ يېشىپ چىقتۇق. بۇ ئىككى ئابىدىنىڭ جىپىس كېلىشى ۋە بىر ـ بىرىنى يېشىپ بېرىشى تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ۋە بۇ دىننىڭ ئەزەلىي ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ ۋە ئىسپات بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ تەڭرىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. دىيارىمىزدىكى «قۇتاتغۇبىلىگ» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قاتارلىق قوشماق كىتاب ۋە ئۇلارنىڭ ئالىملىرىنى يات كۆرۈۋاتقان ئوقۇرمەنلەر، ئۆزلىرى ئالاھىدە بىلىدىغان كاتتا ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇنبەرگە ئېلىپ چىقىپ، يۇقىرىدىكى ئەڭ قەدىمىي ئىنسانلارنىڭ «مۇ كوزمەك ـ ئالەم دىياگراممىسى» نى جىپسا كەلتۈرۈپ يېشىپ بەرسە، چىن قەلبىمىزدىن قايىل بولىمىز. مۇئەللىپنىڭ يەتتە يىللىق يېزىق بىلەن باشلانغان ئىلمى تەتقىقات ئۇشبۇ تېمىلارنى دەۋر قىلىپ ئايلانغان بولۇپ، رايونىمىزدا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»، «بۇلاق»، «مىراس»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ۋە «مۇنبەر» قاتارلىق ژۇرناللار تەھرىراتىدا ماقالىلىرىمىز ئامانەت ساقلىنىۋاتىدۇ. ئالدىغا ئالتە يىل، كەينىگە ئۈچ يىل بولدى. ئۇلاردىن ئىنساپ تىلەۋاتىمىز.

**پايدىلانمىلار:**

1. «قۇتادغۇبىلىگ» 1983 ـ يىل نەشرى
2. «بار ئىكەنمەن يادىڭدا دۇنيا» 2001 ـ يىل نەشرى
3. «تۇرپان» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ ساندىكى «مۇ مەدەنىيىتى ھەققىدە ئىزدىنىش»
4. «مۇنبەر» ژۇرنىلى 2004 ـ يىل 2 ـ ساندىكى «مۇ قۇرۇقلۇقىنىڭ گۈللىنىش ۋە چۆكۈپ كېتىشى»
5. كېنگىت كازنىر: «دۇنيادىكى تىللار»

ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك كېرەمباغ دوختۇرخانىسى

تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

www.uyghurkitap.com



# قەرەللىك ژۇرنال توغرىسىدا

ئوسمانجان مۇھەممەت

قەرەللىك ژۇرنال بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بىر خىل نەشرى بۇيۇمى بولۇپ، ئۇ گېزىت، كىتابتىن پەرقلىنىدىغان ۋە ئۆز ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇقۇشلۇق. شۇڭا، ئۇ تەھرىرلىك جەھەتتە كىتاب، گېزىت بىلەن ھەم ئورتاقلىققا ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولىدۇ. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، ، ماقالە كۆرۈش، ماقالىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق خىزمەت ھالقىلىرى كىتاب بىلەن گېزىتنىڭ تەھرىرلىك ھالقىسى بىلەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما قەرەللىك ژۇرناللار ئىچىدىكى ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تېماتىكىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئىشلىرى بىرقەدەر مۇرەككەپ بولىدۇ، بەزىدە بىر ماقالە بىر كىتابنى تەھرىرلەشتىنمۇ ئېغىر توختايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىلمىي ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىكىنى ئاددىي ساۋات بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئالاھىدە ئالىملارغا موھتاج بولىدۇ. بۇ مەخسۇس تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولغانلىقتىن، بىز بۇ يەردە ئادەتتىكى قەرەللىك ژۇرناللار توغرىسىدا گەپ ئالىمىز.

## 1. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

قەرەللىك ژۇرنال بىر خىل ئېنىق تەھرىرلىك فاكچېنىغا ئىگە بولۇپ، ئۇ مەزمۇنى كۆپ خىل ، ژۇرنال نامى، بەت يۈزى ۋە فورماتى مۇقىم، قەرەللىك سانى بىلەن يىل، ئاي كۈنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈلگەن، قەرەللىك بېسىلىپ نەشر قىلىنىدىغان نەشرى بۇيۇمدۇر. قەرەللىك ژۇرنال مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بەلگىلەنگەن قەرەلدە نەشر قىلىنىدۇ. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ۋاقىت سۈرۈكى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى، ماقالىلەرنىڭ ژانىرى ھەر خىل بولىدۇ. نەشر قىلىنىدىغان دەۋرى يىللىق، قوش ئايلىق، پەسىللىك بولىدۇ. ھەتتا ھەپتىلىك، يېرىم ئايلىق مۆھلەت بىلەنمۇ نەشر قىلىنىدۇ. فورماتى جەھەتتە 16 فورماتلىق، 32 فورماتلىق بولىدۇ. 8 فورماتلىقلىرى ئادەتتە كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ چوڭ تىپتىكى قەرەللىك ژۇرنال، ئوتتۇرا تىپتىكى قەرەللىك ژۇرنال ۋە كىچىك تىپتىكى قەرەللىك ژۇرنال دەپ بۆلۈنىدۇ. سەھىپىسىنىڭ كۆپ، ئوتتۇراھال ۋە ئاز بولۇشىنىڭ ئېنىق چېگراسى بولمايدۇ؛ ئوقۇرمەنلەر ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئاياللار ژۇرنىلى، ياشانغانلار ژۇرنىلى، ياشلار ژۇرنىلى دېگەندەك نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن ئالىي دەرىجىلىك قەرەللىك ژۇرنال، ئاممىباب قەرەللىك ژۇرنال ۋە ئادەتتىكى قەرەللىك ژۇرنال دەپ ئايرىلىدۇ؛ مەزمۇن جەھەتتىن ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئۇنىۋېرسال قەرەللىك ژۇرنال ۋە مەخسۇس قەرەللىك ژۇرنال دەپ ئايرىلىدۇ؛ پەن تۈرلىرى بويىچە تەبىئىي پەن قەرەللىك ژۇرنىلى ۋە ئىجتىمائىي پەنە قەرەللىك ژۇرنىلى دەپ بۆلۈنىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مەزمۇن خاراكتېرىگە ئاساسەن نەزەرىيىۋى ئىلمىي قەرەللىك ژۇرنال، مەدەنىيەت بىلىملىرى قەرەللىك ژۇرنىلى، تەنتەربىيە قەرەللىك ژورنىلى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال، تاللانما، تەرمە خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال، تۇرمۇش، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك قەرەللىك ژۇرنال ... دەپ ئايرىلىدۇ.

## 2. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى

قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مەخسۇس سەھىپىلىرى ئۇ ئوخشاش تۈر ۋە مەزمۇندىكى ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان بەت يۈزىنىڭ ئادەتتىكى مۇقىم ئىسمى ۋە ئورنى بولۇپ، بۇ قەرەللىك ژۇرنال تەھرىرلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا ئاساسەن تۈزۈلىدۇ ۋە بۇ سەھىپىگە مەسئۇل بولىدۇ، بۇ مۇھەررىرنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى بىلەن ئۇسلۇبىنى نامايان قىلىدۇ. خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مەزمۇن كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇ قەرەللىك ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى بولىدۇ.

تەھرىرلىك فاكچېنىدا بەلگىلەنگەن تېما دائىرىسى، مۇھىم نۇقتا، خاراكتېر ۋە ماتېرىيال تاللاش ئاخىرقى ھېسابتا قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇشۇنداق سەھىپىلىرىدە ئەمەلىيلىشىدۇ. بىر سەھىپىنى تۇرغۇزۇش قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى تۇرغۇزغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. بىر قانچە سەھىپىنى تۇرغۇزۇش قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى تۇرغۇزغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. تەھرىرلىك فاكچېنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر تۈرنىڭ مەزمۇنىمۇ سەھىپىلەر ئارقىلىق بىر ـ بىرلەپ كونكرېتلىشىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نى ئالساق، «ئىقتىسادىي تەرەققىيات»، «كىلاسسىك ئەدەبىيات ـ كىلاسسىك مۇزىكا»، «مەدەنىيەت ـ مائارىپ»، «ئاخبارات ـ نەشرىيات»، «پەلسەپىۋى تەپەككۇر»، «قامۇسچاق» ... دېگەندەك سەھىپىلەردە ئەسەرلەر مەزمۇنى ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى ئالدى بىلەن دۆلەتتىن بەلگىلەنگەن ئىش تەقسىماتى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئەسەرلەر مەزمۇنىدا نامايان

بولىدۇ. شۇڭا سەھىپە يەنە تەھرىرلىك فاكچىيىنىدىمۇ كونكرېت شەكىللەر قوللىنىلىدۇ، مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ سەھىپە ۋە ئۇلارنىڭ تەھرىرلىكى شۇ قەرەللىك ژۇرنالنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولىدۇ. مەسىلەن، «تارىم» ژۇرنىلى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرىدۇ؛ «دۇنيا ئەدەبىياتى» چەت ئەل ئەدەبىياتى تونۇشتۇرىدۇ، «ئەدەبىي تەرجىمە» خەنزۇ ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىيلىكى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا بۇ قەرەللىك ژۇرنالنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ بىر سەھىپە بىر تۈردىكى ئەسەرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى قەرەللىك ژۇرنال مەزمۇنىنىڭ كۆزنىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، قىسقىسى، سەھىپە قەرەللىك ژۇرنالنى شەكىللەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل بولىدۇ.

ھەربىر قەرەللىك ژۇرنالنىڭ دېگۈدەكلا ئېنىق ژۇرنال باشقۇرۇش مۇددىئاسى بولىدۇ، سەھىپە ژۇرنال باشقۇرۇش مۇددىئاسىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. شۇڭا سەھىپىلەرنى تۇرغۇزۇش ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن ژۇرنال باشقۇرۇش مۇددىئاسىنى ئىپادىلەيدۇ. ھەرقانداق بىر قەرەللىك ژۇرنالغا نىسبەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشى سەھىپە سىستېمىسى تۇرغۇزۇلسا، ئاندىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «بىلىم ـ كۈچ» ژۇرنىلى تامامەن پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا يۈزلەنگەن، «ئۇيغۇر تېبابىتى» ئۇيغۇر تېبابەت ئىشلىرىغا يۈزلەنگەن. شۇنداق ئىكەن بۇ ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كەسپى ئالاھىدىلىكى بويىچە لايىھەلىنىدۇ. مەيلى قايسى كەسپكە ئائىت ژۇرنال بولىبۇن، قاراتمىلىقى كۈچلۈك، ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك بولسا، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. بەزى مەزمۇنى يېقىن كېلىدىغان قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ سەھىپىلىرىدە قىسمەن ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. شۇڭا سەھىپىلەرنى لايىھەلەش ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدۇ. «بۇلاق»، «مىراس»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» بۇنىڭ مىسالىدۇر. چۈنكى بۇ ژۇرناللارنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات جەھەتتىكى مەزمۇنلىرىدا ئوخشاشلىق مەۋجۇت. سەھىپىلەرنى ئىجادىي لايىھەلەش قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنداق روھ بىر قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ. تېما تاللاش جەھەتتىمۇ يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ «مۇنبەر» بولغان ئىكەن، پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ ئۆتمۈشكە، ھازىرغا ۋە كەلگۈسىگە ئائىت بەزى سەھىپىلەرنى ئىجادىي تەسىس قىلسا تامامەن بولىدۇ. شۇنداق بولسا قەرەللىك ژۇرنال تېخىمۇ موللىشىپ، رەڭدارلىشىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا سازاۋەر بولىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇھەررىر بولغان ئادەم ئىجادىي خىزمەت قىلىشى ، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر مۇھەررىر ئىدىيەدە قاتمال بولۇۋالسا قەرەللىك ژۇرنالنى ياخشى چىقارغىلى بولمايدۇ.

مۇھەررىر ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئاپتورلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى راۋان بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىمۇ يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئاپتورلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئادەتتە ئوقۇرمەن دېگەن ئوقۇرمەن، ئاپتور دېگەن ئاپتور، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر پاسىل بار دەپ قارىماسلىق كېرەك. بۇنداق پاسىلنى يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە مۇھەررىر جەزمەن ھەل قىلالايدۇ. مۇھەررىرلەر سەھىپە لايىھەلىگەندە بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتكە دىققەت قىلىش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سەھىپىلەرنىڭ ئىسمىنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلەش كېرەك، سەھىپىلەرنىڭ ئىسمى توغرا، ئېنىق، جانلىق بولۇشى كېرەك. توغرا بولسا ئوقۇرمەن بىر قاراپلا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىدۇ؛ ئېنىق بولسا مەزمۇننى راۋان، تولۇق چۈشىنىدۇ؛ جانلىق بولسا ئوقۇرمەنلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا ئوقۇرمەنلەردە خاتا تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. ئۇقۇم تۇتۇق بولىدۇ، سۆز مەنىسى جانلىق ئىپادىلەنمەيدۇ ـ دە، قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سان ـ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ، ئادەتتىكى ئوقۇرمەننى ئاپتورغا، ئاپتورنى ئوقۇرمەنگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، بۇ سەھىپە لايىھەلىگۈچىنىڭ ئۆزگىچە كارامىتىنى نامايان قىلىدۇ. سەھىپىلەرگە ئىسىم قويۇش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. سەھىپە ئىسمى بىلەن سەھىپىدىكى مەزمۇن ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، «تاغ» دەپ ئىسىم قويۇشقا تېگىشلىك تۇرۇپ «باغ» دەپ ئىسىم قويۇشقا بولمايدۇ. ئىسىم بىلەن مەزمۇن ماسلاشسا ياخشى ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ؛ بۇ يەردىكى ئۈنۈم ئىسمىغا قاراپلا مەزمۇنىنى بىلگىلى بولىدىغان روشەنلىكتۇر. بولۇپمۇ سەھىپىلەرنىڭ ئاتىلىش تۈرلىرىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك. بۇ ئەمەلىي تېما، مەۋھۇم تېما، ئەمەلىي تېما بىلەن مەۋھۇم تېمىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن: «دۇنيا ئەدەبىياتى» نىڭ سەھىپىسى: «پوۋېست»، «ھېكايىلەر»، «شېئىرلار»، «نەسىرلەر» ... دىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ ئەمەلىي تېمىلاردۇر. ئەمەلىي تېما بىلەن مەۋھۇم تېمىدا بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەۋھۇملۇق ئىچىدە ئەمەلىيلىك، ئەمەلىيلىك ئىچىدە مەۋھۇملۇق بولىدۇ. بۇ تۈردىكى سەھىپە تېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ئاسان ئەمەس.

قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا، مەزمۇنلارنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قەرەللىك ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىنى قەرەللىك ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئەمما قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى، قارىشى، قىزىقىش، ھەۋەسى دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە بولغان ئېھتىياجىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىمۇ دەۋرگە ئەگىشىپ ئىلگىرىلىگەنچە ئۇنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنى تەڭشەشتىن مەقسەت قەرەللىك ژۇرنالنى دەۋرنىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىتىشتىن ئىبارەتتۇر. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى تەڭشىگەندە مۇھىمى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭى، ئۆزگىچە، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشالايدىغان ياخشى سەھىپىلىك لايىھەلەش كېرەك. مەسىلەن، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» (ئۇيغۇرچە) نىڭ سەھىپىلىرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ تەڭشىلىپ تۇرىدۇ. بۇنداق تەڭشەش ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ. ئەمما قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى قارىغۇلارچە ئەمەس، ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇسلۇبىنى يەنىمۇ سەرخىللاشتۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا ئىلمىي تەڭشەش، ئوقۇرمەنلەر ياقتۇرۇپ كېلىۋاتقان سەھىپىلەرنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ قېلىش كېرەك. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىنى لايىھەلىگەندە سەھىپىلەرنى زىيادە ئىنچىكە بۆلمەسلىك، زىيادە قىسقارتىۋەتمەسلىك، تەكرار لايىھەلىمەسلىك، تېمىسى مەۋھۇم بولۇپ قالماسلىق كېرەك. سەھىپە زىيادە ئىنچىكە ئايرىۋېتىلسە دەرھال پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ كۆزى ئالاچەكمەن بولۇپ كېتىپ، ئاسان قوبۇل قىلغىلى، مۇھىم بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، بۇنداق بولسا كۆرۈش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەھىپىلەرنىڭ رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. سەھىپىلەرنى تۈرغۇزۇش ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش بولۇپ، بۇ جەرياندا ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە، سەھىپىلەردىكى ئەسەرلەرنىڭ تېمىلىرىنى تەڭشەپ تۈرغۇزۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. يەنى سەھىپىلەرنى كۆپ ئۆزگەرتىش، زىيادە قىسقارتىۋېتىش پايدىسىز. سەھىپىلەردىكى مەزمۇنلار زىيادە قىسقارتىۋېتىلسە مۇندەرىجە قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەلسىزلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرۈش گۈزەللىك تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، ماقالىلارنى تاللاپ ئوقۇشقىمۇ قولايسىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ؛ سەھىپىلەرنىڭ تەكرار تۈرغۇزۇلۇشى ئوقۇرمەنلەردە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ، مەنتىقىلىق خاتالىق پەيدا بولىدۇ. بۇنداق بولسا ژۇرنالنىڭ ئوقۇشچانلىقىغا تەسىر يېتىدۇ؛ سەھىپىدىكى تېمىنىڭ كۆركەم، گۈزەل بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەككى، ئەمما ھەرگىز چاكىنا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ھەر خىل قاملاشمىغان رەسىم، تەسۋىرلەر قاپلاپ كەتسە ئۇنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يېتىدۇ. ئىلمىي ژۇرنال بىلەن ئەدەبىي ژۇرنال بۇ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بۇ ئەھۋالغا پەرقلىق، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ ئەمەلىي ئۈنۈم يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك.

### 3. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بېتىنى لايىھەلەش

قەرەللىك ژۇرنالنىڭ بېتىنى لايىھەلەش ئاساسلىق قىلىپ قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى، مۇندەرىجىسى ۋە ئىچكى بەتلەرنى لايىھەلەشنى كۆرسىتىدۇ. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى مۇقاۋا ـ 1، مۇقاۋا ـ 2، مۇقاۋا ـ 3، مۇقاۋا ـ 4 دەپ ئايرىلىدۇ. بۇلار قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ خاراكتېرى، رولىغا ئاساسەن ئۆزىگە يارىشا ھەر خىل لايىھەلىنىدۇ. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇ بىرىنچىدىن، ژۇرنال ئىسمىنى، قەرەللىك سان ئۇچۇرىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ژۇرنالنى قولىغا ئېلىشى بىلەنلا قايسى ژۇرنال، قانچىنچى سان ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ماقالىنىڭ بەت سانىنى ساقلايدۇ. قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ ئالدىنقى بەتلىرى بىلەن ئاخىرقى بەتلىرى يىرتىلىپ ياكى كىرلىشىپ كەتكەندە ئوقۇش قىيىن بولۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا مۇقاۋىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قەرەللىك ژۇرنال مۇقاۋىسىنىڭ بۇنداق رولى نىسپىي ھەم مۇھىم بولىدۇ. بۇنداق رول ئوبدان جارى قىلدۇرۇلسا ژۇرنالنى ئوقۇشقا، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا پايدىلىق؛ ئۈچىنچىدىن، مەزمۇننى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ژۇرنالنى قولىغا ئېلىش بىلەنلا ژۇرنالنىڭ بەت ۋاراقلىرىنى ۋاراقلىماي تۇرۇپلا مۇقاۋىدىكى «بۇ ساننىڭ مۇندەرىجىسى» دىن ژۇرنالدىكى مەزمۇنلارنى چۈشىنىدۇ. بۇ

ئوقۇرمەنلەرنى مەزكۇر سان ژۇرناللارنى ئوقۇشلۇق كۆرۈش قۇلايلىقلىقى بىلەن تەمىنلەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، مۇقاۋا كۆركەم، چىرايلىق، گۈزەل بولۇشى كېرەك. مەتبەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىنى زىننەتلەش بارغانسېرى مۇھىم بولۇۋاتىدۇ، بۇرۇن ئادەتتىكىدەك بېسىلسا، ھازىر زامانىۋى ئۇسكۇنىلەر بىلەن رەڭلىك، كۆركەم، جەزىبدار بېسىلىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئوقۇرمەنلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ ۋە ئوقۇرمەنلەردە بىرىنچى تۇيغۇ ھاسىل قىلىدۇ، بۇنداق تۇيغۇ گۈزەل بولىدۇ. ئەگەر قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ناچار بولۇپ، مەزمۇن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ. مەزمۇنى دۇرۇس، تۈزۈلۈشى ئېسىل قەرەللىك ژۇرنالنىڭ كۆركەم مۇقاۋىسى خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز سالغاندەك بولۇپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ بەشىنچىدىن، قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا ئىشلىتىلىدىغان خەت شەكلىنى ياخشى تاللاش كېرەك. ھازىر كومپيۇتېرغا ھەر خىل خەت شەكلى كىرگۈزۈلدى، بەزى خەت شەكلى چىرايلىق، بەزىلىرى ئادەمنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ، شۇڭا قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرىدىغان ئاممىباپ خەت شەكلىنى ئىشلەتكەن تۈزۈك، بەزى ژۇرناللارنىڭ مۇقاۋىسىدىكى خەت شەكلىنى دەماللىققا ئاڭقارغىلى بولماي، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە خەت نومۇرىنى تاللاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. خەت نومۇرىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشى ئوخشاش بولمىغان كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب تۈسىنى نامايان قىلىدۇ. شۇڭا ھەر خىل تۈردىكى قەرەللىك ژۇرناللار ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن خەت نومۇرىنى تاللاپ ئىشلەتكىنى تۈزۈك. شۇنداق بولسا ئوقۇرمەنلەرگە بىر خىل تەمكىن، راھەت تۇيغۇ بېرىدۇ؛ ئالتىنچىدىن، خەتنىڭ مۇقاۋىدىكى ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. قەرەللىك ژۇرنالنىڭ خاراكتېرى، بازار ئېھتىياجى ۋە مۇقاۋىدىكى ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن خەت بەت يۈزىنىڭ مۇۋاپىق جايىدىن ئورۇن ئېلىشى خۇددى ئېسىل كىيىمنىڭ تۈگمىسى جايىغا قادالغاندەك ئىشتۇر؛ يەتتىنچىدىن، قەرەللىك ژۇرنالنىڭ نامى مۇقاۋىنىڭ ئاساسلىق جايىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك. بۇ مۇقاۋىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولغاچقا مۇقاۋىنى لايىھەلەشتە ئىنتايىن مۇھىم بولىدۇ؛ سەككىزىنچىدىن، رەسىم مۇقاۋىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئۇ كۆركەم، جانلىق، ئوبرازلىق، مەزمۇنلۇق، يارقىن بولسا ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئەمما قەرەللىك ژۇرنالنىڭ شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سۈرەتلەر بېرىلگىنى تۈزۈك، بۇ جەھەتتىن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» نا-ھايىتى ياخشى قىلىنىۋاتىدۇ. ئەمما مۇھەررىرلەر سېرىق، چاكىنا سۈرەتلەرنى مۇقاۋىغا بېسىشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ توققۇزىنچىدىن، مۇقاۋىغا ئىشلىتىلىدىغان رەڭگە، رەڭنىڭ تەڭشىلىشىگە، گارمونىكىلىقىغا، رەڭنىڭ ھېسسىيات تۇيغۇسىغا، ۋاقىت خاراكتېرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇلار مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا مۇقاۋىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

قەرەللىك ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسى ئادەتتە بىر بەتتىن ئىككى بەتكىچە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، مۇندەرىجە قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. مۇندەرىجە خۇددى قەسىرنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايدۇ. مۇندەرىجىدە ئادەتتە بىر قانچە خىل ئۇسۇل بويىچە تۈزۈلىدۇ؛ سەھىپە تۇرغۇزۇلماي ماقالىلار بەت يۈزىدە ئىلگىرى - كېيىن تۈزۈلىدۇ؛ ماقالىنىڭ بەت يۈزىدىكى تەرتىپى نەزەرگە ئېلىنماي، سەھىپە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلىدۇ؛ سەھىپە ۋە ماقالىنىڭ رەت تەرتىپى بويىچە تۈزۈلىدۇ، بۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە چۈشلۇق ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ.

قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئىچكى بېتىنى لايىھەلەشنىڭمۇ بىر قانچە خىل تۈرى بولىدۇ. بەت مەركىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تۇرغۇزۇش؛ مۇندەرىجىدىكى ماقالىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇش؛ تېمىنى (ئاپتورنىڭ ئىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لايىھەلەش؛ رەسىمنى لايىھەلەش؛ تېكىستتىكى سەھىپە نامى، بەت شەكلى، ژۇرنال تىتولىنى لايىھەلەش بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۇزۇن مۇددەت شەكىلدە ياكى مەلۇم بىر مەزگىللىك شەكىلدە بولىدۇ، ھەر ساندا قايتا لايىھەلەش ھاجەتسىز. قەرەللىك ژۇرناللارنىڭ بەتلىرىنى لايىھەلەشتە يەنە مۇئەييەن ئاساسىي پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، شەكىل مەزمۇنغا ئۇيغۇن كېلىشى؛ ئىككىنچىدىن بىردەكلىككە يەنى خەت شەكلى بىلەن خەت نومۇرى بىر - بىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، قۇرۇق بەتنىڭ بىردەكلىكى، سىزىقلارنىڭ بىردەكلىكى، بېزەشنىڭ بىردەكلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇشى؛ ئۈچىنچىدىن كۆرۈش، گۈزەللىك تۇيغۇسى پرىنسىپى بولىدۇ. بەت لايىھەلەشتە بۇ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

دېمەك، مۇھەررىر قەرەللىك ژۇرنالنىڭ ئىچكى - تاشقى جەھەتتىكى جىمى مەزمۇنلىرى بىلەن پىششىق تونۇشى، قەرەللىك ژۇرنالغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىم، ماھارەتلەرنى ئىگىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

---

ئاپتور: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىر بۆلۈمىدە

تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شىرىپ بەشكېرەمى

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دىۋان ھادىسىسى

ئابدۇغېنى مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، نۇرغۇنلىغان شائىر ـ يازغۇچىلار شېئىرىيەت ژانىرىدا قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئۇلارنى توپلاپ، «كۇللىيات»، «دىۋان» ۋە «باياز» لارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ توپلاملار شۇ دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلار بۇ سەھنىدە ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاز بولمىغان دىۋانلارنى تۈزۈپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

دىۋانچىلىق ھادىسىسى ياكى دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا شەكىللىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملاشقان ئالاھىدە ئەدەبىي ھادىسە ھېسابلانغان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى تۈركىي، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇردۇر.

«دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرگەندە پارسچە ئاتالغۇ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەتتە: «شېئىرىي توپلام، سوت مەھكىمىسى، سوت كوللېگىيەسى، (سۇدان خانلىق كېڭەشتىكى) ۋەزىرلەر مەجلىسى، كىرىسلو، يوقلىما دەپتەر، قورو ـ ھويلا دەپ ئالتە خىل مەنىسى ئۇنىڭدىن باشقا بۇ لۇغەتتە دىۋان بېگى، دىۋانخانە، دىۋانبېگى، دىۋان نەۋىس (ھۆججەتنى بىر تەرەپ قىلغۇچى)، دىۋانە بازى، دىۋانى (سوت مەھكىمىسى، ھۆكۈمەت، دۆلەت، ئوردا، دۆلەت خەزىنىسى، ئوردا ياساۋۇل بېگى، بىر خىل خەت شەكلىنىڭ ئىسمى) قاتارلىق مەنىلەردە ئىزاھلانغان.»① ئۇزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ تىللىرىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. يېڭى ئەرەبچە ـ خەنزۇچە چوڭ لۇغەتتە: «شېئىرلار توپلىمى، مەجمۇئە، خاتىرىلەش دەپتىرى، كىتاب، مەھكىمە، شەرىئەت مەھكىمىسي، مەمۇرىي ئىدارە ـ ئورگان، ۋەزىر، خەزىنە بېگى» دەپ ئىزاھلانغان.② ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ «دىۋان ئاتالغۇسىنىڭ مەنا قاتلىمى» ناملىق ماقالىسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېڭى، ئۆچۈر خاراكتېرلىك مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.ئۇ ماقالىسىدە: بىز تارىخىي مەنبەلەرگە كۆز تاشلىغىنىمىزدە، «دىۋان» ئاتالغۇسىنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆز كەڭ مەنىگە ئىگە بولۇپ، ھەرقايسى دەۋرلەردە پەرقلىق ھەم پەرقسىز ھالدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. «دىۋان» ئەسلى پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇ ئىسلام يۈرۈشلىرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئەرەب تىلىغا ۋە ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىلەن باشقا شەرق، شىمالدا مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ تىللىرىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئەينى ۋاقىتتا، بۇ سۆز ئەدەبىيات بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، سىياسىي، مەمۇرىي ھەم ئىلمىي ساھەلەرگىچە ئىشلىتىلگەن، ھەرقايسى تىللارغا قوبۇل قىلىنىش جەريانىدا، مەنە دائىرىسى بەزىدە كېڭىيىپ، بەزىدە تارىيىپ بارغان. يەنى دۆلەت ئىشلىرى يىغىنى، ئوردا، مەھكىمە، ئىشخانا، ئورگان، ۋەزىر، كاتىب، چوڭ رەھبەرلەرنىڭ يىغىن ئاچىدىغان ياكى ئۇچرىشىدىغان جايى، تاموژنا، ئاخىرەتتىكى سوراق قىلىنىدىغان ئېگىز يەر (دىۋانى ئىلاھى، دىۋانى جازا) قاتارلىق مەنالاردا ئىشلىتىلگەن. «دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئەڭ دەسلەپكى دىۋاننى قەدىمكى سۈرىيە ۋە مىسىردىكى ھېسابات دەپتىرىگە باغلاشقا بولىدۇ. كېيىنچە ئىرانلىقلار بۇ ھېسابات دەپتىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى «دىۋان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان.③

«دىۋان» ئاتالغۇسىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىران ھۆكۈمدارى نوشىرۋاننىڭ ئىران ئىمپېراتورلۇقىنى ئىدارە قىلىشقا قاتناشقان دۆلەت مەمۇرلىرى (خىزمەتچىلىرى) نى «دىۋان» (قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ كىشىلەر) دەپ ئاتىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىشەنچىلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا قارايدىغان بولساق، «دىۋان» دەپ ئاتالغان بۇ ئورگاننىڭ تۆت خەلىپە دەۋرىدىلا، تېخىمۇ كونكېرېت ئېيتقاندا، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر دەۋرى (634 ـ 644) دىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.ئىسلامىيەتتىن كېيىن،تۇنجى بولۇپ «دىۋان» تەسىس قىلغۇچى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (582 ـ 645) بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەر دىۋانى (قوشۇن دىۋانى) نى قۇرغان. ئاbباسىيلار دەۋرى (750 ـ 1258) گە كەلگەندە، ئۇمەييەلەرنىڭ دىۋان سىستېمىسى كېڭەيتىلگەن ۋە سىستېمىلاشتۇرغان. بۇ مەزگىلدە يەنە يېڭى دىۋانلار تەسىس قىلىنغان، دىۋانلارنىڭ ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ ئېنىق ئايرىلغان. فاتىمە دەۋرىدە، ئۇ ـ دىۋانلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يەنە بىر قىسىم ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزگەن. دىۋانۇل رەسائىل فاتىمە

## قامۇسچاق

دەۋرىدىن باشلاپ دىۋانۇل ئىنشا دەپ ئاتىلغان بولغان.
11ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە مالىيە ئىشلىرىنى دىۋانۇل زىمەن
باشقۇرغان. دېمەك، «دىۋان» سۆزىنىڭ ئىشلىتىش دائىرد-
سى ۋە ئورنى بارغانسىرى كېڭىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەركە-
زىي ۋە يەرلىك ئاپپاراتلىرىدىكى يېڭىدىن قوشۇلغان، تە-
سىس قىلىنغان ئورگانلارنىڭ ھەممىسى، مەيلى ئۇ قايسى
ساھەگە تەۋە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، «دىۋان» نامى بىلەن
ئاتىلىۋەرگەن. ئىران، «دىۋان» سۆزى مەركىزىي ھۆكۈمەت-
نى كۆرسىتىپ ھەرخىل مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. مەركە-
زىي ھۆكۈمەتنى كۆرسەتكەندە، كونكرېت نامى دىۋانى ئالى
ئىدى. «دىۋان» سۆزى ھىندىستانغا «ھۆكۈمەت ئورگىنى»
مەنىسى بىلەن غەزنەۋىلەر لاھوردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن
مەزگىلدە كىرگەن. ④ كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان شە-
رەفىددىن ئەلى يەزدىنىڭ «زەپەرنامە» ناملىق ئەسىر» ئە-
مىر تېمۇرنىڭ باخشىلىق خىزمىتىنى دۆلەتشاھ باخشى
ئۇيغۇر ئۆز ئۈستىگە ئالدى ھەمدە «ئەمىر تېمۇر 1368 —
1369 ـ يىللىرى) خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاش
مۇناسىۋىتى بىلەن ئەمىرلىرنى ھەرخىل ۋەزىپىلەرگە تە-
يىنلىگەن چاغدا، دۆلەتشاھ باخشىنى دىۋان ئەمىرى قىلىپ
تەيىنلىدى.»⑤ ئۇنداق بولسا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە
«دىۋان» ئاتالغۇسى قانداق مەنىلەرنى بىلدۈرگەن؟ بۇ سۆز
تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇملاشقان مەنىسى دۆلەت
ئىشلىرى يىغىنى ئىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىل ـ
ئەدەبىيات، تارىخ، مەدەنىيەت، سىياسىي، ھەربىي ـ قورالى
ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەن تۈركىيىلىك دوكتۇر رىشات
گەنجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق
ئىلمىي ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمى مەركىزىي ۋە يەرلىك
تەشكىلاتلار دېگەن مەزمۇن A، B ۋە C دىن ئىبارەت ئۈچ
تۈر بويىچە بايان قىلىنغان بولۇپ، B تۈر ۋەزىر، مەركىزىي
ۋە يەرلىك تەشكىلاتلار دېگەن تېمىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈ-
چىنچى كىچىك تۈرىدە بۈيۈك دىۋان ۋە باشقا دىۋانلارنىڭ
نامى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى شەكلى قىسقىچە
تونۇشتۇرۇلغان.⑥ ئەبۇلغازى باھادىرخان ھاياتىدا ئىككى
مۇھىم تارىخىي يازغان، ئۇنىڭ بىرى «شەجەرەئى تەراكىمە»
(تۈركمەنلەر شەجەرىسى)، يەنە بىر ئەسىرى «شەجەرەئى
تۈرك» بولۇپ، دىۋان ئاتالغۇسىغا ئائىت قىسمەن ئۇچۇرلار
ئۇچرايدۇ. «شەجەرەئى تۈرك» تە: «ئۇيغۇر خەلقىدە تۈركىي
تىلى بىلەن ئوقۇغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار دەپتەردار-
لىقنى، دىۋان ھېسابلىرىنى ياخشى بىلەتتى. چىڭگىزخان-
نىڭ نەۋرىلىرىنىڭ زامانىسىدا ماۋەرائۇننەھىر، خۇراسان
ۋە ئىراقتا دىۋانلار ۋە دەپتەردارلارنىڭ بارچىسى ئۇيغۇر
ئىدى. خىتاينىڭ يۇرتلىرىدا ھەم چىڭگىزخان ئوغلانلىرى
دىۋان ۋە دەپتەردارلارنى ئۇيغۇر خەلقىدىن قويانتتى»⑦ دې-
گەن بايانلار ئۇچرايدۇ. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغى-
تى» دە: «دىۋان» ‹دىۋان› ‹پ› (كۆپلۈكى: دەۋايىن 1. ‹دەپ-
تەر؛ دىۋان، توپلام؛ مەجمۇئە؛ 2. دۆلەت مەھكىمىسى، ھۆ-
كۈمەت مەھكىمىسى؛ 3. دۆلەت ھېسابات مەھكىمىسى؛

4. ئوردا، ساراي، قەسىر دېگەن مەنىلەردە، ئۇنىڭدىن باشقا
دىۋان باشى (دىۋان باشلىقى)، دىۋان بېگى (ۋەزىر، باش كا-
تىپ)، سەفھەئى دىۋان (دىۋان بېتى)، ھۆسن دىۋانى (گۈزەل
چېھرىسى)، دىۋانە (ئەقلىدىن ئازغان)، دىۋانەسار (سەۋدا-
يىلار)، دىۋانخانە (دۆلەت كاتىبات مەھكىمىسى، دىۋانىي
(دىۋانغا تېگىشلىك، مەھكىمىگە تەۋە) دەپ ئىزاھلانغان.⑧
«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» دە:
«دىۋان» (دېۋان) چوڭ يىغىن، مەجلىس؛ مەھكىمە؛ بىرەر
شائىرنىڭ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىنى يىغىپ، كىتاب قى-
لىپ چىقىرىلغان توپلام؛ دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرى
يېزىلىدىغان دەپتەر؛ دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى
باشقۇرغۇچى دەپتەردارلار ياكى ۋەزىر، دۆلەت مەھكىمىسى
ئىشخانىسى، دىۋان بېگى (باش كاتىپ)، دىۋانە (ئەقلىدىن
ئاداشقان)، دىۋانخانە (يېزىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان
مەھكىمە)، دىۋانى (دىۋانغا تېگىشلىك) دەپ چۈشەندۈرۈل-
گەن.⑨ ئابدۇرېھىم نىزارى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ
دىۋانخانىسىدا «دىۋانى شاھان» بولغان.

دېمەك، «دىۋان» ئاتالغۇسى چوڭ يىغىن، مەجلىس،
مەھكىمە، ئوردا، ئىشخانا، شېئىرلار توپلىمى، كاتىپ، دۆ-
لەت كىرىم ـ چىقىملىرى يېزىلىدىغان دەپتەر، لۇغەت،
خەت ـ چەكلەر توپلىمى، گىراماتىكا كىتاب، پۈتۈكچى،
دۆلەت كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى دەپ-
تەردارلار، ۋەزىر، دۆلەت مەھكىمىسى ئىشخانىسى، كاتىبات
ئىشخانىسى، خان ـ پادىشاھ تۇرىدىغان ئۆي، خانا، كىرىس-
لو دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلگەن. بۇ ماقالىدا دىۋان ئا-
تالغۇسىنىڭ ھاكىمىيەتكە مۇناسىۋەتلىك مەنىسى ئەمەس
بەلكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مۇھىم مەنىسى بولغان
شېئىرلار توپلىمى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ
كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى دىۋان نامى بىلەن ئاتالغان ئە-
سەرلەر قاراپ چىقىلىدۇ.

«دىۋان» نىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە بىلدۈرگەن
مەنىسى بولسا دەپتەر، توپلام، شېئىر توپلىمى، لۇغەت،
مەجمۇئە بولۇپ، «دىۋان» نى قانداق تۈزۈش (ئۆزى تۈزۈش
ۋە باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈش ئەھۋالى)، دىۋان نامىنى
قانداق ئاتاش، قانداق شېئىر شەكىللىرىنى كىرگۈزۈش،
ھەجمى قانچىلىك بولۇش توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار
مەۋجۇت. مەن «نەزەرىيە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ دېگەن پى-
رىنسىپ بويىچە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى
دىۋان دەپ ئاتالغان ئەسەرلەرنى ۋە ئۇلار ھەققىدىكى ماقا-
لىلەرنى كۆرۈپ چىقىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى
دىۋانلادىن دىۋان تۈزۈش ھەققىدە بىر قىسىم قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويماقچى. ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ دىۋان تۈزۈش
توغرىسىدا مۇنداق قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «دىۋاندا شې-
ئىرلار قاپىيە ۋە رادىفلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىگە ئەرەب
ئېلىپبەسى تەرتىپىدە جايلاشتۇرۇلىدۇ.ئادەتتە غەزەل شەك-
لىدىكى شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن كۆپرەك ئۇچرايدۇ. لېكىن
بۇ دىۋان تۈزۈشتە بىردىنبىر شەرت ئەمەس، دىۋانغا كىر-

www.uyghurkitap.com

گۈزۈلگەن شېئىرلارنىڭ ھەممىسى غەزەل بولۇشى ناتايىن. ئۇنىڭغا شائىرنىڭ باشقا ژانىردىكى شېئىرلىرى، مەسىلەن: قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مەسنەۋى، مۇرەببە، رۇبائىي، تۇيۇق، قىتئە، تەرجىئىبەند، تەركىبئىبەند، فەرد، مۇئەمما قاتارلىقلارمۇ كىرگۈزۈلىدۇ.»[10] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» تە «بىرەر شائىرنىڭ ھەر تۈرلۈك شېئىرلىرىنى يىغىپ كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان توپلام»[11] مېنىڭچە بىر قەدەر ئورتاقلاشقان ئېنىقلىما بولسا مەلۇم شائىرنىڭ غەزەللىنى ئاساس قىلىپ، شېئىرلارنىڭ قاپىيە ۋە رادىفلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىگە قاراپ مەلۇم تىلنىڭ ئېلىپبەسى تەرتىپىدە جايلاشتۇرۇلغان شېئىرلار توپلىمى شۇ شائىرنىڭ دىۋانى بولغان.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، نۇرغۇنلىغان شائىر ـ يازغۇچىلار شېئىرىيەت ژانىرىدا قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ۋە ئۇلارنى توپلاپ، «كۇللىيات»، «دىۋان» ۋە «باياز» لارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ توپلاملار شۇ دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىپادىلەيدىغان مۇھىم بەلگىلەردىن بىرى بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن يازغۇچىلار بۇ سەھنىدە ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن دىۋانلارنى تۈزۈپ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا ئائىت نوپۇزلۇق ئىلمىي ئەسەرلەردە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت»، ئابدۇرەھىم ھاپىزنىڭ «دىۋانى ھافىز تۈركى»، ئاتايىنىڭ «دىۋانى شەيخزادە ئاتايى»، مەۋلانە سەككاكىنىڭ «دىۋانى سەككاكى»، مەلانە گەدايىنىڭ «دىۋانى گەدايى»، لۇتفىنىڭ «دىۋانى لۇتفى»، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان»، «دىۋانى فانى»، ئابدۇرەشىتخاننىڭ «دىۋانى رەشىدى»، نەفىسىنىڭ «دىۋانى نەفىسى» (بۇ ئەسەر بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن)، قىدىرخان يەركەندىنىڭ «دىۋانى قىدىر»، ئابىدنىڭ «دىۋانى ئابىد»، قاتارلىق دىۋان نامى بىلەن باغلانغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلسە، 18 ـ، 19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مۇھەممەد ئىمىن غوجامقۇلى ھىرقىتىنىڭ «دىۋانى گۇمنام» (ئۇ 85 پارچە غەزەل، 25 پارچە، رۇبائىي، ئىككى پارچە مۇخەممەس ۋە بىر پارچە تەرجىبەندتىن تەركىب تاپقان)، زەلىلىنىڭ «دىۋانى زەلىلى»، خوجا ياقۇپ ئەرشىنىڭ «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى ئەرشى پارىسى»، خوجا سىدىق فۇتۇھىنىڭ «دىۋانى فۇتۇھى»، ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ «دىۋانى مەشھۇرى»، نەۋبەتىنىڭ «دىۋانى نەۋبەتى»، قەلەندەر تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «دىۋانى قەلەندەر»، ئىسمائىل مەھزۇننىڭ «دىۋانى مەھزۇن»، مىرھەسەن سەدايىنىڭ «دىۋان سەدايى»، زوھۇرى تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ «دىۋانى زۇھۇرى»، ئەمىر ھۇسەيىن سەبۇرىنىڭ «دىۋانى سەبۇرى»، مەھمۇد قارىينىڭ «دىۋان قارىي»، نىيازىنىڭ «دىۋانى نىيازى»، مۇھەممەد رەسۇل شەۋقىنىڭ «دىۋانى شەۋقى»، موللا ئەلىنىڭ «دىۋان ئەلى»، سابىر ئاخۇن ناقىسنىڭ «دىۋانى ناقىس»، ھۇسەينخان ئەكبەر تەجەللىنىڭ «دىۋانى تەجەللى»، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «دىۋان ئەرەبى»، موللا سەئىدۇللانىڭ «دىۋان موللا سەئىدۇللا»، ئوسمان ناتەۋاننىڭ «دىۋانى ناتەۋانى»، «دىۋان مۇختەلىفات ناتەۋانى» قاتارلىق كۆپ خىل شېئىر شەكلىدە يېزىلغان، تىلى تولىمۇ پاساھەتلىك دىۋانلارمۇ تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، دىۋان دەپ ئاتالغان ئەسەرلەردىن «دىۋانۇل ئەدەپ»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كە ئوخشاش لۇغەت، توپلام مەنىسىدىكى بۈيۈك ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى.

شېئىرلارنىڭ قاپىيە ۋە رادىفلارنىڭ ئاخىرقى ھەرپلىرىگە قاراپ ئەرەب ئېلىپبەسى تەرتىپىدە جايلاشتۇرۇلغان شېئىرلار توپلىمىنى دىۋان دېيىلگەندە شېئىرىي شەكىللەرنى دىۋانلارنىڭ جېنى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇيغۇرچە دىۋانلارغا كىرگۈزۈلگەن شېئىرىي شەكىللەرگە قاراپ باقساق، بەزى دىۋانلار بىرلا شېئىر شەكلىدىن، بەزى دىۋانلار ھەرخىل شەكىلدىن تۈزۈلگەن. مەسىلەن، مىرزا زۇھۇرىدىن ناملىق شائىرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن «دىۋانى زوھۇرى» دا غەزەللەر ماۋزۇسىدىكى ئاستىدا 102 پارچە غەزەللەر (1530 مىسرا) ۋە ئۇنىڭ يەشمىسىلا بېرىلگەن. نەۋايىنىڭ «چاھار دىۋان» (خەزائىنۇل مەئانى) شائىرنىڭ پۈتكۈل تۈركىي تىلدىكى لىرىك شېئىرلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، 1498 ـــ 1491 ـ يىللىرى دىۋان قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇنىڭغا «غەرايىبۇس سىغەر» (ئۆسمۈرلۈك غارايىپلىرى)، «نەۋادىرۇش شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى)، «بەدايىئۇل ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى)، «فەۋائىدۇل كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئىسىم قويغان تۆت توپلامدىن تۈزۈلگەن، يەتتە ياشتىن يىگىرمە ياشقىچە بولغان دەۋرنى «بالىلىق چاغلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمۈر پەسىللىرىنىڭ نەۋباھارى ۋە ھايات گۈلشەنىنىڭ گۈلزارى» دەپ تەرىپلىگەن ھەمدە بۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «غەرايىبۇس ـ سىغەر» (بالىلىق غارايىپلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزگەن.

يىگىرمە ياشتىن ئوتتۇز بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «يىگىتلىك زامانى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئۆمرىنىڭ ياز پەسلى ۋە يىگىتلىك بۇلىقى» دەپ سۈپەتلىگەن ھەمدە مۇشۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرىنى «نەۋادىرۇش ـ شەباب» (يىگىتلىك نادىرلىقلىرى) دىۋانىغا توپلىغان؛ ئوتتۇز بەش ياشتىن قىرىق بەش ياشقىچە بولغان دەۋرنى «ئوتتۇرا ياشلىق كۈنلىرى» دەپ قىياس قىلىپ، ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ خازان پەسلى، يەنى تىرىكلىك بېغىنىڭ يوپۇرماق تاشلايدىغان چېغى» دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە مۇشۇ مەزگىلگە بېغىشلىغان شېئىرلىرىنى «بەدايىئۇل ـ ۋەسەت» (ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى) دىۋانىغا كىرگۈزىدۇ؛ قىرىق بەش ياشتىن ئاتمىش ياشنىڭ ئەتراپىغىچە بولغان دەۋرنى «ئۆمۈرنىڭ قىش پەسلى» دەپ ئاتاپ، ئۇنى «ئىنساننىڭ ئەدەم (يوقلۇق) يولىغا كىرىپ، زامان ئەھلى بىلەن خەيرلىشىدىغان ۋاقتى» دەپ تەرىپلەيدۇ ھەمدە بۇ ھەقتە دۇئا تەرىقىسىدە يازغان شېئىرلىرىنى «فەۋائىدۇل ـ كىبەر» (قېرىلىق پايدىلىرى) دىۋا-

نىغا توپلايدۇ. بۇ دىۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامى «خەزائىنۇل ـ
مەئانى» دەپ ئاتالدى. بۇ دىۋان خەلق ئارىسىدا «چاھار
دىۋان» (تۆت دىۋان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «خەمسە» شەرق ئەدە ـ
بىياتىدا داستانچىلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ قارالسا،
«چاھار دىۋان» (خەزائىنۇل مەئانى) تۆت دىۋاندىن تۈزۈلۈپ،
دىۋانلارنىڭ بۈيۈك ئابىدىسىنى تىكلەپ بەرگەن.

لىرىك شېئىرىيەتنىڭ 16 خىل ژانىر (غەزەل، مەسنە ـ
ۋى، قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، مۇسەممەن، رۇبا ـ
ئىي، قىتئە، ساقىنامە، مۇستەھزاد، فەرد، مۇئەمما، لۇ ـ
غىز، يەنى تېپىشماق، تەرجىبەند، تۇيۇق) قاتارلىق شېئىر
شەكىللىرىدە يېزىلغان 45 مىڭ مىسرا ھەجىمدىكى شې ـ
ئىرلار بار بولۇپ، ھەربىر ھەرپكە بىردىن ماۋزۇ قويۇل ـ
غان. دىۋاندىكى لىرىك ژانىرلار تەكشى ئەمەس، بىرىنچى
دىۋاندا تۆت ژانىر، ئىككىنچى دىۋاندا 13 ژانىر، ئۈچىنچى
دىۋاندا سەككىز ژانىر، تۆتىنچى دىۋاندا 12 ژانىر بار بو ـ
لۇپ، 2600 پارچە غەزەللەر تۆت دىۋانغا 650 تىن تەڭ
تەقسىم قىلىنغان بولۇپ ئۇيغۇر دىۋانچىلىقىنىڭ ئەڭ يۇ ـ
قىرى سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. تې ـ
يىپجان ئېلىيوۋ بۇ ئاساستا 1982 ـ يىل 12 ـ ئايدا 260
غەزەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «غەزەللەر» ناملىق كىتابنى
نەشر قىلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ترانسك ـ
رىپسىيىسىنى بىلەن يەشمە بېرىلگەن. دىۋان فانىي
(پارسچە توپلام 1496 ـ يىلى تۈزۈلگەن). دىۋان تۈزۈش
ئۇسۇلىمۇ ھەرخىل بولغان. ئەلىشىر نەۋايى دىۋانلىرىنى
تۈزگەندە شەرق ئەدەبىياتىدىكى دىۋان تۈزۈش ئۇسۇلىدىن
ئۆرنەك ئېلىپ، ئىجادىي ھالدا دىۋان تۈزۈشنىڭ يېڭى ئۇ ـ
سۇلىنى ياراتتى.

غەزەل ئىجادىيىتىدە مول ئىجادىي مېھنىتى ۋە ئۆزگى ـ
چە ئۇسلۇبى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققى ـ
ياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان تالانتلىق شائىر موللا سا ـ
بىر بىننى ئابدۇلقادىر (1840 ـ 1920) قەشقەر يېڭىسارىدا
ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ناقىس ئۇنىڭ ئەدە ـ
بىي تەخەللۇسىدۇر. «دىۋانى ناقىس» دا بولسا 169 پارچە
غەزەللەر ،بەش پارچە مۇخەممەسلەر ،ئۈچ پارچە رۇبائىيلار،
13پارچە قىتئەلەر، بىر پارچە مەرسىيە،تۆت پارچە تو ـ
لۇقسىز غەزەللەر كىرگۈزۈلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلى ـ
رىدا يەركەندىن ئىبارەت چىمەنزاردا ناۋا ياڭراتقان خۇشناۋا
بۇلبۇل ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن
ئەدەبىي مىراسى «دىۋانى مەشھۇرى» دا 197 پارچە غەزەل ـ
لەر، بىر پارچە مۇستەھزاد، بەش پارچە مۇخەممەسلەر،
ئىككى پارچە مۇسەددەسلەر، تەرجىئىبەند ماۋزۇسى ئاستى ـ
دىكى شېئىرلار، ئىككى پارچە ساقىنامىلار كىرگۈزۈلگەن.
خوجا ياقۇپ ئۇ تارىختا «خوجا جاھان» نامى بىلەن مەشھۇر.
«ئەرشى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىدۇر. «دىۋان ئەرشى» دا
101 پارچە غەزەللەر، بىر پارچە مۇستەھزاد، يەتتە پارچە
مۇخەممەسلەر، ئىككى پارچە مۇسەممەنلەر، بىر پارچە تەر ـ
جىئىبەند، مەسنەۋىلەر، سەككىز پارچە رۇبائىيلار كىرگۈ ـ
زىلگەن. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن 19 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە ياشىغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن
شۇغۇللانغان قەلەندەرنىڭ «دىۋانى قەلەندەر» دا ئۇنىڭدا ئا ـ
ساسلىقى غەزەللەر، ئۇنىڭدىن باشقا مۇخەممەسلەر،
داستانلار كىرگۈزۈلگەن. زەلىلى (1676 ـ 1755) ياشىغان
شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى بولۇپ ئۇنىڭ «زەلىلى دىۋا ـ
نى» ناملىق ئەسىرىدە 196 پارچە غەزەل، 27 پارچە رۇبائى،
18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، ئىككى قەسىدە ۋە ساقى ـ
نامە، چىلتەن تەزكىرىسى (21 بەتلىك)، خوجە مۇھەممەد
شەرىف بۇزرۇكۋار تەزكىرىسى (78 بەتلىك)، سەپەرنامە 95
(بەتلىك) دىن ئىبارەت ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

دىۋانلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنغا كەلسەك: كۆپ
قىسىم دىۋانلاردا يار ئوبرازىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق
خەلقچىللىقنى،گۇمانىزملىقنى، ئۆز يۇرتىنى سۆيۈش يەنى
ۋەتەنپەرلىكنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى، كۆيۈمچانلىقنى ،تە ـ
رەققىيپەرۋەرلىكنى، ۋاپادارلىقنى، گۈزەللىكنى، چىن
دوسلۇقنى، سائادەتنى، ئادالەتنى،ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق
ئىلغار قاراشلارنى قىزغىن كۈيلەپ،دىننى خۇراپاتلىقنى،
جاھالەتنى، قاشاقلىقنى،پارىخورلۇقنى، خىيانەتچىلىكنى،
ئاچكۆزلىكنى، ئىتتىپاقلىسىزلىقنى، ۋاپاسىزلىقنى،چې ـ
قىمچىلىقنى، خۇشامەتچىلىكنى، ئىككى يۈزلىمچىلىكنى،
ھىيلىگەرلىكنى، ئالدامچىلىقنى، ناھەقچىلىقنى، ھورۇن ـ
لىقنى، غەيۋەتخورلۇقنى، نادانلىقنى، ھاياسىزلىقنى، ئۇ ـ
ياتسىزلىقنى، ئىسراپچىلىقنى قاتتىق قامچىلىغان، يورۇق ـ
لۇق، ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن.

يۇقىرىقى دىۋانلارنىڭ تىلى جانلىق خەلق تىلى بولۇپ
قاپىيە، رادىفلىرىنىڭ تولىمۇ جايىدا يەنى مۇكەممەللىكى
بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ، قاپىيە ۋە رادىفلارنىڭ
مۇنداق جايىدا قوللىنىشىدىن شائىرنىڭ بەدىئىي تالانتىغا
قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن
دىۋاندىكى مىسرالارنىڭ كۈيدارلىقى، ئاھاڭدارلىقى، رى ـ
تىمدارلىقى ۋايىغا يېتىپ بىر خىل يېقىملىق ھاسىل قى ـ
لىپ ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ۋە
باشقا يەرلىك مۇقاملارنىڭ تېكىست مەنبەسى بولۇپ، مەز ـ
مۇنىنىڭ موللۇقى بىلەنمۇ كىشىنى سۆيۈندۈرىدۇ.

---

ئىزاھاتلار ۋە پايدىلانمىلار:

① بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىل ـ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتى پارس تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسى:
پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت، سودا نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى
بېيجىڭ، 1110 ـ بەت

② ۋاڭ پىيۈن: «يېڭى ئەرەبچە ـ خەنزۇچە چوڭ لۇ ـ
غەت»، سودا باسما نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاي بى ـ
رىنچى نەشرى، 660 ـ بەت

③ ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ: «دىۋان سۆزىنىڭ مەنە قات ـ
لىمى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانى 68 ـ بەت

④ ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ: «دىۋان سۆزىنىڭ مەنە قاتلىمى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانى 69 ـ بەت

⑤ شەرەفىددىن ئەلىيەزدى: «زەپەرنامە» (ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا)، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2007 ـ يىل 9 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 228 ـ بەت

⑥ رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىيات، 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي نەشرى، 335 ـ، 336 ـ بەتلەر

⑦ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى 1 ـ ئاي، 35 ـ بەت

⑧ مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن، غەنىزات غېيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ئابلىمىت ئەھەت: «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 287 ـ، 288 ـ بەت

⑨ غۇلام غوپۇر، مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىمى، خاجە ئەھمەد يۇنۇس: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 263 ـ بەت

⑩ ئاسىيە مۇھەممەد سالىھ: «دىۋان سۆزىنىڭ مەنە قاتلىمى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانى 71 ـ بەت

⑪ غۇلام غوپۇر، مۇھەممەت تۇرسۇن ئىبراھىمى، خوجا ئەھمەد يۇنۇس: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 263 ـ بەت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەت تىل ـ ئەدەبىيات كەسپىنىڭ 2008 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

---

(بېشى 112 ـ بەتتە)

تالايدىغان بوپتۇ. كۆرگەزمە يەتتە كۈن داۋاملىشىپتۇ، داۋۇس بۇ جەرياندا جەمئىي 108 فوندستېرلىڭ تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۇل تۆلەپ گۆرۈخانىدىن «يۈرىكى» نى قايتۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، تاپقان پۇللىرى بىلەن كېيىنكى قېتىملىق ئىشلىرىغا كىرىشىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىگىرمە يىل ئىچىدە داۋۇس شاگىرت، سىرچى، مال ساتقۇچى، ۋاكالەتچى... بولۇپ بېقىپتۇ. نېمە خىزمەت قىلىشىدىن، تۇرمۇشى ھەر قانچە نامراتلىقتا ئۆتۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ تىرىشچانلىق ۋە ئۈمىدتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەپتۇ. ئۇ 60 ياشقا كىرگەن چاغدا، شوتلاندىيەدىكى ئەڭ چوڭ يەر مۈلۈك شىركىتى كومۇش زىمىن گورۇھىنىڭ باش لىدىرى بوپتۇ. 65 ياشقا كىرگەندە، داۋۇس دەم ئېلىشقا چىقىش قارارىغا كېلىپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن تۇنجى قىلىدىغان ئىشى ـ بىر گۆرۈخانا، يەنى «يۈرەك» نى گۆرۈگە قويغىلى بولىدىغان بىر گۆرۈخانا ئېچىش ئىكەن. ئۇنىڭچە گۆرۈخانىغا «يۈرىكى» نى گۆرۈگە قويغىلى كەلگەن ھەر بىر خېرىدار ھېچقانداق بىر ماددىي بۇيۇمنى گۆرۈگە قويمىسىمۇ، 100 فوندستېرلىڭ ياردەمگە ئېرىشەلەيدىكەن. ئۇ گۆرۈخانىغا كەلگەن ھەربىر خېرىدارنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دەيدىكەن: «ئەگەر بىر ئادەمدە ئىشەنچلا بولىدىكەن، ھەممىنى يېڭىدىن باشلاشقا 100 فوندستېرلىڭ راۋۇرۇس يېتىدۇ.»

بەش يىلدىن بېرى، بىرەرمۇ خېرىدار ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ باقماپتۇ، ھەممىسى دەل ۋاقتىدا گۆرۈخانىغا كېلىپ پۇل تۆلەپ «يۈرىكى» نى قايتۇرۇپ كېتىپتۇ. گەرچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرىنىڭ كىشىگە كۆز ـ كۆز قىلغۇدەك بىرەر نەتىجىلىرى بولمىسىمۇ، ئەمما ئەھۋالى «يۈرىكى» نى گۆرۈگە قويغاندىكى چېغىدىن كۆپ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. ئەگەر ھەربىر كىشى تۇرمۇشتا بولغان قىزغىنلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئۈمىدتىن ۋاز كەچمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر «داۋۇس» چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

مۇۋەپپەقىيەت دېگەن دەل «مۇۋەپپەقىيەتكە بولغان ئۈمىد ۋە ئىشەنچ» تىن كېلىدۇ. 100 فوندستېرلىڭ بىر ئېگىلىك تىكلىگۈچىگە نىسبەتەن ئىنتايىن ئاز مەبلەغ، يېنىدا بىر سىنتىمۇ قالمىغان بىر كىشىگە نىسبەتەنمۇ بىر نەچچە ۋاخ قورساق تويغۇزۇشقا ئاران يېتىدۇ. ئەمما، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتكە ھەقىقەتەن ئىنتىزار بولغانلىقتىن، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشكە ئىشەنچىسى تولۇپ تاشقانلىقتىن، بۇ يەردىكى 100 فوندستېرلىڭ ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەقەت مۇنداقلا دەپ قويغان «تاماق بېلىتى» دەكلا ئاددىي مەنىدە ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ۋە كەلگۈسىگە بولغان تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچكە ئېرىشكەنلىكىدە. قىيىنچىلىقتا قالغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم نەرسە بارمۇ؟

---

«پەن ۋە مەدەنىيەت» ژۇرنىلىنىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن فەرىدە ئابلەت تەرجىمىسى

(تەرجىمان: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى 2009 ـ يىللىق جۇغراپىيە پەنلىرى ئاسپىرانتى)

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# قۇتبۇللا خوجام ۋە ئۇنىڭ مازىرى

مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

چاقماق دەريا ۋادىسىنىڭ غەربىدە، يەنى قىزىل دەرياسىدىن بۇ ۋادىغا سۇ كېلىدىغان قەدىمىي ھەم مەشھۇر ئۆستەڭ — ئاۋات ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى، قەشقەر - ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ غەرب تەرىپىدە «قۇتبۇللا خوجام» نامىدا ئاتىلىپ يىراق - يېقىنغا مەشھۇر بولغان بىر مازار بولۇپ، كىشىلەر بۇ مازارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، قۇپەللا خوجام دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە «قۇتبۇللا خوجام» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ «ئېتىبار ۋە ھۆرمەت مەركىزى بولغان ئالىم» ياكى «پېشۋا، يولباشچى» دېگەن مەنىدىكى «قۇتۇب» دېگەن سۆزگە [1] «ئاللاھ» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئەرەبچە بىرىكمىگە يەنە «بەگ، خوجا» مەنىسىدىكى «خۇاجە» دېگەن پارسچە سۆزنىڭ [2] قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇدۇر. بىراق، جانلىق تىلىمىزدا «قۇپەللا خوجام» دېيىلىۋاتقان بۇ ئاتالغۇ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تارىخىي ۋە غەيرىي تارىخىي ماتېرىياللاردا ئوخشىمىغان شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن: مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۆلىمالارغا مۇناسىۋەتلىك مازارلار قاتارىدا «قۇتبى ئالەم خوجا» دەپ تىلغا ئېلىنغان [3] بولسا، 18 - ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرى قاسىمنىڭ مىلادى 1798 - يىلى يازغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان» ناملىق تارىخىي داستانىدا قەشقەردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم - ئۆلىمالار ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىلگەندە

ھۇسەيىن فەيزۇللا خوجام، خۇاجە پىققە خوجام،
بىرسى ئالىم ئېردى، بىرسى ئىمام.

يەنە بىرلىرى قۇتبۇل ئەلا خوجام،
بولۇپ شەيخۇلئىسلام كاشغەرغە تامام.

.......................

بۇلار كاشغەرنىڭ ئۇلۇغ زىننەتى،
ئەزىزلەر بۇلاردىن تەپىپ ھۆرمەتى.

دەپ زىكرى قىلىنغان[4]. يەنى «قۇتبۇل ئەلا خوجام» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدەك، 19 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەر «نىزارى داستانلىرى» نىڭ «دىباچە» قىسمىدىمۇ قەشقەر تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىنغاندىن كېيىن

يەنە قۇتبى ئالىم ھەبىبى ئەھەد،
ھەمە ھاجەت ئەھلىگە قىلمىش مەدەد.

دەپ، «قۇتبى ئالىم» نامىدا زىكرى قىلىنغان [5] بولسا، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرلىرىدە يەنە ئوخشاشلا قەشقەر تارىخىدىكى ئۇلۇغ مازارلار قاتارىدا «قۇتبۇللا خوجام» نامىدا خاتىرىلەنگەن [6]. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەرقايسى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملار قاتارىدا تىلغا ئېلىنىشى ۋە مازىرىنىڭ كاتتا مازار - ماشايىخلار قاتارىدا يېزىلىشى ئۇنىڭ قەشقەر تارىخىدىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى ھەم تەسىر - دائىرىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

تەتقىقات ماتېرىياللىرىدىكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، بۇ مازارنىڭ خېلى مۇكەممەل بىر تەزكىرىسى بولۇپ، بۇ كونا تەزكىرە تۈرلۈك ھادىسە ۋە قولدىن - قولغا ئۆتۈش جەريانىدا يوقىلىپ كەتكەن. شۇڭا موللا نىياز شەيخنىڭ دەۋىتى بىلەن چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قوشكۆل كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، شائىر ھەم تەزكىرىچى داموللا ئابدۇلۋاھىت (ھىجرىيە 1258 — 1342 - يىللىرى، يەنى مىلادىيە 1842 — 1923 - يىللىرى ياشىغان) «تەزكىرەئى قۇتبۇل ئالەم خوجام ئەھۋال كەيپىيات ۋە كەشپىي كارامەتلىرىنىڭ بايانى» دېگەن بىر تەزكىرىنى يازغان ئىكەن [7]. بۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، قۇتبۇللا ئىراقلىق بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 1407 — 1408 - يىللىرى ئىچىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىك چېغىدىلا ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكتىن، ئانىسىنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولغان ھەم مەدرىستە ئوقۇغان. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن كىراكەشلىك قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. كېيىنچە ئانىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن جاھانكەشتىلىككە ئاتلىنىپ بۇخاراغا كېلىپ ھامماللىق قىلغان. بۇ جەرياندا كارۋانلاردىن قەشقەر ھەققىدىكى تەرىپلەرنى ئاڭلاپ، بەلگىلىك چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەن ھەم چاپان بازىرىدىكى مەسچىتكە چۈشكەن. تەزكىرىدە بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ 41 ياشتا ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مىلادىيە 1445 — 1451 - يىللار ئارىسىدا قەشقەرگە قەدەم باسقانلىقى مەلۇم. قۇتبۇللا دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسچىتتىن چىقماي تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ تەقۋادارلىق قىلغان. ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇپ، كۆڭلىنى ئۇتقاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا سوپىزمنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىغان. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇشقان. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇ 160 تىن ئارتۇق مۇخلىسنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشانلىق پائالىيىتى بىلەن شۇ-

## قامۇسچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇلىنىپ، قەشقەردىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ئالىملىرىدىن ھەم جامائەت ئەربابلىرىدىن نەجمىدىن قازى، ئوبۇل باقى مۇپتى قاتارلىقلار تۆرلۈك سورۇنلاردا نۇتۇق سۆزلەپ، ئۇ كۆچەپ كۆككە كۆتۈرگەن سوپىزىمغا قارشى تۇرغان. ھەتتا ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. قۇتبۇللا خوجام 130 دىن ئارتۇق مۇخلىسى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، بەشكېرەم بەگلىكىنىڭ ئاۋات ئۆستەڭى بويىغا قىرىق ئېغىزلىق خانىقا سېلىپ، 70 يىلدىن ئارتۇق ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىلادىيە 1527 ـ يىللىرى 120 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم ئۆزى سالدۇرغان خانىقا ئىچىگە دەپنە قىلىنغان[8]. دېمەك، قۇتبۇللا خوجام قەشقەردە مىلادىيە 1450 ـ يىللىرىدىن 1527 ـ يىللىرىغىچە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. «تارىخى رەشىدىي» دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا قۇتبۇللا خوجام قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىتتا ئەمىر سەييىد ئەلى مىرزا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 862 ـ يىلى (مىلادى 1457 — 1458 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان[9]. ئورنىغا چوڭ ئوغلى سانىز مىرزا ئولتۇرۇپ، يەتتە يىل قەشقەردە ھاكىمىيەت تۇتۇپ، ھىجرىيە 869 ـ يىلى (مىلادىيە 1464 — 1465 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان[10]. ئورنىغا ئىنىسى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئولتۇرۇپ، يىگىرمە تۆت يىل قەشقەردە ھاكىمىيەت تۇتقان. ھىجرىيە 885 ـ يىلى (مىلادىيە 1480 — 1481 ـ يىللىرى) مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيەتنى ئىگەللىۋالغان [11] ھەم ئۇنىڭ ھاكىمىيىتى قەشقەردە 35 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان. ھىجرىيە 920 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 1514 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرى) قەشقەردىكى مىرزا ئابابەكرى ھاكىمىيىتى ئاخىرلىشىپ، سۇلتان سەئىدخان قۇرغان سەئىدىيە خانىدانلىقى دەۋرى باشلانغان [12]. ئۇنداقتا، قۇتبۇللا خوجام راستىنلا تەزكىرىدە يېزىلغىنى بويىچە 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولسا، يۇقىرىدا قەيت قىلغىنىمىزدەك ئەمىر سەييىد ئەلى مىرزا، سانىز مىرزا، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا، مىرزا ئابابەكرى ۋە سۇلتان سەئىدخان قاتارلىق ھۆكۈمدارلار دەۋرىدە ياشىغان بولىدۇ. ئەمما قەشقەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەھەر ئىچىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان قۇتبۇللا خوجامنىڭ قانداق قىلىپ بۇ شەھەردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر مەھەللىدە، خۇددى تەزكىرىدە ئېيتىلغاندەك قىرىق ئېغىزلىق خانىقا سېلىپ ئۇزۇن مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارالىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىكتۇر. بەزىلەر ئەينى دەۋردىكى بىر قىسىم ھۆكۈمدارلارنىڭ قۇتبۇللا خوجامنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئاستىرىتتىن قوللىغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ چەكلەنگەن سوپىستىك پائالىيەتلىرىنى يوشۇرۇنچە داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇتبۇللا خوجام مازىرىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئانچە ئۇزاق بولمىغان يەردە، يەنى تەخمىنەن 4000 مېتىر كېلىدىغان جايدا «قۇتبىدىن مازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر قەدىمىي مازار بولۇپ، ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر بۇ مازارنىڭ نامى بىلەن باغلىنىپ «قۇتبىدىن مازار» دەپ ئاتالغان ھەم جانلىق تىلدا «قۇپپىدىن مازار» دېگەن شەكىلدە ئومۇملىشىپ كەتكەن[13]. قەدىمىدىن بېرى بۇ كەنتتىكىلەر قۇتبىدىن مازىرىدا ياتقان كىشىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قۇتبۇللا خوجامنىڭ ئىنىسى دەپ قاراپ ئوخشاشلا ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ كەلگەن. شۇڭا پائول پىللىئوت ئۆزىنىڭ 1906 ـ يىلى يازغان قەشقەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيە خاتىرىلىرىدە قۇتبۇللا خوجام ھەققىدە توختىلىپ «بۇ قەشقەر رىۋايەتلىرىدىكى مۇھىم شەخس بولۇپ، ئىنىسى قۇپپىدىن خوجام بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ[14]. دەپ ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بۇنىڭدىن پائول پىللىئوتنىڭ يەرلىك كىشىلەرنىڭ مەلۇماتىنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بىراق، بۇ تەزكىرىچى داموللا ئابدۇلۋاھىت يازغان تەزكىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا قۇتبۇللانىڭ ئىنىسى بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇر يوق. تېخىمۇ تولۇق ھەم ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بولمىغان ھازىرقىدەك ئەھۋالدا قۇتبۇللا خوجام بىلەن قۇتبىدىن خوجامنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق كېسىپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ كېسىپ ئېيتقىلى بولىدۇكى، چاقماق دەريا ۋادىسىدىكى قۇتبۇللا خوجام مازىرى سوپىزىمنىڭ يۇرتىمىزغا تارقىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

## ئىزاھاتلار:

[1] «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 505 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى.
[2] يۇقىرىقى كىتاب 215 ـ بەت.
[3] مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» 642 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.
[4] ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئەللامە ھۈسەيىن فەيزۇللا كاشغەرى»ناملىق ماقالىسىدا كەلتۈرۈلگەن شېئىرىي پارچە. «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1990 ـ يىل 1 ـ سان.
[5] «نىزارى داستانلىرى» 75 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى.
[6] موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە» 411 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل نەشرى. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» 640 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى.
[7] ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى: «ئانۇش» 156 ـ بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2005 ـ يىل نەشرى.
[8]ئابدۇرېھىم ھاشىم: «قۇتبىدىن ئەلا غوجام ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەزكىرىسى توغرىسىدا»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1988 ـ يىل 4 ـ سان.
[9] مىرزا ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» 198 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2007 ـ يىل نەشرى.
[10] يۇقىرىقى ئەسەر، 200 ـ بەت.
[11] يۇقىرىقى ئەسەر، 218 ـ، 219 ـ بەت.
[12] يۇقىرىقى ئەسەر، 694 ـ بەت.
[13] «قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى» 216 ـ بەت، 1986 ـ يىل 10 ـ ئاي باسمىسى.
[14] «پائول پىللىئوت ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى» يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 26 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت

# ئوخشىتىش سەنئىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىك

پاتىگۈل نىزاق

ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ــ ئۆزاق مۇددەتلىك
تىل سەنئىتى ئەمەلىيىتىدىن يەكۈنلەنگەن، مۇئەييەن قۇ-
رۇلما قېلىپىغا ۋە ئېستېتىك ئاساسقا ئىگە بەدىئىي ئىپا-
دىلەش ۋاسىتىسى بولۇپ، مەيلى ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتى ياكى
يازما ئەدەبىياتتا بولسۇن، ئېستېتىك ئۈنۈم ۋە ئىستېتىك
قىممەتنى ئاشۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ
ئوخشىتىش ۋاسىتىسى ئارقىلىق كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا
ئۆز نۇتقىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق، چۈشىنىشلىك، قىزىقار-
لىق قىلىپ ئىپادىلەش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ئۆزى روياپقا
چىقارغان ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ئوبرازىنى تېخىمۇ
جانلىق، ئوبرازلىق، جۇملىدىن قان بىلەن گۆشلۈك قىلىپ
تەسۋىرلەپ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تە-
سىراتلارنى قالدۇرالايدۇ. ئوخشىتىشلاردا ئىپادىلەنگەن
مىللىيلىك مەسىلىسى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم
مەسىلە. ئالاھىدىلىكى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر ياشىغان
تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت شۇنداقلا شۇ خىل مۇھىت
يېتىشتۈرگەن ئېستېتىك ئاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بول-
غاچقا، بۇ نۇقتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا يورۇتۇپ بېرىش ـ مە-
دەنىيەت تىپى، مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىمىزنى، بەدىئىي تەپەككۇر
شەكىللىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇللىرىنى
ئېستېتىكا ئەمەلىيىتىدە تەدبىقلىشىمىز، چۈشىنىشىمىز
ئىپادىلىشىمىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوخشىتىشلاردىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن
ئوخشالغۇچى شەيئىلەرنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئىچكى ماھى-
يىتى ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك بەلگە خۇسۇسىيەتلىرىنى
ئەتراپلىق كۆزىتىپ، دادىللىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش
ئارقىلىق بەدىئىي تەسىرچانلىقى يۇقىرى بولغان ئوخشى-
غۇچى شەيئىلەرنى تاللاپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بې-
رىش كېرەك. ئوخشىغۇچىنىڭ مۇۋاپىق تاللانغان ـ تاللان-
مىغانلىقى ئوخشىتىشنىڭ ئېستېتىك ئۈنۈمىنى ۋە قىم-
مىتىنى بەلگىلەيدۇ، ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ تاللىنىشى
ئۆز نۆۋىتىدە مىللىيلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم ئا-
مىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، مۇكەممەل بولغان ھەرقانداق بىر ئوخشى-
تىش ــ ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشاشلىق نۇقتى-
سى ۋە ئوخشىتىش قوشۇمچىسىدىن ئىبارەت تۆت تەركى-
بىي قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، بۇلاردىن ئوخشال-
غۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوخشىتىشنىڭ توپ ئامىلى بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بەزى چاغلاردا تۈرلۈك ئېھتىياج
تۈپەيلىدىن ئوخشالغۇچى شەيئى قىسقارتىلىدىغان
ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن ئوخشىغۇچى شەيئى
ئوخشىتىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم تەركىب بولغاچقا چوقۇم
كۆرۈلۈشى شەرت قىلىنىدۇ.

ئوخشىتىش ئۇقۇمى مەسىلىسىنى ئىستىلىستىكىدا تار
ۋە كەڭ مەنىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئوخ-
شىتىشلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ،
ئۇ ئوخشالغۇچى، ئوخشىغۇچى، ئوخشىتىش قوشۇمچىسى،
ئوخشاشلىق نۇقتىسى قاتارلىق ئوخشىتىش ئامىللىرىنىڭ
تاشقى قۇرۇلمىسىدا ئاشكارا كۆرۈنۈش ـ كۆرۈنمەسلىكى-
گە، شۇنداقلا ئوخشالغۇچى ـ ئوخشىغۇچىسى ئوتتۇرىسى-
دىكى ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئېنىق ياكى يوشۇرۇن
بولۇش قاتارلىق ئۆلچەملەر ئاساسىدا چوڭ جەھەتتىن ئې-
نىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك
ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. تار مەنى-
دىكى ئوخشىتىش يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت ئېنىق
ئوخشىتىشنىلا كۆرسىتىدۇ.

ئېنىق ئوخشىتىش دېگىنىمىز: ئوخشالغۇچى شەيئى
بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كۆرۈلۈپ،
بىرىنىڭ يەنە بىرىگە مەلۇم جەھەتتىن ئوخشايدىغانلىقىنى
ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ئوخشالغۇچىسى، ئوخشىغۇ-
چىسى، ئوخشىتىش قوشۇمچىسى قاتارلىق ئامىللار ئېنىق
كۆرۈنىدىغان، ئوخشاشلىق نۇقتىسى بەزىدە كۆرۈلۈپ بەزى-
دە قىسقىرايدىغان، نىسبەتەن كەڭ ئۇچرايدىغان ئوخشى-
تىش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«سەنسىز» رومانى 2009 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قەشقەر
ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى، بۇ يېتى-
شىۋاتقان، ياش يازغۇچى پاتىگۈل ئىمىنىنىڭ بىر قانچە يىل
جاپالىق ئەجىر قىلىپ، تۇرمۇشنى قېزىشى ئارقىلىق رو-
ياپقا چىقارغان ئىجادىيەت مېۋىسى بولۇپ، روماندا مۇھەب-
بەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تېما چىقىش نۇقتىسى قىلىن-
غان، تۇرمۇش دېتاللىرىنى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك، بە-
دىئىي ئىستېمالنى ھەزىم قىلالىغىدەك دەرىجىدە تاۋلاپ،
رېئاللىقنى گۈزەللىك نۇقتىسىدىن ئەينەن يورۇتۇپ بەرگەن
نادىر ئەسەر. ئېنىقكى، ھەرقانداق بىر ئاپتور ئۆز ئەسىرى-
نى ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلغۇدەك دەرىجىدە يورۇقلۇققا
چىقىرىشنى ئويلايدىكەن، بۇگۈنكىدەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ مە-
نىۋى ئىشتىھاسى، ئېستېتىك ئېڭى كۈچىيىۋاتقان، ئەدە-
بىيات چۈشەنچىلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىۋاتقان دەۋر رې-
ئاللىقىدا ئۈزلۈكسىز ئۆزىنى يېڭىلاپ ۋە كۈچەيتىپ، ئە-
سەرلىرىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىگە مايىللاشتۇرۇشى كې-

قاموسچاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتور ھەر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگىمۇ مۇراجىئەت قىلماي تۇرالمايدۇ ــ ئەلۋەتتە. پاتىگۇل ئىممىنمۇ مانا مۇشۇنداق مۇقەررەرلىكتىن مۇستەسنا بولالمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە قوللىنىلغان بىر قىسىم ئېنىق ئوخشىتىشلار بىلەن ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مىللىيلىكلەر ئەسەرنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

## بىرىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى ماھىيىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن شەكىللەنگەن ئوخشىتىشلار

ماھىيەت ــ ھەر قانداق بىر شەيئىدە ئەسلىدىنلا بار بولىدىغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، توپ ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم تەركىب بولۇپ، ئۇ بىر شەيئىنى يەنە بىر شەيئىدىن پەرقلەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدۇ. ئەدەبىياتتا تىلنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەدىبلەر كىشىنى قايىل قىلغۇدەك ئوبرازلىق تىل ۋە مول تەسەۋۋۇرنى ئىشقا سېلىپ، ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشىمايدىغان شەيئىلەرنىڭ مەلۇم سۈپەتنى ياكى ھالىتىدىكى ئوخشاشلىق ئاساسىدا مول تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن ئۇلارنى مەلۇم ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا ئىگە قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەسىلەن:

1. ئاۋۇ بۇلۇت ئادەم زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ تۇرىدىغۇ، ماياكوۋسكىچۇ تېخى، بەئەينى بۇرنى يوق پىلغا ئوخشايدىكەنغۇ؟ (كىتاب 273 ــ بەت)

2. ئۇ ئىپادىسىز قاراپ تۇرغان ئادىلغا سوئال دېگەننى تۆۋى چۈشۈپ كەتكەن چۆگۈندىن سۇ تۆكۈلگىنىگە ئوخشاش ياغدۇرۇۋەتتى. (كىتاب 14 ــ بەت)

3. پويىزدىن چۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكى تاغاردىن قاق تۆكۈلۈۋاتقان كۆرۈنۈشنى ئەسلىتەتتى. (كىتاب 210 ــ بەت)

4. گەرچە ئادىل تاڭ شەپقىدەك ئۆزىنىڭ گۈزەل رەڭگىنى كۆز ــ كۆز قىلىپ قويۇپلا، ھەش ــ پەش دېگۈچە يوقاپ كەتكىنىگە ئوخشاش مېنى ساقلىتىپ تۇرسىمۇ، مەن يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ باقاي. (كىتاب397 ــ بەت)

ئوخشىتىشتا ــ ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىنىڭ ماھىيىتى ئوخشىماسلىقى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئۆزئارا ئوخشىتىلغان ئوبيېكتلارنىڭ ماھىيىتى قانچىكى ئوخشىمىسا ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچىكى يىراق بولسا، شۇ يىراقلىق ئىچىدىن ئوخشاشلىقنى بايقاش ئارقىلىق ئوخشىتىش ھاسىل قىلغاندا، ئوي ــ پىكىرنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. 1 ــ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «بۇلۇت» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «پىل» ماھىيىتى بىر ــ بىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدىغان ئىككى خىل ئوبيېكت بولۇپ، بىز پەقەت ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپلا ئۇلارنى قىياپەت جەھەتتىن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە دەپ قىياس قىلالايمىز؛ 2 ــ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «سوئال» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تۆكۈلۈۋاتقان سۇ» ماھىيەت جەھەتتىن ھېچقانداق مۇناسىۋەتلەشمەيدىغان ئىككى خىل ئوبيېكت. ئاپتور پەقەت ئۆزىنىڭ تىل ماھارىتىگە، باغلانما تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ، تىلنىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە قىياپەت جەھەتتىكى ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشاشلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئوخشاشلىققا ئىگە دەپ قارىغان؛ 3 ــ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادەم» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «قاق» مۇ ئوخشاشلا ماھىيەت جەھەتتىن ھېچقانداق مۇناسىۋەتلەشمەيدىغان ئىككى شەيئى. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا ئاپتور ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانغان؛ 4 ــ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادىلنىڭ رۇخسارى» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تاڭ شەپىقى» ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىگە تولىمۇ يىراق بولغان ئۇقۇملاردىن ئىبارەت. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئوخشىتىشلارنىڭ بىر قىسمى ئاللىقاچان بىزنىڭ جانلىق ئىستېمالىمىزغا ئايلىنىپ كەتكەن ئادەت ئاتالغۇلىرىدىن ئىبارەت.

## ئىككىنچى، شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت ــ ھالىتىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئوخشىتىشلار

تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ھەرىكەت ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئوخشىمىغان ھەرىكەتلەر ئوخشىمىغان شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم تەركىب ھېسابلانسىمۇ ، مۇشۇنداق شەيئىلەرنى جانلىق تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا ئىگە دەپ قاراش تىلنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

1. گۆھەردىن باشقا قىزلار تەييار چۆپنى ئۇپا ــ ئەڭلىكنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتى، خۇددى سېزىكى تۇتۇپ كەتكەن ئاياللاردەك شالاپشىتىپ ئىچىپ كېتىشىگە گۆھەر ھەيران قالاتتى. (كىتاب 156 ــ بەت)

2. گۆھەر رابىگۈلنىمۇ زورلىمىدى، ئۇ قىزمۇ تاماق يەپ ماڭ دېگىنىگە ئۇنىماي تورسۇنجان بىلەن كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ، ياۋا ئاتتەك يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. (كىتاب 229 ــ بەت)

3. ماشىنا چوڭ يولغا چىقىپلا بىر كىشىنەپ قويۇپ چاپقان تۇلپارغا ئوخشاش تېز سۈرئەتتە مېڭىپ كەتتى.

(كىتاب 235 ـ بەت)

4. ئادىلمۇ بىر لوقما گۆشنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، كوچىدىكى قىزلار سېغىز چاينىغاندەك چايناپ كۆكشەۋەردى. (كىتاب317 ـ بەت)

5. ئۇلار قاياقتىندۇر قويۇنىدەك كېلىۋاتقان موتوسىكلىتنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ، ئۆزلىرىنىڭ چوڭ يول بويىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىشتى. (كىتاب 17 ـبەت)

6. گۆھەر خەتنى ئوقۇۋېتىپ، بىر جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى، پۈتۈن جاھان كۈن تۇتۇلغاندەكلا قاراڭغۇلىشىپ، ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىۋالدى، خۇددى بەزگەكتەك چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. (كىتاب 59 ـ بەت)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىساللارغا قارايدىغان بولساق، ئوخشىتىش ـ ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچىنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت ـ ھالىتىدىكى مەلۇم خىل ئوخشاشلىقنى كۆرسەتكەن. يەنى 1 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «تەييار چۆپنى ئىچىش» ھەرىكىتى ئوخشىغۇچى شەيئى «سېزىكى تۇتقان ئاياللارنىڭ ئىچىش ھەرىكىتى» گە؛ 2 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «رابىگۇلنىڭ تېز سۈرئەتتە مېڭىشى» ئوخشىغۇچى شەيئى «ياۋا ئاتنىڭ يۈگۈرۈشى» گە؛ 3 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ماشىنىنىڭ ھەرىكىتى» ئوخشىغۇچى شەيئى «تۇلپارنىڭ چېپىشى» غا؛ 4 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادىلنىڭ گۆش چاينىشى» ئوخشىغۇچى شەيئى «قىزلارنىڭ سېغىز چاينىشى» غا؛ 5 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «موتوسىكلىت ئاۋازى» ـ ئوخشىغۇچى شەيئى «قويۇن» غا؛ 6 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى گۆھەرنىڭ «جىمجىت تۇرغان ھالىتى» ـ ئوخشىغۇچى شەيئى «قاققان قوزۇق» قا ئوخشىتىلغان. يەنى ئاپتورنىڭ نەزىرىدە ھەرىكەت نۇقتىسىدىن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە دەپ قارالغان يۇقىرىقى ئوخشىتىشلارنى مىللىيلىك دەپ قارىغىنىمىزدا، بۇلاردا ئۇدۇمغا ۋە ئادەت ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ كەتكەن سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ يارقىن نامايان قىلىنغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. يەنى ئۇيغۇرلاردا سېزىك بولغان ئاياللار ئۆزى ياقتۇرۇپ قالغان نەرسىلەرنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا جان پىدالىق بىلەن ئىنتىلىدىغان، شۇ خىل ئېھتىياجى قاندۇرۇلمىسا بالىسى كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالىدۇ دەيدىغان قاراش بار، 1 ـ مىسالدا دەل مۇشۇ خىل ئادەت قارىشى ئىپادىلەنگەن. يەنە قارايدىغان بولساق 4 ـ مىسالدىكى ئوخشىتىش دېتالى دەل شەھەر تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ شەھەرلەردە ياشاۋاتقان قىز ـ ئاياللىرىمىز، بىر قىسىم يىگىتلىرىمىزدە سېغىزنى بەئەينى ھايۋانلارنىڭ كۆكشىگىنىدەك چايناydıغان ئادەت بار، تىلغا ئېلىنغان ئوخشىتىشمۇ دەل مۇشۇ خىل رېئاللىقتىن كەلگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە قاققان قوزۇقتەك جىملا تۇرۇش، تۇلپاردەك چېپىش دېگەنلەر ئاللىقاچان تىل ئىستېمالىمىزدا قېلىپلىشىپ قالغان، ئادەتتە ئايلانغان ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت.

## ئۈچىنچى، شەيئىلەرنىڭ رەڭگى، تۈرلۈك بەلگە ـ خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان ئوخشىتىشلار

شەيئىلەرنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بولمىغان رەڭ، بەلگە ـ ھالەتلەر شۇ شەيئىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان تەركىبلەر بولۇپ، ئۇنىڭ شەيئىنىڭ شەيئى بولۇپ تۇرۇشتىكى رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئوخشاش بولمىغان رەڭلەر ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مەنالىرىنى ئۆزىگە يۈكلىگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

1. ئۇ ئۇچىسىغا توي كۆينىكىدەك ئاپئاق كۆينەك كىيىۋالغان بولۇپ، ئوماق چىرايىغا تولىمۇ ماسلاشقانىدى. (كىتاب 6 ـ بەت)

2. سىنىپتىكى بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تاتقان ئوغۇللارمۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك تارتىنچاق بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىشاتتى. (كىتاب 148 ـ بەت)

3. ئادالەتخان بۇ گەپنى چىقىرىپ بولۇپ، ئۆزىمۇ خۇددى يېڭى توي قىلغان چوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. (كىتاب 356 ـ بەت)

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، 1 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «كىيىۋالغان كۆينىكىنىڭ رەڭگى» ئوخشىغۇچى شەيئى «توي كۆينىكىنىڭ رەڭگى» گە؛ 2 ـ مىسالدا ئوخشالغۇچى شەيئى «ئوغۇللارنىڭ تارتىنچاقلىقى» ـ ئوخشىغۇچى شەيئى «قىزلارنىڭ تارتىنچاقلىق» خۇسۇسىيىتىگە؛ 3 ـ مىسالدا ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادالەتخاننىڭ قىزىرىپ ـ تاتىرىشى» ـ ئوخشىغۇچى شەيئى «يېڭى توي قىلغان چوكان» غا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا «ئاق رەڭ» ـ پاكلىقنىڭ، تازىلىقنىڭ، قۇتنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغاچقا، توي كۈنى ئاق كۆينەك كىيىدىغان ئادەت ساقلىنىپ كەلگەن، يەنە قارايدىغان بولساق تېخى ياتلىق قىلىنمىغان ئۇيغۇر قىزلىرى باشقا قىز ـ ئاياللارغا قارىغاندا تېخىمۇ تارتىنچاق ، شەرمى ـ ھايالىق كېلىدۇ. يېڭىدىن توي قىلغان چوكانلار بولسا يېڭى مۇھىتقا نىسبەتەن كۆنۈك بولمىغاچقا ئاسانلا قىزىرىدۇ. بۇ خىل ئوخشىتىشلار دەل ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ خىلدىكى نازۇك مىللىيلىكىنى يارقىن نامايان قىلىپ، ئەسەرگە مىللىي تۈس ئاتا قىلغان.

## تۆتىنچى، كىشىلەرنىڭ مەلۇم خىل روھىي ھالىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەلۇم ئالاھىدىلىككە ۋاقىتلىق ئىگە بولغانلىقتىن بارلىققا كەلگەن ئوخشىتىشلار

ئالاھىدىلىك ـــ مەلۇم بىر شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئى

www.uyghurkitap.com

بىلەن پەرقلىنىپ تۇرۇشىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەركىب بولۇپ، ھەر قانداق بىر شەيئى ھامان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. بەزى ئالاھىدىلىك شۇ شەيئىنىڭ تەبىيئىتىدىنلا ئىپادىلىنىدىغان بولسا يەنە بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر مەلۇم ئېھتىياجنىڭ زۆرۈرىيتى بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1. يۈرىكىڭ كىچىكلەپ قاپتا، بىر چاغلاردا قاپلان يۈرىكىنى يەۋالغاندەك، مەكتەپتە سەن قىلمىغان ئىشمۇ قالمىغان. (كىتاب 222 ـ بەت)

2. ئادىلىنىڭ ئۇ دوستى ھازىر نەدە، ھاۋادەك ئاسمانغا چىقىپ كەتتىمۇ ياكى سۇدەك زېمىنغا سىڭىپ كەتتىمۇ بۇنىسى ئۇنىڭغا گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. (كىتاب 328 ـ بەت)

3. نېمە بولدۇڭ ؟ چەتكە ماڭىدىغان كىشىمۇ ، تۇزسىز خېمىردەك بولۇپ قالامدۇ، مەن بولسام ھاياجاندىن ئېغىزىم قۇلىقىمغا يەتكەن بولاتتى،دەپ كۈلدى دانىيال باي. (كىتاب 373 ـ بەت)

بەزى ئەھۋاللاردا مەلۇم كونتېكىستىنىڭ ئېھتىياجى تۇپەيلى، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسى ۋە روھىي ھالىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوخشالغۇچى شەيئى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ۋاقىتلىق ئىگە قىلىنىدۇ ۋە ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئوخشىغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىتىلىش مۇناسىۋىتىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇنداق ئوخشىتىشلار كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ، 1 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادەمنىڭ يۈرىكى» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «قاپلاننىڭ يۈرىكى» شۇ خىل كونتېكىستتا مەلۇم ئوخشاشلىقتا ئىگە قىلىنغان بولۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈرەكلىك، جەسۇرلۇقتا ئىگە بولغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئىبارىمۇ بىزنىڭ جانلىق تىلىمىزدا ئاللىقاچان ئومۇملىشىپ كەتكەن؛ 2 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىش» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «ھاۋا، سۇ» نىڭ ھېچقانداق ئوخشاشلىق نۇقتىسى يوق، ئاپتور ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە تىل بايلىقىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇنى ئوخشاشلىق كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزگەن؛ 3 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادەمنىڭ كەيپىياتى» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تۇزسىز خېمىر» مۇ ماھىيەتتە ھېچقانداق ئوخشاشلىقتا ئىگە ئەمەس، ئەمما ئاپتور ئوخشىغۇچى شەيئى «تۇزسىز خېمىر» ئارقىلىق ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادەمنىڭ كەيپىياتى» نى تەسۋىرلەپ، شۇ خىل كەيپىياتتا بولغان ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن.

## بەشىنچى، تۈرلۈك تۇيغۇ ۋە تاسادىپىيلىقلارنى ئىپادىلەشنى مەخسەت قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئوخشىتىشلار

تۇرمۇش ـ تولىمۇ رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچان بولىدۇ. ئىنسانلار ياشاش داۋامىدا تۈرلۈك كۆتۈلمىگەن ئىش ـ ۋەقەلەر ۋە تاسادىپىيلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ھەرخىل يوللار بىلەن ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە ئىنتىلىدۇ. تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، ئۇ ئاشكارىلىنىشتىن بۇرۇن پەقەت شۇ شەخسنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولىدۇ. ئەسەرلەردە مۇرەككەپ بولغان مەنىۋى دۇنيانى ئىپادە قىلىش ئاپتوردىن يۈكسەك ماھارەتنى تەلەپ قىلىدىغان نازۇك مەسىلە بولۇپ، تىلىنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

1. ئۇ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ،ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى ـ دە، سافاغا كېلىپ ئاران ئولتۇرىۋالدى. (كىتاب 485 ـ بەت)

2. گۆھەرگە تولۇمدىن توقماق چىققاندەك قىلىنغان بۇ سېپايى گەپلەر باشقىچىلا بىلىنىپ كەتتى. (كىتاب 382 ـ بەت)

3. بۇ ئىشنى كۆرۈپ مەردان چوغ چاچراپ كەتكەندەك تۈرۈپلا كەتتى. (كىتاب 440 ـ بەت)

4. كىشى قەلبىنى لەرزىگە، ھاياجانغا سالىدىغان سۆيگۈ، ئىشق ـ مۇھەببەت، سېغىنىش ئۇنى پۇچىلاندۇرۇپ ، كېچىلىرى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇراتتى. (كىتاب 183 ـ بەت)

5. مۇشۇ كۈنلەردە ھاۋا نازىنىن چوكاننىڭ جىلۋىسىدەك بىردە ئىسسىپ، بىردە سوۋۇپ، ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغىلى تۇردى. (كىتاب 195 ـ بەت)

6. پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقى يېگەندەك، يۈرەكلىرىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ دەككە ـ دۈككە بولاتتى. (كىتاب 94 ـ بەت)

ئوخشاش بولمىغان روھىي ھالەت ـ كەيپىياتلارنى جۈملىدىن ھېسسىي سېزىمنى مۇۋاپىق يوسۇندا ئىپادىلەش ئەسەرگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى مىساللارغا قارايدىغان بولساق : 1 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «يۈرەكنىڭ ئاغرىشى» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «يىڭنە سانجىقى» نىڭ؛ 2 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «تۇيۇقسىز ئېيتىلغان گەپ» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تولۇمدىن چىققان توقماق» نىڭ؛ 3 ـ مىسالدىكى مەلۇم بىر تاسادىپىي ئەھۋالغا ئۇچراشنى «چوغ چاچراپ كەتكەندەك» دەپ ئېلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ماددىي نۇقتىدىن بىر ـ بىرى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق، پەقەت ھېسسىي جەھەتتىن ئوخشاش دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. ئوخشاشلا 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ مىساللاردىمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئىشق دەردە ئازابلىنىش» بىلەن «ئوتتا كۆيگەن قىل»، «ئۆزگىرىشچان ھاۋا» بىلەن «نازىنىن چوكاننىڭ جىلۋىسى»، «ئېچىشقان يۈرەك» بىلەن «ئۈجمە يوپۇرمىقى يېگەن پىلە قۇرتى» قاتارلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ماھىيەت ياكى ھەرىكەت ھالەت نۇقتىسىدىن ھېچقانداق ئوخشاشلىق نۇقتىسى يوق. بۇلار پەقەت ھېسسىي سېزىم ئارقىلىقلا ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا ئىگە دەپ قارىلىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك

ئۆزئارا ئوخشىتىشقا بولىدۇ دەپ قارالغان ھېسسىي تەركىبلەر تىل ئىستىمالىمىزدا خېلىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان تىل بايلىقىمىزنى روشەن نامايان قىلىپ بەرگەن.

## ئالتىنچى، ئوخشالغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم ئوخشاشلىقتىن شەكىللەنگەن ئوخشىتىشلار

شەيئىلەردە بولىدىغان ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ئۇلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم تەركىب ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ تۇرمۇشنى ئۆزگە مەنبە قىلغاچقا ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سېلىپ، تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش شەيئىلەرنى مەلۇم ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا ئىگە قىلىپ، ئۆز ئەسىرىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە كۆزدە تۇتىۋاتقان ئوخشاشلىق دەل مەزمۇن جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

1. گۆھەر بىر خىل قىزىلىق نازاكىتى بىلەن تەختىسىدىكى تەمبۇرنىڭ تارىسىدەك تارتىلغان چۆپنى بىر ـ ئىككى تالدىن يەپ، چوكا چايناپ ئولتۇردى. (كىتاب 388 ـ بەت)

2. مەردانىنىڭ كاللىسى خام قاپاقتەك ھېچنېمىنى ئەسلىيەلمىدى. (كىتاب 490 ـ بەت)

3. ئۇ ئۆزىنى تۈگمەن تېشىنىڭ تىگىدە قالغان قوناقتەك ھېس قىلىپ، ۋۇجۇدىدىكى ئوي ـ خىيالى شامال بىلەن بۇلۇتتەك ئۇرۇشۇپ كېتىۋاتاتتى. (كىتاب 359 ـ بەت)

4. قىز جاۋابەن بۇلاقتەك كۆزلىرىنى بىر يۇمۇپ، بېشىنى يېنىك چايقاپ قويدى. (كىتاب 335 ـ بەت)

5. قارىمامسىز، چاچلىرىڭىزنىڭ توبادەك بولۇپ كەتكىنىنى. (كىتاب 335 ـ بەت)

ئوخشىتىش دېيىلگەن ئىكەن چوقۇمكى ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىقنىڭ بولۇشى تەكىتلىنىدۇ، چۈنكى ئوخشاشلىق ــ ئوخشىتىشنىڭ تۈپ ئامىلى بولۇپ، ئۇ بولمىسا ئوخشىتىش شەكىللەنمەيدۇ، بۇ نۇقتىدا ئوخشالغۇچى شەيئى بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى شەكىل جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ ، مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ بولىدۇ. كونكرېت مىساللارغا قارايدىغان بولساق: 1 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «چۆپ» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تەمبۇرنىڭ تارىسى»؛ 4 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «كۆز» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «بۇلاق»؛ 5 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «چاچ» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «توبا» دېگەن ئوخشىتىشلار شەكلەن ئوخشىتىلغان؛ 2 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئادەمنىڭ قۇپقۇرۇق كاللىسى » بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئىي «خام قاپاق»؛ 3 ـ مىسالدىكى ئوخشالغۇچى شەيئى «ئېغىر، پەرىشان كەيپىيات» بىلەن ئوخشىغۇچى شەيئى «تۈگمەن تېشىنىڭ تىگىدە قالغان قوناق» مەزمۇنەن ئوخشىتىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا قەلبى ئىجادىيەت ئىشقى بىلەن ياندىشقان ھەر قانداق ئەدىبنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى داۋامىدا تاللىۋالغان ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى كۆزىتىشى ۋە تونۇشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا شۇنداقلا تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئوي ـ پىكىرىنى ئىپادىلىشىدە ئۆزلىرىگە خاس ئىپادىلەش شەكلى بولىدۇ. ئەدىبلەر مانا مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە باشقىچە ھەل بېرىپ، ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشىغا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا كۆچەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش لايىقىدا قوللىنىلغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ جەزىبىدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئەسەرگە يېڭىچە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

---

### پايدىلانمىلار:

1. پاتىگۈل ئىمىن: «سەنسىز» (ئىككى قىسىملىق رومان) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي

2. نىجات سوپى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوخشىتىشلار ھەققىدە تەتقىقات» مىللەتلەر نەشرىياتى 2008 ـ يىل 12 ـ ئاي

3. ئارىسلان ئابدۇللا: «قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىكى بەدىئىي ۋاستە ـ ئوخشىتىش سەنئىتى توغرىسىدا» «مىراس» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 4 ـ سان

4. ئابلىز ھەمدۇللا: «كىلاسسىك شېئىرىيەتتە ئوخشىتىش سەنئىتى» «تارىم» ژۇرنىلى 2009 ـ يىل 8 ـ سان

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2009 ـ يىللىق ئەدەبىيات پەنلىرى ئاسپىرانتى

تەھرىرلىگۈچى: ئوسمانجان مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com

# يۈرەكنى گۆرۈگە قويۇش

شاڭشىن روشۇي

شوتلاندىيەنىڭ ئېدىنبورگ دېگەن يېرىدە ئۆزگىچە بىر گۆرۈخانا بولۇپ، ئۇ «يۈرەك گۆرۈخانىسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. گۆرۈخانىنىڭ خېرىدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىپ، «يۈرەك» نىڭ رەسمىي بار توختامنامىگە ئىمزاسىنى قويسىلا، گۆرۈخانىدىن 100 فوندستېرلىڭ ئالالايدىكەن.

گۆرۈخانا ئېچىلغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بەش يىل بوپتۇ، بەش يىل ئىچىدە «يۈرىكى» نى گۆرۈگە قويغان خېرىدارلار 500 گە يېتىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىقتا قالغان، نامراتلىقتىن چۈشكۈنلىشىپ كېتەي دېگەن چاغلىرىدا «يۈرەك گۆرۈخانىسى» غا كېلىپ، 100 فوندستېرلىڭ ياردەمگە ئېرىشىپ تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلغانلار ئىكەن. گۆرۈخانىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىسمى داۋىس، ئۇ شوتلاندىيەدىكى داڭلىق سودىگەر ۋە ساخاۋەتچى بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ئۈچۈن 100 مىليون فوندستېرلىڭ ئىئانە قىلغان.

يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، داۋىس يالتىراقتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنى ياسايدىغان كىچىككىنە بىر زاۋۇتنىڭ خوجايىنى ئىدى. باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولمىغانلىقتىن، زاۋۇتنىڭ مەبلىغى قەرزگە بويلاشماي، ئاخىرىغا كەلگەندە ۋەيران بولۇپ كېتىپ، ئۆزى يېنىدا بىر سىنتىمۇ يوق بىر كۆك نامراتقا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئايالى ئۇنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيىنى سېتىپ قەرز قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئۆزى بولسا ھۆكۈمەت تەمىنلىگەن ۋاقىتلىق تۇرالغۇدا تۇرىدۇ.

ئەمما، داۋىس بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئېدىنبورگ شەھىرىدە ئافرىقا مەدەنىيەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولۇپ، كۆرگەزمە مەركىزىگە كۈندە نۇرغۇن ئادەم كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلاتتى. شۇ كۈنلەردە ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، داۋىس كۆرگەزمە مەركىزىدە سوغۇق ئىچىملىك سېتىشنى ئۆزى ئۈچۈن بىر ياخشى بىر سودا پۇرسىتى دەپ قارىدى. ئۇياق - بۇياقتىن ئەھۋال ئۇقۇشقاندىن كېيىن، ئۇ يەردە سوغۇق ئىچىملىك سېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 100 فوندستېرلىڭ مەبلەغ كېتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە 20 فوندستېرلىڭ باشقۇرۇش ھەققى، سوغۇق ئىچىملىك سېتىش ئۈچۈن لازىملىق چوڭ ساندۇقنىڭ ئىجارىسىگە 40 فوندستېرلىڭ زاكالەت ھەققى ئېلىنىدىغانلىقىنى، ئېشىپ قالغان 40 فوندستېرلىڭغا بىر ساندۇق سوغۇق ئىچىملىك ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىگەللىدى.

ئەمما، يېنىدا بىر سىنتىمۇ قالمىغان داۋىس بۇ 100 فوندستېرلىڭنى نەدىنمۇ تاپالىسۇن؟ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، يار - يۆلەكسىز قالغان شۇ چاغلاردا، كوچىدىكى بىر گۆرۈخانىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. داۋىسنىڭ كاللىسىغا توساتتىن بىر ئەقىل كېلىپ گۆرۈخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

داۋىس پوكەي ئالدىغا كېلىپ، گۆرۈخانا خوجايىنىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مەن يۈرۈكۈمنى گۆرۈگە قويىمەن.

گۆرۈخانىنىڭ خوجايىنى بىر ياشانغان كىشى بولۇپ، گەپنى خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئالدىراشلىق بىلەن قايتۇرۇپ سوراپتۇ:

— نېمە دەۋاتىسىز؟

داۋىس ناھايىتى بىمالال ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

— مەن يۈرۈكۈمنى گۆرۈگە قويىمەن.

خوجايىن كۈلۈپ كېتىپ :

— سىز نېمانداق غەلىتە ئادەم، يۈرەكنى قانداقمۇ گۆرۈگە قويغىلى بولسۇن؟» — دەپتۇ.

— يۈرەكنى نېمىشقا گۆرۈگە قويغىلى بولمىغۇدەك؟ يەنە قانداق نەرسە يۈرەكتىنمۇ ئۆتە پۇلغا يارايدۇ؟

خوجايىن تۇرۇپلا قېلىپ، دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلەلمەپتۇ.

— مەن كۆپ بېرىڭ دەپ تۇرۇۋالمايمەن، پەقەت 100 فوندستېرلىڭ بولسىلا بولدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنى گۆرۈگە قويىمەن، مەن چوقۇم دەل ۋاقتىدا پۇل تۆلەپ ئۇنى قايتۇرۇپ كېتىمەن! — داۋىس قەتئىيلىك بىلەن شۇنداق دەپتۇ.

خوجايىنغا داۋىسنىڭ خىيالى قىزىقارلىق تۇيۇلۇپتۇ - دە، ئۇنى چاقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قائىدىنى بۇزۇپ داۋىسنىڭ «يۈرىكى» نى گۆرۈگە قويۇشىغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇ بىر پارچە ئاق قەغەز ئېلىپ، داۋىسقا سۇنۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قەغەزگە ئىسمىنى يېزىشنى، ئاندىن ئۈستىگە بىر «يۈرەك» نىڭ رەسىمىنى سىزىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ داۋىسقا 100 فوندسىرلىڭنى تەڭلەپ تۇرۇپ :

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىزنىڭ يۈرىكىڭىز بۇ يەردە قالدى، سەممىيىتىڭىزمۇ بۇ يەردە، ئەمما ئىشەنچىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىڭ، ئۇ سىزگە كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ، — دەپتۇ.

100 فوندستېرلىڭغا ئېرىشكەندىن كېيىن، داۋىس ئاخىر كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ ئالدىدا سوغۇق ئىچىملىك سا-

(ئاخىرى 104 - بەتتە)

# تۆھپىكار ئاپتورلىرىمىز



ئەشرەپ ئابدۇللا قۇتزات 1962 ـ يىلى تۇرپان ۋىلايىتى توقسۇن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ مەزكۇر مەكتەپتە قالغان. 2004 ـ يىلى دوتسېنتلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «فارابىشۇناسلىق، دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك تەتقىقاتى»، «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتى»، «قوچۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئېپىك ئەسەرلەر تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ژانىر تەتقىقاتى»، «سۆھبەتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. 2001 ـ ، 2002 ـ يىللىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ تولۇق كۇرس ۋە مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش لايىھەسى»نى، «كەسپىي ئوقۇتۇش لايىھەسى» نى تۈزۈشكە قاتناشقان، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك تەتقىقاتى»، «فارابىشۇناسلىق»، «قوچۇ ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ژانىر تەتقىقاتى»، «سۆھبەتشۇناسلىق» قاتارلىق دەرسلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى ئىشلىگەن. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىياتى» دەرسلىكىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قىسمى، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلە قوللانمىسى» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈشكە، «يېزىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تۈرىنى ۋە «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە، «دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن فوندى تەتقىقات تۈرى نەتىجىلىرىنى تونۇشتۇرۇش» ناملىق كىتابنى يېزىشقا قاتناشقان. ئۇنىڭ «ئەسىرلەر ئابىدىلىرى ـ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» ناملىق مەخسۇس تەتقىقات كىتابى دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا بېغىشلانغان نۇقتىلىق نەشر بۇيۇملىرى سۈپىتىدە نەشر قىلىنغان. «قۇتادغۇبىلىكتىكى يارقىن تەسەۋۋۇر، ئۈچ تۈۋرۈكلۈك ھاكىمىيەت باشقۇرۇش شەكلى»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر ئون چوڭ مەسىلە»، «تۇرپانشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە» قاتارلىق 100 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى»، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات»، «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە ـ قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ماقالىلىرى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن. بىر نەچچە پارچە شېئىرى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دە، تەرجىمە ماقالىلىرى «شىنجاڭ تارىخى ماتېرىياللىرى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان «ئەبۇ نەسىر فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسى»، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن. «ئا.ۋ. گابائىن سىنا ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسى»، «ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسى»، «خېۋىر تۆمۈر ئەپەندى ئەسەرلىرىنىڭ بىبلىئوگرافىيەسى» قاتارلىق بىبلىئوگرافىيەلەر ئېلان قىلىنغان. ئۇ 2010 ـ يىلى ئۈرۈمچى خەلق رادىيو ئىستانسىسى باھالاپ چىققان «100 تۆھپىكار» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىر نەچچە پارچە ماقالىسى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بىز ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە ئۇتۇق ۋە بەركەت تىلەيمىز.

www.uyghurkitap.com




# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى


国内统一刊号：CN65-1147/C
邮发代号：58-137
地址：乌鲁木齐市金银大道新闻大厦
8楼《新疆社科论坛》杂志社
邮政编码：830001
E-mail:munberim@sina.com
电话：(0991)8552273
定价：6.00元
印刷：新疆新华印刷厂

دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65_1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137_58
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن-كۈمۈش يولى ئاخباراتچىلار سارىيى
8_قەۋەت « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 0991_8552273
يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن
E_mail : munberim@sina.com
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋا ئۈرۈمچى زۇلفەر ئېلانچىلىق شىركىتىدە لايىھەلەندى

ژۇرنال نامىنى يازغۇچى: سۇلايمان ئىسمائىل خالى

ISSN 1673-1476


TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG